ئۈممەت قۇرۇلۇشى

# ئىسلام ئەخلاقى

مۇھەممەد ئەلى ئەمىن




ئوقۇغىن TM
ئوقۇغىن تەلىم-تەربىيە مەركىزى

ئىسلام ئەخلاقى

ئوقۇغىن تەلىم-تەربىيە مەركىزى

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئابلىكىم ھىدايەتۇللاھ



5$
ISBN 978-605-76895-4-2
9 786057 689542
SİYER YAYINLARI
www.siyerkitap.com
ئوقۇغىن TM

www.uyghurkitap.com

# ئىسلام ئەخلاقى

تەييارلىغۇچىلار:

مۇھەممەد ئەلى ئەمىن

ئەھمەد ئەمىن

ئابلىكىم ھىدايەتۇللاھ

ئوقۇغۇن تەلىم-تەربىيە مەركىزى

بسم الله الرحمن الرحيم

**Eser Adı**
İSLAM AHLAKI

**Yazar**
Muhammed Ali EMİN

**Editörler**
Ahmet EMİN
Abdulhekim HİDAYETULLAH

**Yayıma Hazırlayan**
ئوقۇغۇن تەلىم - تەربىيە مەركىزى
**OKUGİN EĞİTİM VE ÖĞRETİM MERKEZİ**

Kemalpaşa mahallesi, 1804.sk, No:3,
Sefaköy, Küçükçekmece, Istanbul
Tel: (0212) 598 28 96

**Baskı & Cilt**
GÜL MAT MATBAACILIK YAYINCILIK SAN. TİC. LTD. ŞTİ.
Maltepe mah. Fazlı Paşa cd. No:8/4 Topkapı-İstanbul
Tel: 0212 577 79 77
Sertifika No: 34712

**1. Baskı:** Ocak 2020

**ISBN** 978-605-7689-54-2

SİYER YAYINLARI
Bağlar Mh. 24. Sk. No: 10/A Güneşli Bağcılar/İstanbul
Tel & Fax: (0212) 544 76 96 – (0212) 544 58 46 • Gsm: (0554) 930 07 04
Sertifika No: 22574 www.siyerkitap.com | satıs@siyeryayinlari.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

❖ ئىنساپ........................................................ 1
❖ ئامانەت ........................................................ 13
❖ شەخسىيەتسىزلىك......................................... 25
❖ ياخشىلىق ..................................................... 37
❖ ئالدىرىماسلىق ............................................. 51
❖ ھەمكارلىق .................................................... 63
❖ كەمتەر بولۇش............................................... 75
❖ سېخىيلىق ۋە بېغىشلاش ............................ 85
❖ ياخشى ئويدا بولۇش ..................................... 93
❖ مۇلايىملىق ۋە سالماقلىق.......................... 111
❖ ھايا قىلىش ................................................. 121
❖ مېھرىبانلىق ............................................... 133
❖ كۆيۈنۈش.................................................... 145
❖ كەڭ قورساقلىق ........................................ 155
❖ قورقماسلىق.............................................. 163
❖ مىننەتدارلىق............................................. 175
❖ چىدامچانلىق.............................................. 185
❖ راستچىللىق .............................................. 195
❖ ئادالەت....................................................... 209
❖ ئىززەت ...................................................... 221
❖ ئىپپەت ...................................................... 229

❖ ئەپۇ قىلىش.................................................. 241
❖ دۇرۇس بولۇش.............................................. 255
❖ تەۋبە........................................................ 263
❖ گۈزەل ئۈلگە.............................................. 277
❖ ئىخلاس.................................................... 293
❖ قانائەت.................................................... 305
❖ ۋاپا........................................................... 315
❖ پاراسەت ۋە ھېكمەت................................... 329
❖ ئۈمىدۋارلىق.............................................. 341

www.uyghurkitap.com

# ئىنساپ

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

الحمد لله والصلاة والسلام على رسول الله وعلى آله وصحبه ومن والاه أما بعد:

ئىنساپ - ئۆزى ياخشى كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ يامان كۆرۈش بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ۋە سەلەف-سالىھلارنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدا ئەكس ئەتكەن.

**﴿وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَىٰ أَلَّا تَعْدِلُوا ۚ اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ﴾[1] «بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارنى يامان كۆرۈپ تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر».**

دىنىمىز ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەخلاق، ئىدىيولوگىيە ۋە نۇرغۇن نەزەرىيەۋىي مەنتىقىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەخلاق - ئىنساپ، راستچىللىق، سەمىمىيەت، ئامانەتدارلىق ۋە ئېپپەتلىك بولۇش... قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا ئىنساپ توغرىسىدا توختىلىشتىن بۇرۇن، ئەخلاق ھەققىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم.

[1] سۈرە مائىدە 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئەخلاق چۈشەنچىسى ئىپتىدائىي دوگما ھالەتتە سىڭىپ قالغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەخلاققا نىسبەتەن ئۆز ئالدىغا قاراشلىرى بار. ئەمەلىيەتتە ئەخلاق، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش ۋە زىيان سالماسلىق بىلەن تەرتىپلەنگەن تۇرمۇش ئادىتى ۋە ياشاش شەكلىدۇر.

بۈيۈك ئۆلىمالاردىن ئىبنى قەييىم (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) ئەخلاقنى تەرىپلەپ: «ئىمان دېمەك، ئەخلاق دېمەكتۇر. كىمنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە تۇرمۇش ئادىتى سىزنىڭكىدىن ياخشى بولسا، ئۇنىڭ ئىمانى سىزنىڭكىدىن كۈچلۈك بولغان بولىدۇ» دېگەن.




ۋەھىي كېلىش، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن كۈچلەندۈرۈلۈش، باتۇرلۇق قاتارلىق نۇرغۇن خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەر رەسۇلۇللاھتا جەملەنگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنى ماختىغان ۋاقىتتا: «سەن قەھرىمان، باتۇر...» دېمەستىن، بەلكى ئىنسىل مىجەزىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» دېگەن. يەنى، ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپلىگەن ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئىچىدىن، ئەخلاقنى ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تىلغا ئالغان.

[1] سۈرە قەلەم 4-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىمان ئېيتقان مۇئمىن بىلەن ئىمان ئېيتمىغان كاپىرنىڭ نورمال ياشاش ئۇسۇلىدا چوڭ پەرق يوق. ئەمما مۇئامىلە، ئېلىم-بېرىم، گەپ-سۆز ۋە باشقىلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيەسىدە پەرق بولىدۇ. دېمەك، بىر ئادەمنىڭ ئىمانىنى، شۇ ئادەمنىڭ ياشاش ئۇسلۇبى ۋە ئەخلاقىغا قاراپ ھېس قىلغىلى بولىدۇ.




ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ﴾[1] «ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى» دېگەن. باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىدىغان، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن زىيان سالىدىغان قوپال، باغرى تاش كىشى ھەرگىزمۇ ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. كىشىنىڭ ئىمانى باشقىلارغا كۆرسەتكەن ياخشى تەسىرى بىلەن بىلىنىدۇ.

ئىماننىڭ كۈچىيىشى، ئەخلاقنىڭ ياخشىلىنىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن: ئىمان ئېيتماي يىگىرمە-ئوتتۇز يىل ياشىغان بىر ئادەم، ئىسلامغا كىرىپمۇ بۇرۇنقى ھالىتىدىن ھېچ ئۆزگەرمىگەن بولسا، ئىمان ئېيتقىنىنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن!؟

ئىنسان كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ. سۆزلەش ئارقىلىق ئىنسانىنى ئۆزگەرتىش ياكى بىر نەرسىنى تەسىر قىلدۇرۇش ناھايىتى مۈشكۈل. بىر ئادەم

[1] سۈرە ئال ئىمران 159-ئايەت




مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ياشاپ، ئۇلارنىڭ راستچىل، ئىشەنچلىك ۋە ئۆزىنى پاك تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسە: «مۇسۇلمانلار ھەقىقەتەن ئېسىل كىشىلەر ئىكەن» دەپ، ئىسلامغا بولغان قىزىقىشى قوزغىلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ ئىپادىسىدۇر.

مۇئمىن ئوقۇغان قۇرئان قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئايلانسا، باشقىلار سۆزى ۋە ئىش-ھەرىكىتىدىن مەنپەئەت ئالىدىغان «تىرىك قۇرئان»غا ئايلىنىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ ھەققىدە سورالغاندا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى، مىجەز-خاراكتېرى ۋە ياشاش ئۇسۇلى قۇرئان بويىچە بولۇپ، ھەقىقىي «تىرىك قۇرئان»غا ئايلانغان ئىدى.

ئەخلاقنىڭ بىر تۈرى بولغان «ئىنساپ» ھەققىدە، ھىجرىيەنىڭ 600-يىللىرىدا ئۆتكەن كاتتا ئۆلىمالاردىن ئىمام مالىك ئەندەلۇسىي كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «زامانىمىزدا ئىنساپ بەك ئازلاپ كەتتى» دېگەن. ئىمام زەھەبى: «ئىنساپ بەك كەم تېپىلىدىغان بولۇپ قالدى» دېگەن سۆزنى كۆپ تەكرارلايتتى. ھالبۇكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، «ئىنساپ» تەكتىلەنمىسە بولمايدىغان مۇھىم تېمىغا ئايلاندى.

«ئۆزى قىلغاننى باشقىلارغا ياخشى كۆرۈش، ئۆزى قىلىشنى خالىمىغاننى باشقىلارغا يامان كۆرۈش» ئىنساپنىڭ ئىپادىسىدۇر. «مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






قانداق بىر ئىشنى قىلسام، باشقىلارمۇ شۇ ئىشنى قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. مەن قىلىشنى خالىمىسام، باشقىلارنىڭمۇ قىلماسلىق ھوقۇقى بار» دەپ قارىغىنىمدا، مەن ئىنساپلىق ئادەم ھېسابلىنىمەن. چۈنكى مەن ئۆزۈمگە راۋا كۆرگەننى باشقىلارغا راۋا كۆردۈم. ئۆزۈمگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمىدىم. ئەمما «بۇ ئىشنى مەن قىلسام بولىدۇ، سەن قىلساڭ بولمايدۇ. مەن قىلمايمەن، سەن قىل» دېيىش، ئايرىمىچىلىق ۋە ئۆزى بىلەن باشقىلارغا پەرقلىق ئۆلچەم قويۇش ھېسابلىنىدۇ.

## ئىنساپ ھەققىدىكى مىساللار

ئاللاھ تائالا ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشىنى ئوخشىمىغان خاراكتېر بىلەن يارىتىپ، ئەرگە بەرگەن ئالاھىدىلىكنى ئايالغا، ئايالغا بەرگەن ئالاھىدىلىكنى ئەرگە بەرمىدى. ۋەزىپە ۋە ئائىلىدىكى ئىش تەقسىماتى جەھەتتە بىر قىسىم پەرق بولغانلىقتىن، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئەركىشى ئايالغا زۇلۇم قىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ مەنبەسى، ئىنساپنىڭ ئاجىزلىششى ۋە ئائىلىدە ئورتاق بىر ئەندىزە قوللانماي ھەقسىزلىق قىلىشتۇر. ئىنساپسىزلىق تۆۋەنى ئائىلىمىزدىن تارتىپ، يۇقىرىسى خەلقئارالىق مەسىلىلەرگىچە بىرىپ تاقىلىدۇ. مەسىلەن: ئەر ئايالى ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئەيىبلىسە، ئايال سۈكۈتتە تۇرىدۇ. ئەمما كۈنلەر كېلىپ ئايال ئەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئاغزىغا ئېلىپ قالسا، ئەر تۇرالماي قالىدۇ. باشقىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئەيىبلەش خاتا بولسا، سەنمۇ ئەيىبلىمە، ئۇمۇ

ئەيىبلىمىسۇن. ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە بەش ئاساسىي دۆلەت ئەزا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ «ياق» دېيىشى بىلەنلا، نەچچە مىليون نوپۇسقا ئىگە بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئىنساپسىزلىق بىلەن قۇربان قىلىشنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ھەقسىزلىق ۋە ئايرىمچىلىق تۈگەپ، ئىنساپ ئومۇملاشمىغىنىدا، كىچىك بولغاندا زىددىيەتلەر، چوڭ بولغاندا ئۇرۇشلار توختىمايدۇ. مەسىلەن: كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ خىمىيەلىك قورال ياكى ئاتوم بومبىسى ياسىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆردۇق. «سەنمۇ ياسايسەنغۇ؟» دېيىلسە، «مەن ياسىسام بولىدۇ، لېكىن ئۇ ياسىسا بولمايدۇ» دەيدۇ. بۇ شەكىلدىكى ئۆزى ۋە باشقىلارغا ئايرىم ئۆلچەم قويۇش ئىنساپسىزلىق بولۇپ، بۇنداق قىلىش مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلالمايدۇ.




﴿وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَىٰ أَلَّا تَعْدِلُوا﴾[1] «بىرەر قوۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن» دېگەن ئايەتتە، «ئادالەتلىك بولۇڭلار» دېيىلمەستىن، «دۈشمەنلىكىڭ ئادالەتسىزلىككە سەۋەب بولمىسۇن» دېيىلگەن. قۇرئان دۈشمەنگە ئادالەتلىك بولۇشقا، رەقىبىگە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىغان

[1] سۈرە مائىدە 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە ﴿اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ﴾[1] «(دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (ئۇلارغا ئۆچ تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر» دەپ ئۆگەتكەن. ئايەت «ئاللاھنىڭ سەن بىلەن بىرگە بولۇشى، ئادالەتلىك بولغىنىڭغا مۇناسىۋەتلىك» دەۋاتىدۇ. چۈنكى ئايەتتە «ئادىل بولۇشۇڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر» دېيىلگەن بولۇپ، ئاللاھ تەقۋادارلارنى سۆيىدۇ، تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر.




پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن تۆۋەندىكى ۋەقەلىككە نەزەر تاشلايلى: خەيبەرنىڭ تۆپرىقى مۇنبەت بولۇپ، رەسۇلۇللاھ چىققان مەھسۇلاتنىڭ مەلۇم قىسمىنى مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن، يەھۇدىيلارنىڭ ئۇ يەردە يەر تېرىپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن كېلىشىم بويىچە ئېلىنىدىغان يەر بېجىنى ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن، ئابدۇللاھ بىن راۋاھەنى ئەۋەتكەن. بۇ ساھابە يەھۇدىيلارغا: «مەن




[1] سۈرە مائىدە 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىنىڭ قېشىدىن كەلدىم. سىلەر ماڭا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئادەملەر. سىلەرنى چوشقا ۋە مايمۇندىنمۇ بەك يامان كۆرىمەن. ئەمما خاتىرجەم بولۇڭلاركى! مەن بۇ سەۋەبلىك سىلەرگە زۇلۇم قىلمايمەن» دېگەندە، يەھۇدىيلار ئىنكاس بىلدۈرۈپ: «بۇ ئادالەت بىلەن ئاسمان-زېمىن بەرپا بولۇپ تۇرغان، مانا بۇ ئادالەت بىلەن سىلەر بىزنى يەڭگەن» دېگەن.

يەتمەكچى بولغان غايە-نىشان قانچىلىك بۈيۈك بولۇپ كەتسۇن، قوللانغان ۋاستە چوقۇم ئادىل بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغۋار ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن كېتىۋاتقان كىشىنىڭ قوللىنىۋاتقان ۋاستىسى يولسىز بولسا، بۇنى ئاللاھ تائالا قوللىمايدۇ. ئاللاھنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلغان كىشى ئىككىلى دۇنيادا مەغلۇبىيەتكە مەھكۇمدۇر.

«ئىنساپ» يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا: «مەسىلىلەرگە ئايرىپ قاراش» دېگەنلىك بولۇپ، بۇمۇ ئادىللىقنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى.




بىر مەسىلە بىلەن پۈتۈن مەسىلىلەرگە قارا-قويۇق ھۆكۈم چىقىرىۋېتىش، زامانىمىزدا ئىنتايىن ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر ئىش. مەسىلەن: نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ كېلىۋاتقان سالىھ بىر كىشى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، شۇ تۈپەيلى ئەيىبلىنىپ، پۈتۈن ياخشىلىقلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ. بۇ بىر ئىنساپسىزلىقتۇر.

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى



ھاتەب ئىبنى بەلتەئەنىڭ بالا-چاقىلىرى مەككىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، «باللىرىمغا ئىگە چىقارمىكىن» دېگەن ئۈمىدتە، مەككە مۇشرىكلىرىغا مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇن تارتىپ ماڭغانلىق خەۋىرىنى خەت ئارقىلىق يوللىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئادەم يوللاپ خەتنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمما رەسۇلۇللاھ: «ياق! بۇ بەدرگە قاتناشقان كىشى» دەپ ئۇنىمىغان. يەنى، ئۇنىڭ بىر خاتالىقى بىلەنلا بارلىق ئىشلىرى يوق قىلىنمىغان. مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قاراش ۋە ھەر مەسىلىگە ئۆز لايىقىدا ئىنساپ بىلەن ئورۇن بېرىش، ئىنتايىن مۇھىم قىممەت قاراشتۇر.

بىلىملىك، ئېسىل كىشىلەرنىڭمۇ (ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن) ئانچە-مۇنچە ئەيىبلىرى ۋە ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقلىرى بولىدۇ. ئەمما بۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى يوققا چىقىرىپ، نەزەردىن ساقىت قىلىش ۋە سەپتىن قالدۇرۇش ئىنساپسىزلىق ۋە ئەخلاققا زىت بىر ئىشتۇر. بۇ بىزدە ئومۇملىشىپ قالغان ئىللەتلەردىن بىرى بولۇپ، بۇنى تۈزەتمەي تۇرۇپ يۈكسەلمەيمىز.




ئىنساپنى ئائىلىدىن باشلاش ۋە بالىلارغا ئىنساپلىق بولۇشتا ئۈلگە بولۇش كېرەك. مەسىلەن: ئايال ياكى بالا-چاقىلىرى ئەر ئۆتكۈزگەن بىر خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەرگەندە، خاتالىقنى بويىنغا ئالماستىن، ئۆزىنىڭ

قىلغىنىنى توغرا دەپ تونۇۋالسا، ئىنساپسىزلىق قىلغان بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ شەكىلدە داۋاملىشىپ كېتىۋەرسە، ھامان بىر كۈنى بۇ خاتالىقتىن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان سەلبىي نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. ئادەتتە بالا دادىسىنى، ئايال ئېرىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئەر مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قاراپ، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بوينىغا ئېلىپ: «سىلەرنىڭ توغرا ئىكەن، مەن خاتالىشىپتىمەن» دېيەلىسە، ئائىلىدە گۈزەل ئۈلگە ياراتقان بولىدۇ. ئايال كىشىمۇ خاتالاشقاندا، بوينى قاتتىقلىق قىلماستىن: «خاتا قىلىپتىمەن، بۇندىن كېيىن ئۇنداق بولمايدۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن خاتالىقنى بوينىغا ئالسا، مەسىلە ئاسان ھەل بولىدۇ.

ھەركىم ئۆتكۈزگەن خاتالىقنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ بېرىلىشىنى قوبۇل قىلالىشى ۋە خاتالىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالالىشى كېرەك. قارشى پىكىر قوبۇل قىلىنمىغان ئائىلە، جەمئىيەت ياكى دۆلەتتە ئىنساپتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بىر ساھابە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن




بىر بالامغا سوۋغات بەردىم. سىلى بۇنىڭغا گۇۋاھ بولسىلا» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «يەنە بىر بالاڭغىمۇ بەردىڭمۇ؟» دېۋىدى. ئۇ كىشى: «ياق!» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ: «مەن زۇلۇمغا گۇۋاھلىق بەرمەيمەن»[1] دېدى. بىر

[1] رواه مسلم

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشى باللىرىغا كىچىككىنە ئىشلاردىمۇ باراۋەر شەكىلدە مۇئامىلە قىلالىسا، ئىنساپلىق بولغان بولىدۇ. بىر بالىسىغا نەرسە ئېلىپ بېرىپ يەنە بىرىگە ئېلىپ بەرمىگەن ياكى ئىمكانىيىتى يېتىپ تۇرۇپ، بىر بالىسىنى ياخشى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ يەنە بىرىنى ئوقۇتمىغان كىشى ئىنساپسىز ھېسابلىنىدۇ.

كىشىلەر: «ھەممىسىگە ئوخشاش شەكىلدە ئامراق بولغىلى بولمايدۇ، قەلبنى قانداقمۇ باشقۇرغىلى بولسۇن؟» دېيىشى مۇمكىن. توغرا، «بۇ بالامغا ئامراق بولغاندەك، يەنە بىر بالامغىمۇ ئامراق بولاي!» دەپ، قەلبنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى قەلبنىڭ كونتروللىقى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. قەلبتىكى سۆيگۈ پەرقلىق بولسىمۇ، مۇئامىلە ۋە سۆيگۈ ئىپادىلىرىدە ئوخشاش بولۇش كېرەك.

ئىنسان ئىنساپلىق بولغاندا، ھەممە ئۇنى سۆيىدۇ، ئېھتىرام قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ ياشايدۇ ۋە ئادىل دەپ قاراپ، گېپىنى ئاڭلايدۇ. ئەمما ئىنساپ يوقلىسىپ، باشقىلار ئۇنىڭدا ناھەقچىلىكنى ھېس قىلغان ھامان، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئاستا-ئاستا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە سۆزىنىڭ قىلچە ئېتىبارى بولمايدۇ. ئارىمىزدىكى زىددىيەتلەر ۋە بىر-بىرىمىزنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، بىزدىكى ئىنساپ ۋە ئادالەتنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى بۇ ئېسىل ئەخلاقتىن ئايرىمىسۇن! شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىمىزدا بىزلەرنى بۇ ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشكە نېسىپ قىلسۇن!



# ئامانەت

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، بىر ئانا سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرماقچى بولغاندا، قىزى خەلىپىنىڭ بۇنداق قىلىشتىن توسقانلىقىنى ئېيتىپ ئانىسىنى ئەسكەرتىدۇ. ئانا: «قىزىم، بۇ يەردە ئۆمەر يوق تۇرسا، بىزنىڭ سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرغىنىمىزنى نەدىن بىلسۇن؟» دېگەندە، قىز جاۋابەن: «ئۆمەر بولمىغان بىلەن، رەببى بار. ئۇ بىزنى ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەيدۇ. شۇ ئەسنادا ئەتراپنى كۆزىتىش ئۈچۈن چىققان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ ۋە كېيىن ئوغلى ئۈچۈن ئۇ قىزنى تەلەپ قىلىپ بارىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئامانەت زايە بولغان ۋاقىتتا، قىيامەتنى كۈتكىن»[1] دېگەن. چۈنكى ئامانەت يوقالغاندا، جەمئىيەتتە خاتىرجەملىكتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، بىز ئامانەت ھۆكۈم سۈرگەن بىر جەمئىيەت ۋە راستچىللىقنى ئۆزگە مىزان قىلغان كىشىلەر توپى ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنداق بولغاندىلا ئاللاھ تائالا بىزگە رەھمەت قىلىدۇ ۋە بىزدىن رازى بولىدۇ.




---

[1] رواه البخاري




ئامانەت ھەققىدە ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنسَانُ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى)دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى» دېگەن.

ئىنسان ھېچنەرسە بىلمەيدىغان ھالەتتە تۇغۇلۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ ۋە ئەقلى بىلەن باشقا مەخلۇقاتلارنى بويسۇندۇرالايدۇ. ئىنساندىكى بۇ ئالاھىدىلىك، ئۈستىگە ئامانەت يۈكلەنگەنلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن. ئەمما ھايۋانلار بېكىتىلگەن مەلۇم پروگراممىلا بىلەن تۇغۇلۇپ، شۇ ئاساستا ياشايدۇ.

سۈرە «جاسىيە»دە، ئىنسانغا يۈكلەنگەن ئامانەتنىڭ ئېغىرلىقى ۋە شۇنىڭغا يارىشا بېرىلگەن ئىمكانىيەتلەرنىڭ زورلۇقى تىلغا ئېلىنىپ: ﴿وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مِّنْهُ﴾[2] «ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى» دېيىلگەن. بۇ زور ئىمكانىيەت ۋە ئەقىل-ئىدراك ئىنسانغا بىكارغا بېرىلمىگەن. خۇددى بىر ۋەزىپە ئۈچۈن مال-دۇنيا ۋە ھوقۇق-ئىمتىيازلار قاتارلىق بارلىق ئىمكانىيەتلەر تەمىنلەنگەن

---

[1] سۈرە ئەھزاب 72-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] سۈرە جاسىيە 13-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىسا، ئەيىبلىنىپ جازاغا دۇچار بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنسان ئۆزىدە شۇنچە ئىمكانىيەتلەر تۇرۇپ، يۈكلەنگەن ئامانەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، مەسئۇلىيىتى سورىلىدۇ.

ئىنسان ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە مۇشۇ ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن ئاللاھقا ئىشىنىشى ۋە تەشەككۈر بىلدۈرۈشى كېرەك. ئاندىن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، ئۇنى ئادا قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇلارنى قىلالىسا، ئەڭ ئاخىرقى نىشانىغا يېتەلەيدۇ ۋە ۋەزىپىنى جايىدا ئىجرا قىلغان بولىدۇ. ئەكسىچە، بېرىلگەن ئىمكانىيەتلەرنى بىھۇدە دەپ ئويلاپ، ۋەزىپىگە سەل قارىسا، ئېغىر زىيان تارتىدۇ. بۇ ھەقتە: ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا * وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا﴾[1] «روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى-پۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ» دېيىلگەن.




ئاللاھ تائالا ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىش جەھەتتىن، ئىنسانلارنى: ﴿فَأَمَّا مَنْ أَعْطَىٰ وَاتَّقَىٰ * وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَىٰ﴾[2] «(پۇل-مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان» ۋە ﴿وَأَمَّا مَن بَخِلَ وَاسْتَغْنَىٰ * وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَىٰ﴾[3]

[1] شەمس سۈرىسى 10، 11-ئايەت
[2] سۈرە لەيل 5، 6-ئايەت
[3] سۈرە لەيل 8، 9-ئايەت

«بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدى.




بىرىنچى تۈرلۈك ئىنسان: يۈكلەنگەن ئامانەتنى تونىغان ۋە دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى بىر ئىمتىھان مەيدانى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىنساندۇر. ئۇ ھاياتىنى ئۈستىگە ئالغان ئامانەتنى ئۆچۈن ئاتايدۇ ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە دۇنيالىق بىر نەرسە تاما قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نىشانى، ۋەزىپە تۈگىگەندىن كېيىن، ئىمتىھان مەيداندىن چىقىپ، نەتىجىنى قولغا ئېلىشتۇر.

ئىككىنچى تۈرلۈك ئىنسان: ئۈستىگە چۈشكەن ئامانەتنى تونىمىغان، ياكى تونىغان تەقدىردىمۇ ئادا قىلمىغان، دۇنيا ھاياتىنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ۋاقتى، تۇرغان جايىنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى دەپ ئويلىغان، ئامانەتنىڭ سوئال-سورىقى بولىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارغان ياكى ئېتىراپ قىلمىغان ئىنساندۇر.

بىرىنچى تۈردىكىلەرنى پەيغەمبەرلەر توپى، ئىككىنچىسىنى زالىملار توپى دېيىشكە بولىدۇ. زالىملار بەلكىم ئىنسانلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالىشى مۇمكىن، ئەمما پەيغەمبەرلەر قەلبلەرنى ئىگىلەيدۇ. پەيغەمبەرلەر توپى كىشىلەر ئۈچۈن ياشىسا، زالىملار توپى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياشىشىنى خالايدۇ. ئىنسانلار شەرتسىز ھالدا مۇشۇ ئىككى توپنىڭ بىرىگە تەۋە بولىدۇ. يەنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن

www.uyghurkitap.com



بولۇپ، دىنى، مىللىتى ۋە جەمئىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنىدىن سۆيۈنىدىغان كىشى بولىدۇ ياكى باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ، چۆنتىكىنى توشقۇزۇش بىلەن سۆيۈنىدىغان كىشى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا: «ئاسمان-زېمىن بۇ ئامانەتنى ئېلىشتىن قورقتى، ئەمما ئىنسان ئالدى» دەپ بولغاندىن كېيىن، ئىنساننى ﴿إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا﴾[1] «ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر» دەپ سۈپەتلىدى. بۇ ئىنساننىڭ شۇ ئامانەتكە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە قىلغان ئىشلىرىغا قارىتا بېرىلگەن ھۆكۈمدۇر. ئامانەتنى ئۆز ھەققى بىلەن ئادا قىلغان ئىنسان، ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار قاتارىدىن بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامانەتنى ئۇنتۇپ، ھەۋەس ۋە ھېسسىياتلىرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ، ئۆزىگە قانداق ۋەزىپە يۈكلەنگەنلىكىنى، بۇ ئىمكانىيەتلەرنىڭ ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنى بىلمىگەن ئىنسان، نادان ھېسابلىنىدۇ.




مانا بۇ، ئىنساننىڭ قىيامەت كۈنى ھايۋانلارنىڭ سوئال-سوراقلىرى تۈگىگەندىن كېيىن تۇپراققا ئايلانغىنىنى كۆرگەن ۋاقتىدا: ﴿يَا لَيْتَنِي كُنتُ تُرَابًا﴾[2] «كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتسەمچۇ!» دەپ، ئۆزىنىڭ تۇپراق

[1] سۈرە ئەھزاب 72-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە نەبە 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

بولـــۇپ كېتىشـــىنى ئۈمىـــد قىلىـــدىغان ئەھۋالنىـــڭ تەســـۋىرى. چـــۈنكى ئىنسانىنىڭ ئۇ ۋاقىتتا ھايۋانچىلىكمۇ قەدىر-قىممىتى بولمايدۇ.

ئـــاللاھ پۈتـــۈن مەخلۇقاتلارنىـــڭ ياراتقۇچىســـى بولغـــانلىقى ئۈچـــۈن، يـــارىتىلىش نۇقتىســـىدىن پۈتـــۈن جـــانلىقلار ئاللاھقـــا نىســـبەتەن ئوخشـــاش. ئىنســـان ئامـــانەتنى ئېلىـــپ جايىـــدا ئـــادا قىلالىغانـــدىلا، ئانـــدىن باشـــقا مەخلۇقـــاتلاردىن ھۆرمەتلىـــك بولالايـــدۇ. مەســـىلەن، بىـــر كارخـــانىچى بىـــر نەچـــچە بـــالىلىرىنى ئالـــدىغا چاقىرىـــپ: «قايســـىڭلار چەتئەلـــدە ئوقـــۇپ دوكتورلـــۇق يـــاكى باشـــقا چـــوڭ ئۇنۋانـــدىن بىرنـــى ئېلىـــپ كەلســـەڭلار، كارخانامنىـــڭ يېرىمىنـــى شـــۇنىڭغا بېـــرىمەن» دېگەنـــدە، بالىلىرىنىـــڭ ئىچىـــدىن ئـــۆزىگە ئىشـــەنچ قىلالىغـــان بىـــرى «مەن بـــارىمەن» دەپ ئوتتۇرىغـــا چىقســـا، قالغـــان قېرىنداشـــلىرى قېلىـــپ، ئـــۆز ھايـــاتىنى بـــۇرۇنقى شـــەكىلدە داۋاملاشـــتۇرىدۇ. ئەممـــا ئوتتۇرىغـــا چىققـــان بالىنىـــڭ كەلگۈســـى، يـــۈكلەنگەن ۋەزىپىنـــى دادىســـى تەلەپ قىلغـــان شـــەكىلدە ئـــادا قىلالايـــدىغان يـــاكى قىلالمايـدىغانلىقىغا بـاغلىق بولـۇپ قالـدۇ. يەنـى، ئـۇ بـالا چەتـئەلگە چىقىـپ: «دادام مېنـــى بىلىـــم ئېلىـــپ كېلىشـــكە ئەۋەتتـــى. مەن چوقـــۇم دادام مەنـــدىن تەلەپ قىلغـــان ۋەزىپىنـــى ئـــادا قىلمىســـام بولمايـــدۇ» دەپ، ۋەزىپىســـىنى تەلەپ بـــويىچە ئـــادا قىلىـــپ قايتىـــپ كەلســـە، باشـــقا قېرىنداشـــلىرىدىن ھۆرمەتلىـــك بىـــر ھاياتقـــا ئېرىشـــىدۇ. ئەگەر ئـــۇ يەرگە بېرىـــپ، ئويـــۇن-تاماشـاغا بېرىلىـپ، ۋەزىپىسـىنى ئـادا قىلمـاي يېنىـپ كەلسـە، ئوقۇشـقا بارمـاي قېلىپ قالغان قېرىنداشلىرىچىلىك ھۆرمەتكىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

**ئامانەتنىڭ تۈرلىرى:**

ئـــــاللاھ تائـــــالا: ﴿إِنَّ اللَّـهَ يَأْمُـرُكُمْ أَن تُـؤَدُّوا الْأَمَـانَاتِ إِلَىٰ أَهْلِهَـا﴾[1] «شۈبھىســـزكى، ئـــاللاھ ســـىلەرنى ئامـــانەتلەرنى ئىگىســـىگە قايتۇرۇشـــقا

[1] سۈرە نىسا 58-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




ئايالىڭىز ئۈستىڭىزدىكى ئامانەتتۇر، رەببىنى تونۇتتىڭىزمۇ؟

بۇيرۇيدۇ» دېگەن. ئامانەت بۇ ئايەتتە "أَمَانَات" «ئامانەتلەر» دەپ كۆپلۈك شەكىلدە كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى ئىنسان ھاياتىدىكى ئامانەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: ئىنساننىڭ ئۆيىدىكى ئايالى ئامانەت. ئۇنىڭغا رەببىنى تونۇتتىمۇ، رەببىگە ئىتائەت قىلىشقا ياردەم بەردىمۇ، يۈرۈش-تۇرۇشىنى تۈزىدىمۇ، نەسىھەت قىلدىمۇ، ھەققىنى ئادا قىلدىمۇ، ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى ئايالىدىن چىرايلىقچە تەلەپ قىلدىمۇ؟

بالىلىرى ئامانەت. ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىدىمۇ، پەرۋەردىگارىنى تونۇتتىمۇ ياكى دۇنيالىقىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئوقۇش نەتىجىسى ۋە تاپقان پۇلىنىلا ئويلىدىمۇ ياكى ھېچ ئىش قىلماستىن بالىلىرىنى زايە قىلىۋەتتىمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى كىشىلەرنى زايە قىلىۋېتىشى، يېتەرلىك جىنايەت»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئۆزىنىڭ ئامانىتى بولغان ئائىلىسىنىڭ


ئوقۇغۇچىلار ئۇستازنىڭ ئۈستىدىكى ئامانەتتۇر

[1] أبو داود عن عبد الله بن عمرو

يــېمەك-ئىچــمەك ۋە كــيىم-كېچەكلىرىنــى قىلــپ بېرىــپ، مەنىــۋىيىتى ۋە روھىيىتىنى زايە قىلىۋېتىش تېخىمۇ ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

ئوقۇتقۇچىغــا نىســبەتەن ئوقۇغــۇچىلار ئامــانەت. بــالىلارنى ســاغلام شــەكىلدە تەربىيەلــەيدىغۇ، ئۇلارنىــڭ ھازىرلاشــقا تېگىشــلىك ئىقتىــدارلارنى ھازىرلىشــىغا يــاردەم بەرىدىــغۇ، ئىمتىھــاننى جايىــدا ئېلىــپ، خاتــالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرىدىغۇ؟

دوختۇرغــا نىســبەتەن كېســەل ئامــانەت. دوختــۇر كېســەلگە كۆيۈنــۈپ، كېســىلىگە داۋا بولۇشــى ئۈچــۈن دورا يــازىدىغۇ يــاكى ئــۆزىگە چــاي پــۇلى چىقىرىش ئۈچۈن كېلىشىۋالغان مەلۇم دورىخانىلارغا يازىدىغۇ؟

ئىنژېنېرغــا نىســبەتەن ســېلىۋاتقان ئىمــارەتلىرى ئامــانەت. ئىمــارەتنى تۇرغۇچىلارنىــڭ ھاياتىغــا كاپالەتلىــك قىلغــۇدەك دەرىجىــدە ســاغلام ســالىدىغۇ يــاكى تــۆت تەڭگىنىــڭ كەيــنىگە كىرىــپ ماتېرىيــال ســۈپىتىگە كــۆز يۇمــۇپ، بىنانىڭ ساغلام پۇتۇشىگە خىيانەت قىلىدىغۇ؟

ئاشــــخانىنىڭ خوجايىنىغــــا نىســــبەتەن خېرىــــدارلارنىڭ گېلىنىــــڭ پــاكىزلىقى ئامــانەت. يــېمەكلىكىگە ھــالال ۋە پــاكىز گــۆش-مــاي ئىشــلەتتىمۇ، ئاشخانا ۋە تاماقنىڭ پاكىزلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىمۇ؟

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســســالام: «ئامــانەت يــوق كىشــىدە ئىمــان يــوق»[1] دېــيىش ئــارقىلىق، ئامــانەتنى بــۇ قەدەر بۈيــۈك شــەكىلدە تەســۋىرلىگەن. چــۈنكى ئامانەتنىــڭ يۈكىرىســى ئىنســاننىڭ دىنىــي ۋەزىپىنــى ئــادا قىلىشــى بولســا، تــۆۋىنى ئــازغىنە ئىقتىســادىي مۇئــامىلىگىمۇ ســەل قارىماســلىقتۇر. ئامــانەتنى بــۇ قەدەر ئومۇملاشــتۇرۇش، بەزى كىشــىلەرگە بېســىم كەلتــۈرۈپ قويۇشــى مــۇمكىن، ئەممــا شــەرىئەت ئامــانەت قىلغــان ئىشــلارنىڭ ھەممىســى

[1] رواه أحمد

www.uyghurkitap.com



ئىنسانىنىڭ ساغلام تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بولغاچقا، ھېچقانداق بېسىم كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان ساغلام تەبىئىتى بويىچە ئامانەتكە ئىگە بولۇپ ماڭغىنىدا، قەلبى راھەتلىنىدۇ.




تاماكا چېكىدىغان ياكى باشقا بىر خاتا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، ئۆزى قىلىۋاتقان خاتالىقنى باللىرىنىڭ قىلىشىنى خالىمايدۇ. بۇ قىلىۋاتقان خاتالىقنىڭ تەبىئەتكە زىت كەلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. نورمال ئەھۋالدا يامان ئىش قىلغان ئادەم راھەتسىزلىنىدۇ، ئەمما ياخشى ئىش قىلغان ئادەم ھۇزۇرلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە: ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا ۚ فِطْرَتَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا﴾[1] «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلامغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ تەبىئەت بىلەن ياراتقان» دېگەن.

ئاللاھ تائالا: «دىن بويىچە ماڭغىن» دېگەندىن كېيىن، «بۇ دىن ئەسلى ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدۇ، ئاللاھ ئىنسانىنى شۇ خىل تەبىئەتتە ياراتقان» دەۋاتىدۇ. دېمەك، ئىنسان ھايات يولىدا ئامانەتدارلىق بىلەن ماڭسا، ئۆز تەبىئىتى بىلەن ماڭغان بولىدۇ-دە، ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿حَبَّبَ إِلَيْكُمُ الْإِيمَانَ وَزَيَّنَهُ فِي قُلُوبِكُمْ وَكَرَّهَ إِلَيْكُمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ﴾[2] «ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن

[1] سۈرە رۇم 30-ئايەت
[2] سۈرە ھۇجۇرات 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى» دېگەن.

ئىنسان ئامانەتدارلىق قىلىپ ۋە باشقىلارنىڭ ئىشەنچ قىلغان يېرىدىن چىقىپ، ھەرگىز زىيان تارتقان ئەمەس. مەسىلەن: بىر تاكسى شوپۇرى ماشىنىسىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىدا بىر خالتا كۆرگەن ۋە بۇنى دەسلەپتە ئەخلەت خالتىسى دەپ ئويلىغان (چۈنكى تاكسىغا چىققانلار ئەخلەتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بار). كېيىن ئۇنىڭ زور سوممىدىكى نەق پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ، پۇلنىڭ ئىگىسىنى تۆت كۈن ئىزدىگەن ۋە ئاخىرى تاپقان. پۇلنىڭ ئىگىسى بۇنىڭغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۇ كىشىگە ئىسىل ماشىنىدىن بىرنى سوۋغا قىلغان ۋە قالغان پۇللىرىنى ئېلىپ كەتكەن. دېمەك، بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ئېھسانى بەدىلىگە ھالال يول بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.




ۋاشىنگتوندىكى بىر مۇسۇلمان تاكسى شوپۇرى، ماشىنىسىدا قېلىپ قالغان ئون مىڭ دوللار ئەتراپىدىكى پۇلنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ يەتكۈزۈپ بەرگەن. ساقچى مەلۇم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ: «ئەگەر سىلەر ئون مىڭ دوللار سېلىنغان خالتىدىن بىرنى تېپىۋالساڭلار قانداق قىلىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، كۆپ ساندىكىلەر: «خەجلىۋېتىمەن» دەپ ئىنكاس

www.uyghurkitap.com



بىلدۈرگەن. شۇ ۋاقىتتا ساقچى: «بىر مۇسۇلمان شوپۇر ئون مىڭ دوللار تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى» دېگەن.




بۈگۈنكى مېدىيالاردا، ئارىمىزدىن بىرى ئەخلاقسىزلىق ياكى ئۆلتۈرۈش، ئالدامچىلىق ۋە ئوغرىلىققا ئوخشاش ئەخلاققا زىت ئىشتىن بىرنى سادىر قىلسا، ئۇ شەخسىي گۇناھ ھېسابلانماستىن، بارماقنىڭ ئۇچى ئۇدۇل بىز تەۋە بولغان دىن ۋە مىللەتكە قارىتىلىپ: «ماۋۇ مۇسۇلمان مۇنداق قىلدى» دەپ خەۋەر قىلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر گۈزەل ئەخلاقنى ئوتتۇرىغا چىقارغىنىمىز، پۈتۈن كىشىلەرنى دەۋەت قىلغانلىقىمىز بولىدۇ. ئەخلاققا زىت ئىشتىن بىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، جىنايەت ئۆتكۈزگىنىمىز بولسا، ئەتراپىتىكى دىنسىزلار ياكى ئۆزى مۇسۇلمان بولسىمۇ دىنغا كۆڭۈل بۆلمەي، پاسىقلىق بىلەن ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ تۇتقان يولىغا قانائەت قىلىشىغا ياردەم بەرگىنىمىز بولىدۇ. ئۇلار قاچانكى بىزدىكى بىر ناچار ئىشنى كۆرسە، شۇ ھامان: «ئۆزىنى تەقۋادار، دىندار دەۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ!» دەپ، ئۆز ئەھۋالىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان بىر ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىز ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرمەسلىكىگە سەۋەب بولغان ۋە قۇرئاندىكى ئاللاھ بىزگە ئۆگەتكەن: ﴿رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلَّذِينَ كَفَرُوا﴾[1] «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى كاپىرلار ئۈچۈن پىتنە قىلمىسىلا» دېگەن دۇئانىڭ ئەكسى بويىچە

[1] سۈرە مۇمتەھىنە 5-ئايەت

ئىش قىلغان بولىمىز. يەنى، بىز ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان ساناپ، باشقىلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى توسقان بولىمىز.

ئىسلامغا ئىككىلىنىش ياكى ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان، ئۆزىنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن زىننەتلىسە، باشقىلارغا دەۋەت ۋە كىتابلاردىن بەكرەك تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ «ئىسلام چىگراسى»نى كېڭەيتىش ياكى تارايتىشىمىز، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن زىننەتلىنىش ۋە ئەمەلىيىتىمىزدە ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك.

ئاللاھ ھەممىيلەننى يۇقىرىسى دىن ئامانىتىدىن، تۆۋىنى ئاددىي ئىقتىسادىي ئامانەتلەرگىچە ۋاپا قىلغىلى نېسىپ قىلسۇن! ئىسلامىي ئەخلاقلارنى ۋۇجۇدىمىزغا سىڭدۈرسۇن!

www.uyghurkitap.com

# شەخسىيەتسىزلىك

شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق «باشقىلارنى بىرىنچى ئورۇنغا، ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش» بولۇپ، بۇ ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا مەدىنىدىكى مۆئمىن جەمئىيىتىنى تەسۋىرلەپ: ﴿وَالَّذِينَ تَبَوَّءُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِن قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِّمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَىٰ أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾[1] «ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار)، يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» دېگەن.

مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا، بىر بۆلۈك ساھابىلەر ئاچ-يالىڭاچ، ئۆي-ماكانسىز، يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. مەدىنىنىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى مۇھاجىرلار كېلىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئورۇن ھازىرلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن، تۇنجى قەدەمدە مۇھاجىرلارنى شۇ يەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولغان مەدىنە مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش

[1] سۈرە ھەشر 9-ئايەت

قىلغان ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەتتە مېھىر-مۇھەببەت شەكىللەنگەن.

ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئەھۋالى، ھازىر بىزنىڭ ئۆز يۇرتىمىزدىن ياقا-يۇرتلارغا ھىجرەت قىلىپ چىققان ھالىتىمىزگە ئاساسەن ئوخشايتتى. مەدىنە مۇسۇلمانلىرى ئۆز شەھىرىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن مال-مۈلۈك، ئىلىكىدە بولغان ئىمكانىيەت ۋە شارائىتلىرىنى ئورتاقلاشقان. گەرچە ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە ئېھتىياجى بولسىمۇ، ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇندا، مۇھاجىرلارنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. بۇ ئىسلام تارىخىدا يارىتىلغان بىر جەمئىيەت ئۆرنىكى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدىكى شۇ جەمئىيەتتىن باشقا ھېچقانداق بىر جەمئىيەتتە بۇ خىل ئەھۋال تېپىلىپ باققان ئەمەس ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ھەم تېپىلماسلىقى مۇمكىن.

**﴿وَيُؤْثِرُونَ عَلَىٰ أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ﴾ «ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ».** ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىي ئەخلاقى، ھەرقانداق ھالەتتە باشقىلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى، ھۇزۇرى ۋە شەخسىي ئىشلىرىنى ئىككىنچى ئورۇندا قويىدۇ.




ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇندا قويۇش: «ئاللاھنىڭ تەلىماتى ئالدىدا» ۋە «بەندىنىڭ ھەق-ھوقۇقى ئالدىدا» دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئاللاھنىڭ تەلىماتى، تاپشۇرغان ۋەزىپىسى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رازىلىقىنى بىرىنچى، ئۆزىنىڭ ھەق-ھوقۇق ۋە مەنپەئەتىنى ئىككىنچى ئورۇندا قويۇش كېرەك.




ئاللاھ تائالا كىچىنى بەندە ئۈچۈن ھۇزۇرلۇق قىلىپ بەرگەن. مۇئەززىن بامدات نامازغا ئەزان ئېيتقاندا، بىز ھۇزۇرلىنىۋاتقان تاتلىق ئۇيقۇمىز بىلەن ئاللاھنىڭ چاقىرىقى ئارىسىدا تاللاشتا قالىمىز. مۇشۇ ۋاقىتتا ھۇزۇرنى ئىككىنچى ئورۇندا قويۇپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى بىرىنچى ئورۇندا قويامدۇق ياكى ھۇزۇرىمىزنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كەينىگە چۆرۈۋېتەمدۇق؟

يوتقاننى چۆرۈپ تاشلاپ، تاھارەت ئېلىپ، بامدات نامىزىغا چىقساق، نەپسىمىزنى ئىككىنچى ئورۇندا قويۇپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان بولىمىز. ئەكسىچە، ئىسسىق يوتقاندىن چىققۇمىز كەلمەي تاتلىق ئۇيقۇمىزنى داۋام قىلىۋەرگەن بولساق، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھۇزۇرىمىزنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋالغان بولىمىز.

بەزى ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھايات-ماماتلىق خەتەرنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قايرىپ قويۇپ، باشقىلارغا ياردەم قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: كىچىك بالىدىن بىرسى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنى كۆرگەن بىر ئادەم ئۆزىنىڭمۇ ئېقىپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، كىچىك بالىنى

قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەھرىمانلىق بىلەن ئۆستەڭگە سەكرەيدۇ ۋە بالىنى قۇتقۇزىدۇ. شۇنچە خەتەرلىك ئۆستەڭگە سەكرەپ چۈشۈپ بالىنى قۇتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئادەمدىكى ھۇزۇر ۋە خۇشاللىق چەكسىز بولىدۇ.

بىر كىشى داۋاملىق ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىپ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلسا، كىشىلەر ئۇنى «مەرد، ئېسىل، شەخسىيەتسىز ئادەم» دېيىشىدۇ. ئىنسان بۇ شەكىلدە ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇندا قويۇپ ياشىسا، ئۆرلىسە ئۆرلەيدۇكى، ھەرگىز تۆۋەنلىمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ ئۆز نەپسى بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئوتتۇرىسىدىكى تاللاش مەسىلىسىنى ئېيتىپ: ﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّىٰ يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾[1] «ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن




قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت

[1] سۈرە تەۋبە 24-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com



قىلمايدۇ» دېگەن. ئاللاھنىڭ يولى، يوكلىگەن ۋەزىپىلىرى ۋە كۆرسەتمە-تەلىماتلىرى ئۆز مەنپەئەتلىرى بىلەن زىت كېلىپ قالغاندا، نەپسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ئۆز مەنپەئەتىگە يۈگۈرۈش، ئازابقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئالدىمىزدا داڭلىق ماركىلىق بىر ماشىنىنىڭ تونۇشتۇرۇش كىتابى بار. ئۇنىڭدا ماشىنىنىڭ ئىچى-تېشىنىڭ سۈرەتلىرى، ماشىنىغا بېكىتىلگەن ھەرخىل سىستېما ۋە نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر يېزىلغان. بۇ كىتابتىكى سۈرەت ۋە چۈشەندۈرۈشلەرگە قارىساق، ئۇ ماشىنىنى ھەيدىگەن ئادەمگە ناھايىتى ھۇزۇر بېرىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما ماشىنىنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن تولغان بۇ بىر پارچە كىتابنى ۋاراقلاپ كۆرۈش بىلەن، ماشىنىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ھەيدىگەنىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگىلى بولامدۇ؟




ئىمان ئەينەن شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. خۇددى ماشىنىنىڭ ئىچكى-تاشقى پۈتۈن مەلۇماتلىرىدىن خەۋەر تاپساقمۇ ھۇزۇرىنى سۈرەلمىگەندەك، ئىمان ۋە دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى ھەر قانچە چۈشەنسەكمۇ، ئىماننىڭ تەلىپىنى ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىقلىمىساق، ئىماننىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلمەيمىز.

«كىمدە ئۈچ ئىش تېپىلسا، ئىماننىڭ ھۇزۇرىنى تېتىيالايدۇ...»[1] دېگەن ھەدىستە، ئىماننىڭمۇ ھۇزۇرى ۋە تەمى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىغان كىشى، ئەسلا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ساھابىلەر ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغانلىقى ئۈچۈن، كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيتتى، كۈندۈزى باتۇر چەۋەندازلارغا ئايلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئىمان تۈرتكىسىدە ئېلىپ بارغان فەتھلىرى، شەرقتە ختايدىن غەربتە پارىژنىڭ چېگراسىغىچە كېڭەيگەن. ئۇلارنى شۇ قەدەر تىرىشچان ۋە جەڭگىۋار قىلغىنى، باشقا بىر نەرسە بولماستىن، بەلكى ئىماننىڭ تەمىدۇر.




ئەگەر ئىمان ئېيتىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمىغان ئىشلار بىلەن ئۆزىمىزنى مەشغۇل قىلساق، ئىسلامنى ئاۋۋال ۋۇجۇدىمىزدا، ئاندىن ئائىلە ۋە خىزمەت ھاياتىمىزدا بەرپا قىلالمىساق، ئىسلام بىلەن بولغان ئالاقىمىز پەقەت «شەكلىي ئالاقە» بولۇپ قالىدۇ. بۇ «شەكلىي ئالاقە» سەۋەبىدىن بىز «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما قۇرئاندا تەرىپلەنگەن ۋە ساھابىلەر ھېس قىلغان ئىماننىڭ لەززىتىنى ئەسلا تېتىيالمايمىز.

ئىماننىڭ ھالاۋىتى ئىنساننى مەڭگۈ قىرىمايدىغان جۇشقۇنلۇق ئىچىدە ياشىتىدۇ. بۈيۈك ئارزۇ-نىشانى بار ئادەم مەڭگۈ قىرىمايدىغان جۇشقۇن روھقا ئىگە بولىدۇ. نىشانى پەقەتلا پۇل بولغان كىشىگە،

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

www.uyghurkitap.com



دادىسىدىن ئۇرغۇن مال-دۇنيا مىراس قالسا، ھاياتتا نىشان قىلغۇدەك نېمىسى قالىدۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇ كىشى ئارزۇ-نىشانغا يېتىپ، يولنى داۋاملاشتۇرىدىغان جۇشقۇنلۇقنى يوقىتىدۇ. ئەمما نىشان ئاللاھنىڭ رازىلىقى، قىيامەت ۋە ئاخىرەت بولىدىكەن، ئۇ كىشى يۈزگە كىرگەن تەقدىردىمۇ، نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ياش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ ھالاۋىتى روھنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپ، نىشانغا يېتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.




ئىمان ھالاۋىتىنى تېتىش ۋە ھوزۇرىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى، باشقا بارچە نەرسىلەردىن سۆيۈملۈك بولۇشى كېرەك. ئىشىمىز ئوڭ كېلىپ، تىجارىتىمىز يۈرۈشسە ۋە ھەممىسى بىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرسە، تەبئىيكى بىز: «ئاللاھنى ۋە دىننى سۆيىمىز» دەپ دەۋا قىلالايمىز. ئەمما ھەقىقىي ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ ئىپادىسى - پۈتۈن شارائىتلار ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ يولىغا قارشى كەلگەن ۋاقىتتا ئەكس ئېتىدۇ. كىشى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ يولىدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسى، ھاياتى ۋە مال-مۈلكىدىن ئايرىلىش توغرا كەلسە، ھېچ ئىككىلەنمىسە، دۇنيالىقتىكى مەنپەئەتلەرنى ئىككىنچى ئورۇندا قويۇپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ رازىلىقى، تەلىماتى ۋە يولىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويالىسا، ئىمان ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، ھوزۇر-ھالاۋىتىنى ھېس قىلدۇرالىغان بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر ئادەم كىشىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇش ۋە ئۇلارنى رازى قىلالماسلىقتىن ئەنسىرىمەستىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىسە، ئاللاھ ئۇ ئادەمدىن رازى بولىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئۇ ئادەمدىن رازى قىلىدۇ»[1] دېگەن.

كىمكى ئاللاھنىڭ غەزەپ قىلىشىغا پەرۋا قىلماستىن، ئىنسانلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىسە ۋە ئىنسانلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ نارازى بولدىغان ئىشلارنى قىلسا، ئاللاھ ئۇ ئادەمگە غەزەپ قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنىمۇ غەزەپ قىلدۇرىدۇ. دېمەك، ئىنسان ئاللاھنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ۋاقتىدا، كىشىلەرنىڭ گەپلىرى ئۇنى ھەقتىن توسۇپ قالالمايدۇ ۋە ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقلىرىمۇ كىچىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئەكسىچە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئاساس، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە تەلىمات-كۆرسەتمىلىرى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندا، ئاددىي ئىشلارمۇ بۈيۈك بىر مەسىلە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ-دە، ئەھۋال خارابلىشىشقا باشلايدۇ.




بىز يۇقىرىدا، بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا قارشى ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇندا قويۇشى ھەققىدە ئوقۇپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئىككىنچى

[1] الترمذي والإمام الأحمد

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇر بولغان «بەندىنىڭ ھەق-ھوقۇق، مەنپەئەتلىرى ئالدىدا ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش» ھەققىدە توختىلىمىز.

ئەتراپىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى سېلىشتۇرۇش ۋە تاللاشقا توغرا كېلىپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش، بۈيۈك ھىممەت ۋە ئىرادە تەلەپ قىلىدۇ. كۆپىنچە كىشى ئاۋۋال ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، باشقىلارنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ھالبۇكى دىنىدىكى ئەخلاق ئۆلچىمى بۇ ئەمەس ئىدى.

ئىسلام ئەخلاق ئۆلچىمى، ياخشى ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئىككىنچى ئورۇنغا، باشقىلارنىڭكىنى بىرىنچى ئورۇندا قويىدۇ. ئەمما قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىچىدە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا كەلگەندە، ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇۋالىدىغان ئەھۋاللار بار. يەنى، مەسچىتتىن بالدۇر قايتىپ چىقىش ئۈچۈن، باشقىلارنى سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىمىز كەينىدە تۇرىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ئومۇمنىڭ خىزمىتى چىققاندا، باشقىلارغا «كۆيۈنۈپ»، ساۋابنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە تىرىشىمىز. ئەمما پايدا-مەنپەئەتكە كەلگەندە، ئۇ «كۆيۈنۈش» تۇيغۇمىز يوقاپ كېتىدۇ. دىنىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە، بۇ ئەھۋاللار ئەكسىچە بولۇشى كېرەك ئىدى. يەنى، مىللەت-دىن خىزمىتىنى قىلىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدىغان ئورۇندا، كىشى ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾[1] «ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» دېيىش ئارقىلىق، ئىسلام ئەخلاقىنىڭ يۈكسەك دەرىجىسى بولغان شەخسىيەتسىزلىكنىڭ قىيامەت كۈنى قۇتۇلىدىغان ۋە نىجات تاپىدىغانلارنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

---

[1] سۈرە بەقەرە 5-ئايەت

ساھابىلەر مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگىنىدە، ئەنسارلار: «بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، بۇ مېنىڭ مال-مۈلكۈم، يېرىمىنى ساڭا بېرەي» دەپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىككىنچى ئورۇنغا، مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. بۇ ۋاقىتتا مۇھاجىرلارنىڭ بىلدۈرگەن ئىپادىسى: «ئاللاھ سېنىڭ مال-مۈلۈكۈڭگە بەرىكەت بەرسۇن، بازارنى كۆرسىتىپ قويغىن!» دېيىش بولدى. بۇ يەردە ئىككىلا تەرەپنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئەخلاقى ئەكس ئېتىدۇ. ساھابىلەرنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قويىدى. يەنە بىرى ئېپەت، غۇرۇر ۋە پاكلىقى سەۋەبىدىن ئېلىشنى رەت قىلدى. بىزدە بۇ ئىككى ئەخلاق تەڭ يېتىلىشى كېرەك.

بىزنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئەھۋالىمىز بەئەينى مۇشۇ شەكىلدە بولۇپ، بۇرۇن چىقىپ ئىشلىرى جايىغا چۈشۈپ بولغان ۋە كېيىن چىقىپ تېخىچە ئىشلىرىنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ بولالمايۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز، ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ئەخلاقى بىلەن زىننەتلەنگىنىدە، بۇ جەمئىيەتتىكى مەۋجۇتلۇقىمىز مۇستەھكەم بىر ئاساسقا ئىگە بولغان بولاتتى.

شەخسىيەتسىزلىك، جەننەتكە كىرگۈسى بار ھەرقانداق ئىنسان




زىننەتلىنىشكە تېگىشلىك ئەخلاقتۇر. ئۆزىنى ئىككىنچى، باشقىلارنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان كىشىنىڭ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى دەرىجىسى ئۆرلەيدۇ ۋە قېرىنداشلىرى ئالدىدىكى ھۆرمىتى ئاشىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇئمىنلەردىن مۇستەھكەم بىر جەمئىيەت ھاسىل بولىدۇ.

«مۇسنەد ئىمام ئەھمەد» ۋە «مۇۋەتتا ئىمام مالىك» قاتارلىق كىتابلاردا كەلگەن بىر ھەدىس قۇدسىيدا: «مېنى دەپ دوستلاشقانلار، بىر سورۇنغا كېلىپ ھەمسۆھبەتتە بولغانلار، بىر-بىرىنى يوقلىغانلار، پۇتۇن تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتكەنلەر ۋە بىر-بىرىنى سۆيگەنلەرنى مەن ياخشى كۆرىمەن. قىيامەت كۈنى ئۇلارغا نۇردىن مۇنبەر قىلىنىدۇ. بۇ مۇنبەرگە پەيغەمبەر بىلەن شەھىدلەرمۇ ھەسەت قىلىدۇ» دېيىلگەن.

ھۇزەيفە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن يەرمۇك كۈنى قولۇمدا سۇ كۆتۈرگىنىمچە بىر نەۋرە تۇغقىنىمنى ئىزدەپ ماڭغان ئىدىم. ئۇ بىر يەردە ئىڭراۋېتىپتىكەن، قېشىغا بېرىپ: «سۇ ئىچەمسەن؟» دېسەم، ئۇ: «ماقۇل!» دەپ سۇ ئىچكىلى تەمشەلگەندە، يېنىدىكى بىر ئادەمنىڭ ئىڭراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، سۇنى يېنىدىكى كىشىگە بېرىشىمگە ئىشارەت قىلدى. ئىڭرىغان كىشى ئەمرۇ بىن ئاسنىڭ قېرىندىشى ھىشام بىن ئاس ئىكەن. سۇنى ئۇنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ: «ئىچەمسەن؟» دەۋاتقىنىمدا، يېنىدىكى بىر كىشىنىڭ ئىڭراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئاپىرىشىمغا ئىشارەت قىلدى. سۇنى كۆتۈرۈپ ئۈچىنچى ئادەمنىڭ قېشىغا ئاپارغان ۋاقتىمدا، ئۇ ئادەم شەھىد بولۇپ بولغان ئىدى. قايتىدىن ھىشامنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇمۇ شەھىد بولۇپ كېتىپتۇ. بىر نەۋرە تۇغقىنىمنىڭ قېشىغا ئەكەلسەم، ئۇمۇ شەھىد بولۇپ كېتىپتۇ.

جەڭدە يارىلىنىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرى، باشقىلارنى ئەسلىگۈدەك ھالى يوق ئەڭ قىيىن مىنۇتلار... ئەمما ئۇلار يېنىدىكى بىرىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزىدىن ئارتۇق كۆردى. نەتىجىدە ئۈچىلىسى قېرىندىشىنى ئۆزىدىن ئارتۇق كۆرگەن ھالدا دۇنيادىن كەتتى. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿وَيُؤْثِرُونَ عَلَىٰ

أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ﴾ «ئۇلار موهتاج تۇرۇقلۇق (قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭكىدىن ئەلا بىلىدۇ» دېگەن مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى هاياتىدىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەن ئىدى.

بۇ دەرىجىدىكى يۈكسەك قىممەت-قاراش ئىسلامدىن باشقا بىر مەدەنىيەتتە ۋە جەمئىيەتتە ئەسلا تېپىلمايدۇ. بىز غەربكە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەلۇمات-ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلغىنىمىزدا، پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولغان نۇرغۇن هېكايىلەرنى ئاڭلايمىز. مەسىلەن: دېڭىزدا بىر پاراخوت چۆكۈپ كېتىپ، يولۇچىلارنىڭ هەممىسى كىچىك قولۋاقلارغا چۈشكەن. قولۋاقتا ئىچىملىك سۇ ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇنىڭ يەتمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، كىشىلەر بىر-بىرىنى دېڭىزغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، بىر بۆلۈك كىشىلەر سەپەرگە چىقىپ، ئوزۇق-تۈلۈكىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، هەمراهلىرىنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يەپ جان ساقلىغان.

مۇشرىكلار جەمئىيىتىنى قۇرئان كەرىم: ﴿أَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ * فَذَٰلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾[1] «دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر» دەپ سۈپەتلىگەن. دەۋرىمىزدە مۇشرىكلارنىڭ بىر قىسىم ئادەتلىرى بىزدە تېپىلىشقا باشلىدى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگىنىمىزدە، بېشىمىزغا كېلىۋاتقان ئەهۋالنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلەيمىز.

ئاللاھ تائالا هەممەيلەننى باشقىلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدىغان، هەتتا ئېهتىياجىمىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىمىزدە بار بولغان ئىمكانىيەتنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشالايدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن!

---

[1] سۈرە مائۇن 1، 2-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ياخشىلىق

«ياخشىلىق - گۈزەل ئەخلاقتۇر. گۇناھ بولسا، قەلبتە شۈبھە بولغان ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ئىشتۇر»[1].

﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَـٰكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَىٰ وَالْيَتَامَىٰ وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّائِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُوا وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَـٰئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾[2]

«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزلىنىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش




[1] مسلم عن النواس بن سمعان

[2] سۈرە بەقەرە 177-ئايەت

**ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇلار راستچىللاردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر».**

بۇ ئايەت قىبلە ئۆزگەرگەن ۋاقىتتا نازىل بولغان. مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىبلىنى بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپتىن كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتكەن ۋاقىتتا، يەھۇدىيلار بۇ مەسىلىنى باھانە قىلىپ: «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قارايسىلەر، ئەمدى بولغاندا كەبىگە قارامسىلەر؟ بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئوقۇغان نامازلىرىڭلار بىكار بولدى» دېگەندەك بىر قاتار پىتنىلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئەيىبلىگەن. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا قارىتا ئايەتتە ياخشىلىقنىڭ پىرىنسىپال خاراكتېرلىرىنى بايان قىلىپ: «ياخشىلىق دېگەن سىلەرنىڭ مەشرىق ياكى مەغرىبكە قارىغىنىڭلار ئەمەس (مەسىلە ئەمەلنىڭ شەكلىدە ئەمەس)، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەتكە، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقان ۋە پۇل-ماللىرىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ، تۇغقانلىرى، يېتىملەر، مىسكىنلەر، مۇساپىرلار، بىر نەرسە سوراپ كەلگەنلەر ۋە قۇللارنى ئازاد قىلىش قاتارلىق يوللارغا سەرپ قىلغانلار، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەنلەر» دېگەن.




بىز بۇ ئايەتتىن، پۇل-مېلىمىزدىكى زاكاتقا ئوخشاش ۋاقىت ۋە مىقدار بەلگىلىمىسى بىلەن ئۆستىمىزگە ۋاجىپ بولغان ۋەزىپە ۋە ئاللاھ تائالا بىزگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن مىقدارىنى بەلگىلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەرمەستىن، كەڭرى شەكىلدە قويۇۋەتكەن ئىختىيارلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز.

زاكات ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىنىڭ بىرى بولۇپ، مۇسۇلمان ئۈتەشكە تېگىشلىك ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدىكى بىر مەجبۇرىيەتتۇر. ئۇنى ئادا قىلمىغان كىشىنى كامىل مۇسۇلمان دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، زاكات جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ كاپالىتى. ئەمما ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئىشىكى، زاكات بېرىشكە قۇربى يەتمىگەنلەرگىمۇ دائىم ئوچۇق. بۇنىڭ يوللىرىدىن بىرى، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك سەدىقە سۈپىتىدە پۇل-ماللىرىنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشتۇر.

سەدىقىنىڭ سەرپ قىلىنىدىغان ئورۇنلىرى پۈتۈن ساھەلەرگە ئېچىۋېتىلگەن. ياخشىلىق دەپ قارىلىدىغان ھەرقانداق پىلان، سەدىقىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلسا بولىۋېرىدۇ. ئاللاھ تائالا سەدىقە ھەققىدە: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىن» دېگەن. سەدىقىنى كۆپ بېرىش، ئىنساننىڭ ياخشىلىقىنى كۆپەيتىدۇ. ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى: ﴿تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾[2] «سەدىقە بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن» دېگەن سۆزلەر بۇ نۇقتىنى ئىپادىلىگەن.

ئىنساننىڭ بەدىنىدە خەتەرلىك كېسەل پەيدا بولسا، ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىغىنىدەك، ئىنسان روھىيىتى ئاچكۆزلۈكتىن ئىبارەت مەنىۋى كېسەل بىلەن يۇقۇملانسا، ئاخىرەتلىكى زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇ مەنىۋى كېسەلدىن ساقلىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى - زاكات بېرىشتۇر. ئاللاھ تائالا: ﴿وَمَن يوق شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾[3] «كىمكى

[1] سۈرە تەۋبە 103-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە تەۋبە 103-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] سۈرە ھەشر 9-ئايەت




نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسەتكە ئېرىشكۈچىدۇر» دېگەن.

بەدىنىمىزدە كېسەللىك پەيدا بولغاندا، تەبىئىيكى ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر ئېلىپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىمىز ياكى دورا يەيمىز. خۇددى شۇنىڭدەك، مەنىۋىيىتىمىزدىكى ئاچكۆزلۈكتىن ئىبارەت بۇ خەتەرلىك كېسەلنى «ئىقتىسادنى ياخشى يوللارغا سەرپ قىلىش» ئارقىلىق داۋالايمىز. بۇنىڭ بىلەن قول ئىلكىدە بار باينىڭ روھىيىتى ئاچكۆزلۈكتىن، كەمبەغەلنىڭ روھىيىتى ئۆچمەنلىكتىن پاكلىنىدۇ، يەنە پۇل-مال ئۆزىدە مۇھتاجلارنىڭ ھەققىنىڭ تۇرۇپ قېلىشىدىن پاكلىنىدۇ. سەدىقە بېرىش نەتىجىسىدە ئۆچ تەرەپ پاكلىنىپ، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە مۇھەببەت ۋە ئىتتىپاقلىق شەكىللىنىدۇ.




بىر ئادەم زاكات ياكى زاكاتتىن سىرت خەير-ئېھسان قىلىش سەۋەبىدىن، يېتىم-يېسىرلارنىڭ يۈزىدە پەيدا بولغان كۈلكىنى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىدىكى خۇشاللىقنى كۆرگەن ۋاقتىدا، روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باشقا، كەمبەغەل جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ قويماستىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلسە، خاتىرجەملىك ھېس قىلىپ، قانۇنسىز يوللارغا مېڭىشتىن ساقلىنىدۇ ۋە بايلارغا ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنساننى مال-مۈلۈك، ئايال ۋە بالا-چاقىلارنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتى. بۇ ھەقتە: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ﴾[1] «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن تۇپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى» دېگەن. ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل ياخشى كۆرۈش، ئىنساننى داۋاملىق پالاكەتكە ياكى باشقا يامان يوللارغىلا باشلامدۇ؟ ئاللاھ نېمە ئۈچۈن ئىنساننى بۇ خىل تەبىئەتتە يارىتىدۇ؟




ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ھەربىر تەبىئەت، ئىنساننىڭ ۋەيران بولۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يۈكسىلىشى ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇڭا ئىنساننىڭ ئاياللارنى، بالىلارنى ۋە پۇل-مالنى ياخشى كۆرۈش، يوللۇق شەكىلدە بولغاندا، ئىنساننى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇپ يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇنى مۇناسىپ ئورۇن ۋە ۋاقىتتا ئىشلەتمىگەندە، خۇددى پەلەمپەيدىن چۈشكەندەك بارا-بارا تۆۋەنلەپ، ئاخىرىدا ئۆزىنى

[1] سۈرە ئال ئىمران 14-ئايەت

دوزاختا كۆرىدۇ. بۇلار ئىنسان ماڭىدىغان «ئىككى پەلەمپەي» بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، ئۈستىگە (جەننەتكە) چىقىدىغان پەلەمپەي، يەنە بىرى، تۆۋەنگە (دوزاخقا) چۈشىدىغان پەلەمپەيدۇر.

بىز بىنزىننى ماشىنىمىزنىڭ بەلگىلەنگەن ئورنىغا قۇيىمىز. ماشىنىنى قوزغاتقاندا، بىنزىن ئوت ئالىدۇ. ئەمما بۇ بىزگە زىيان يەتكۈزەمدۇ؟ ياق! چۈنكى بىنزىن مۇناسىپ ئورۇنغا قۇيۇلۇش ئارقىلىق توغرا شەكىلدە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۈيۈشى بىزگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق خالىغان جايغا بارىمىز. ئەگەر بىنزىننى ماشىنىنىڭ ئىچىگە تۆكسەك، ئوت ئۇچقۇنى پەيدا بولغان هامان هەممە نەرسىلىرىمىزنى ماشىنا بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاللاھ ئىنسان ۋۇجۇدىدا ياراتقان شەھۋەت، هەۋەس، قىزىقىش ۋە ياخشى كۆرۈش قاتارلىقلار ئىنساننىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىشى ۋە ئاللاھ تەرىپىگە يۈكسىلىشى ئۈچۈن قويۇلغان قوش بىسلىق تەبىئەتلەردۇر. ئىنسان بۇلارنى كونترول قىلىش ياكى ئەگىشىپ كېتىشكە قارىتا، پەرقلىق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ نۇقتىنى تىلغا ئېلىپ: ﴿وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنِ اتَّبَعَ هَوَاهُ بِغَيْرِ هُدًى مِّنَ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾[1] «ئاللاھ ۋەهيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاهىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ هەقىقەتەن زالىم قەۋمنى هىدايەت قىلمايدۇ» دېگەن.

ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ هەقتە: ﴿وَلِكُلٍّ دَرَجَاتٌ مِّمَّا عَمِلُوا﴾[2] «هەر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىغا يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ» دېگەن. هەركىشى ئۆزىدىن «مەن بۇ يىل، بۇ ئاي ياكى ئۆتكەن بەش-ئون كۈن ئىچىدە

[1] سۈرە قەسەس 50-ئايەت

2 سۈرە ئەنئام 132-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نېمە ئىشلارنى قىلدىم؟» دەپ سوراپ بېقىشى كېرەك. ئەگەر قىلغان ياخشىلىقلىرى ئاز بولسا، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا، ھەرۋاقىت ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق كۆپەيتىش كېرەك.

ئىنسان نەپسى «پۇل تاپ!» دەيدۇ. ئاللاھنىڭ مەنھەجچۇ؟ «پۇل تاپتىڭمۇ؟ ئەمدى سەرپ قىلغىن!» دەيدۇ. بۇ نەپسى باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى تىك-تىڭلاپ، ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ئېچىشقا ئىنتىلدۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھتىن كەلگەن مەنھەج، «ئاشكارىلىما!» دەيدۇ. بۇ ئىنسان نەپسى «ئاياللارغا تويماي قارا!» دەيدۇ. ئەمما بىزگە چۈشكەن بۇيرۇق، «كۆزۈڭنى يۇم، قارىما!» دەيدۇ.

نەپسىمىز ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇق-چەكلىمىلىرى ئارىسىدا تارتىشىش بولىدۇ. نەپسىمىز يامان ئىشلار تەرەپكە تارتسا، بىز زورلاپ ئاللاھ




بۇيرۇغان ۋەزىپە ۋە مەنھەجنىڭ تەقەززاسى تەرەپكە ماڭىمىز. نەپسىمىز ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئاللاھنىڭ مەنھەجى تەرەپكە ماڭغىنىمىزنىڭ ئۆزى، جەننەت ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىمىز ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەدەلنى تۆلەش ئۈچۈن، ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەپسنى بېسىپ چۈشىشى كېرەك.

ئىنساننىڭ نەپسى بىلەن ئەسلى تەبىئىتى پەرقلىقتۇر. ئىنسان نەپسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىۋەرسە، يارىتىلغان ئەسلى تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدىغان مەسىلە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: كىشىلىك

تۇرمۇشىمىزدا، ئۆزىنىڭ نەپسى ۋە ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، نورمال فىترەتتىن (ئەسلى تەبىئەتتىن) ھالقىغانلارنىڭ نەقەدەر يامان ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئىنسان نەپسى بىر تەرەپكە تارتىدۇ، ئاللاھنىڭ مەنھەجى ئەسلى تەبىئەت تەرەپكە چاقىرىدۇ. بىز نەپسىمىزنى قايرىپ قويۇپ، ئەسلى تەبىئىتىمىزنىڭ تەلپى بويىچە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يولدا ماڭغىنىمىزدا، توغرا ماڭغان بولىمىز. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَتَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا﴾[1] «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتقان فىترەتكە ئەگەشكىن» دېگەن. ئىسلام بويىچە مېڭىش، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ياراتقان ئەسلى تەبىئەتتۇر.




ئاللاھ تائالا: ﴿حَبَّبَ إِلَيْكُمُ الْإِيمَانَ وَزَيَّنَهُ فِي قُلُوبِكُمْ﴾[2] «ئىماننى سىلەرگە سۆيۈملۈك، قەلبىڭلاردا گۈزەل قىلدى» دېگەن. يەنى، ئىنساننىڭ ئەسلى خاراكتېرى، ئاللاھ كۆرسەتكەن تەلىمات بويىچە توغرا يولدىن چىقماي مېڭىشتۇر. ئىنسان نەپسى: «پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتسەڭ، ئەتە ئۆزۈڭ قانداق قىلىسەن؟ بالاڭ قانداق قىلىدۇ؟» دېگەندەك ۋەسۋەسىلەر بىلەن، ئىقتىسادنى ياخشى يوللارغا خەجلەشتىن توسىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا قۇلاق سالماستىن: «مۇشۇ ئىقتىسادمۇ ئەسلىدە مەندە يوق ئىدى. بۇنى بەرگەن ئاللاھ يەنە بېرىشكە ھەم قادىر» دەپ قەلبتىكى ۋەسۋەسىنى

[1] سۈرە رۇم 30-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ھۇجۇرات 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

قايرىپ قويۇپ، ئەسلى تەبىئەت بويىچە ماڭغان ۋاقىتتا، قەلب ناھايىتى ھوزۇر ھېس قىلىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان نەپسى، ھەۋەس ۋە شەھۋەتلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ھەق يولدا ماڭالىغانلىقىنىڭ ئۆزى «نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش» ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا بەزى ئەسەرلەردە ساھابىلەر جىھاد مەيدانلىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «بىز كىچىك جىھادتىن چوڭ جىھادقا قايتىپ كەلدۇق» دېگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى ئىنسان جەڭ مەيدانىدىكى دۈشمەننى يەڭسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، ئۇنى ئاخىرىغىچە دۈشمەن دەپ بىلىدۇ. ئەمما نەپسىنى يېڭەلمىگەن ۋاقىتتا، چاقىرىۋاتقان ھەۋەس ۋە خاتا يوللارنىڭ ھەممىسى توغرا شەكىلدە كۆرۈنۈپ، گۇناھقا سۆرەپ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن نەپسىگە تاقابىل تۇرۇش، جەڭ مەيدانىدىكى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتىن قىيىن.


ئىنسانىنىڭ ئىسلاھ بولۇشى، نەپسى-خاھىشىغا قارشى تۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ

بۇ جىھادتا غەلىبە قىلالىغان ۋاقىتتا، ئاندىن ئىنسانىنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىلاپ، ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ. ئىنسان شۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ھەرئىشتا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يول تۇتىدۇ ۋە ئەسلى تەبىئىتىگە ماس يولدا ماڭغان بولىدۇ.

سىلە-رەھىم، ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش بولۇپ، بۇيۈك بىر ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ھېچ ئىشنى




قىلالمايدىغان ئاجىز شەكىلدە دۇنياغا كېلىدىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ نورمال ھاجىتىدىن چىقالىغۇدەك بولغۇچە، ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنىڭ ياردەملىرىگە ئېرىشىدۇ. چوڭ بولۇپ تۇغقانلىرىغا سىلە-رەھىم قىلغىنىدا بولسا، ئۇلارغا ۋاپا قىلغان ۋە بۇرۇن قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرغان بولىدۇ.

كۈنىمىزدە ھېيت-بايراملاردىن باشقا ۋاقىتتا، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى يوقلىمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. سىلە-رەھىم يۇقىرىسى ئاتا-ئانىمىزدىن تارتىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنى يوقلاپ تۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىققا يولۇقسا ياكى يول كۆرسىتىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، ياردەم قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىٰ﴾[1] «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار» دەپ خىتاب قىلدى. بۇ ئايەتتە «ياخشىلىق» ۋە «تەقۋالىق»تىن ئىبارەت ئىككى سۆز، ئوخشاش بىر بۇيرۇق ئاستىدا كەلگەن. ياخشىلىق ئىنسانلارنىڭ دۇنيالىق پايدا-مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ياخشى ئىشلارنى، تەقۋالىق ئاخىرەتلىكى پايدا-مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك ياخشى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

[1] سۈرە مائىدە 2-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن: يېڭىدىن تىجارەت باشلىماقچى بولغان كىشىگە ۋاقىتلىق قەرز بېرىپ تۇرغۇدەك ماغدۇرىمىز ياكى رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشىپ بەرگۇدەك ئېپىمىز بولسا، ئۇ كىشىگە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. بۇ ياردەمنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇ كىشى ھالالدىن ئىقتىساد تېپىپ تويى قىلسا ۋە بالىلىرىنى ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇتسا، بۇ بالىلار كەلگۈسىدىكى ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولىدۇ. شۇنداقلا، دىنغا يېڭى كىرگەن ياكى دىنىنى ياخشى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنى مەسچىتكە ۋە دىنىي سورۇنلارغا ئېلىپ بېرىپ، دىنىي تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ياردەملىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق»نىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلاردۇر.

ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا، ئىنسان پەقەت ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىۋالمىغانلىقىدىن ئىبارەت بىرلا ئىشقا پۇشايمان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى بىزگە ئەسكەرتىپ: ﴿رَبِّ ارْجِعُونِ * لَعَلِّي أَعْمَلُ صَالِحًا﴾[1] «پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن. مەن ياخشىلىق قىلىۋالسام» دېگەن.

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 99-، 100-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئىلگىرى ئۆتكەن سالىھلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قەبرە كولاپ، ھەر پەيشەنبە كۈنى قەبرىگە كىرىپ يېتىپ، يۇقىرىدىكى ئايەتنى ئوقۇيدىكەن. ئاندىن ئۆز-ئۆزىگە خىتاب قىلىپ: «ئورنىڭدىن تۇر! ئاللاھ ساڭا يېڭى بىر ھاياتلىق بەردى، ياخشى ئىشنى قايتا قىلىۋال!» دەپ، ئۆزىنىڭ ھايات تۇرغان ھەربىر مىنۇتىنى ئاللاھتىن ئۆزىگە بېرىلگەن بىر پۇرسەت ۋە يېڭى بىر ھاياتلىق دەپ قارايدىكەن.




دۇنيادا ياشىغان مۇددىتىمىز قارىماققا ئۇزۇندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى قىسقىدۇر. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمگە شاھىت بولۇۋاتىمىز. بۈگۈن بىرىنى، ئەتىسى يەنە بىرىنى كۆمۈپ قويۇپ كېلىۋاتىمىز. ئۆگۈنى بولسا ئۆزىمىز كۆمۈلىمىز. ھازىرغا قەدەر زامان شۇنچە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تاپالىغىنى يوق. بۇ دۇنيادىن كېتىش، ھەرقانداق ئادەم ئىنكار قىلالمايدىغان بىر ھەقىقەت. شۇڭا ھەرۋاقىت بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىز توغرۇلۇق ئويلىنىشىمىز كېرەك.

دۇنيا ھاياتىمىزنى تۆۋەندىكى مىسال بىلەن تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىشىمىز مۇمكىن: ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ توپ مەيدانى، كۇتۇپخانا، ئاشخانا ۋە يىغىن زالى بار. ئوقۇغۇچى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېيىشى، مەيدانغا چىقىپ توپ ئوينىشى، يىغىن ۋە پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆتنىڭدىن باشقا مەكتەپنىڭ ھەرخىل ياخشى شارائىتلىرىدىن مەنپەئەتلىنىشى مۇمكىن. ئەمما ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆتنۈېرسىتېتتا تۇرۇشتىكى ئاساسىي نىشانى پەقەتلا ئوقۇش، ئەتراپىدىكى شارائىتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇشى ئۈچۈن ھازىرلانغان. خۇددى شۇنىڭدەك، بىز ياشاش جەريانىدا يەيمىز، ئىچىمىز، ئائىلە قۇرىمىز ۋە سەپەر قىلىمىز. بۇلار ئاساسلىق مەقسىتىمىز بولغان «ياخشىلىق قىلىش» ئۈچۈن قىلىنىدىغان ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى «دۇنيا ئۆنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى» دەپ قاراپ، مەكتەپ پۈتكەن ۋاقىتتا: «ۋاي ئىست! قايتا ئوقۇش پۇرسىتى بولغان بولسا، ياخشى ئوقۇپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشەر ئىدىم» دەپ پۇشايمان قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى بۇ پۇشايماندا قويمىسۇن! پۇرسىتىمىز كېتىشتىن ئىلگىرى بىزگە كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسۇن! گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن!



www.uyghurkitap.com

# ئالدىرىماسلىق

**﴿وَعَسَىٰ أَن تَكْرَهُوا شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ وَعَسَىٰ أَن تُحِبُّوا شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾[1] «سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرمايسىلەر، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرىسىلەر، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار».**

ھاياتتا بەزىدە ئالدىراقسانلىق بىلەن قارار چىقىرىپ سېلىپ، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ۋاقىتلىرىمىز بولىدۇ. يەنە بەزىدە، بىر ئىشلارنى ياقتۇرماستىن قىلىمىز، ئەمما ئاخىرى خەيرلىك چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، مەسىلىلەرگە ئالدىراپ ھۆكۈم قىلماسلىق ۋە ھەر ئىشتا بىر ياخشىلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىزگە بىشارەت بېرىپ، «ئالدىرىماسلىق»نى تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ.




ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ساھابىنى: «سەندە ئىككى تۈرلۈك سۈپەت بار، ئاللاھ بۇ ئىككى تۈرلۈك سۈپەتنى

[1] سۈرە بەقەرە 216-ئايەت

ياخشى كۆرىدۇ. بىرى، تەمكىنلىك. يەنە بىرى، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق»[1] دەپ ماختىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. يەنە بىر ھەدىستە: «ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىن، ئېغىر-بېسىقلىق ئاللاھتىن»[2] دېيىلگەن. ئاللاھ تائالا: ﴿خُلِقَ الْإِنسَانُ مِنْ عَجَلٍ﴾[3] «ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان» دېگەن بولۇپ، ئالدىراڭغۇلۇق ئىنساننىڭ يارىتىلما تەبىئىتىدۇر. ئۇنداقتا، ئالدىراڭغۇ ۋە مەسىلىلەرگە تېز ھۆكۈم چىقىرىدىغان شەيتانىي ھالەتتىن، ئېغىر-بېسىق، تەمكىن، مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە قارايدىغان رەھمانىي ھالەتكە قانداق يۆتكىلىمىز؟

ئىلاھىي تەلىماتلار، ئىنساننىڭ مىجەز ۋە ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كەلگەن. ھەۋەسىمىزنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئەسلى تەبىئىتىمىزگە ماس شەكىلدە ياشساق، نىجات تاپىدىغان، نىشانىغا يېتەلەيدىغان ۋە توغرا يولنى ئاخىرىغىچە باسالايدىغان ھالەتكە كېلىمىز.




ھەۋەسنىڭ ھەممىسى خاتا ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت ئۇنى توغرا ۋە خاتا يولغا يېتەكلەش مەسىلىسى بار. ئىنساننىڭ مىجەزى باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكلىرى ۋە ئەيىب-نۇقسانلىرىنى بىلىپ، باشقىلارغا ئېيتىشقا قىزىقتۇرىدۇ. ئەمما ئىلاھىي تەلىمات «باشقىلارنىڭ

[1] مسلم عن ابن عباس

[2] بەيھەقى رىۋايەت قىلغان

[3] سۈرە ئەنبىيا 37-ئايەت

www.uyghurkitap.com



ئەيىبلىرىنى ئاچما!» دەيدۇ. ئىنساننىڭ مىجەزى چۇلۇۋۇرسىز ئەركىن قويۇۋېتىلگىنىدە، ئىنسان ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان بىر ھالەتكە كېلىدۇ. دىنىنىڭ تەلىماتى بولسا، بۇ خىل ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ تۇرىدۇ.

ئىنسان ھەۋەس ۋە مىجەزلىرىنى ئەركىن قويۇۋەتمەستىن، ئىلاھىي تەلىمات بىلەن يۇگەنلىشى كېرەك. مۇتلەق ئەركىنلىك (ئىنساننىڭ ئۆز ھەۋەسىنىڭ كەينىدىن مېڭىشى) ھېچ ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى ئەمەس. ئىلاھىي تەلىماتنى تەتبىقلاپ، ھەۋەسىمىزنى كونترول قىلىش، بىزنى جەننەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. چۈنكى ئىنسان كۆڭلى تارتىدىغان يامان ئىشلارنى تاشلىماي تۇرۇپ ۋە جاپا كۆرىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلماي تۇرۇپ جەننەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «كىمكى ئاللاھنى دەپ بىر ئىشنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ دىن ۋە دۇنياسىدا ياخشىراقى بىلەن ئۇ ئىشنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ»[1] دېيىلگەن. ھەدىستىكى «ياخشىراقى» بولسا، دۇنيادا ھالال يوللار بىلەن ئېرىشىدىغان نېئمەتلەردىن باشقا، ئاخىرەتتىكى جەننەتتۇر.




بىز ئەخلاقىمىزنى تۈزەش ۋە ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىمىز.

---

[1] الجامع الصغير عن ابن عمر

ھەۋەس ئۈستىدىن غالىب كېلىش، مەلۇم دەرىجىدە تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. قىيىنچىلىققا تولغان جەننەتنىڭ يولى، ھەدىسلەردە يۈكسەك بىر نىشان سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. يەنى، بىز يۈكسەك بىر نىشانغا قاراپ ماڭىدۇق، ئەمما ئۇ ئېگىزدە بولغاچقا، يېتىپ بارماق بىر قەدەر قىيىن. ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا تەرەپكە كېتىدىغان يوللار پەس بولغاچقا، مېڭىش ناھايىتى تېز ۋە راۋان. ئىنسان ئۆز نەپسىدىن غالىب كېلىشتىن ئىبارەت بىرىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتمەي تۇرۇپ، جەننەت يولىغا قەدەم ئالالمايدۇ. بۇ نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشتۇر.

جىھاد - مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى، قورال ئارقىلىق دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇنى تەھدىت ئەكىلەلمەيدىغان ھالەتكە ئەكىلىشتۇر. جىھادنىڭ بىرىنچى قەدىمى، ئۆز نەپسى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، پۈچەك ئىدىيەلەرنىڭ ئارقىغا كىرىپ كەتمەيدىغان، «قىلىمەن» دەپ ئىرادە قىلغان ئىشنى نورمال قىلالايدىغان، «قىلمىسام بولاتتى» دېگەن ئىشتىن چەكلىنەلەيدىغان ھالەتكە كېلىشتىن باشلىنىدۇ.

ئىنسان ئالدىراقسانلىق قىلماستىن، جىھادنى بىرىنچى قەدىمى بولغان «نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش»تىن باشلىشى كېرەك. بىرىنچى قەدەمنى ئالماي تۇرۇپ، ئىككىنچى قەدەمنى ئەسلا ئالغىلى بولمايدۇ. مۇئمىن ئاۋۋال نەپسى بىلەن جىھاد قىلىپ، ئۆزىنى ياراملىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەيدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، «قۇرۇلۇش جىھادى»نى باشلاپ، ئائىلىسى ۋە جەمئىيەتنى سىستېمىلىك شەكىلدە قۇرۇپ چىقىدۇ. ئۈچىنچى قەدەمدە، قۇرئان ئەھكاملىرىنى تەتبىقلاش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ. تۆتىنچى قەدەمدە بولسا، قۇرۇلغان شۇ مۇھىتنى قوغداش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ. شۇڭا ئۆز نەپسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەي تۇرۇپ، تۆتىنچى قەدەمگە يېتىپ بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com



ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىشنى ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلىساقمۇ، ئۆزىمىزنى چىقىم قىلدۇرالمايمىز. ئېغىزىمىزدا «كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش كېرەك» دەيمىز، لېكىن قىلالمايمىز. «بارلىقىمىزنى ئۈممەت، مىللەت ۋە دىن يولىدا ئاتىشىمىز كېرەك» دەيمىز، لېكىن ئاتىيالمايمىز. بۇلارنى قىلالمىغانلىقىمىز، بىزنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى جىھادتىن تېخى ھالقىپ ئۆتەلمىگەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلىپ تۇرۇپ، قۇرئان كەرىم ئالدىرىماسلىققا بۇيرۇيدۇ؟ بۇنىڭغا قاراپ: «ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلمىغان بولسىچۇ؟» دەپ ئويلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

ئالدى بىلەن بىز ئىمتىھان دۇنياسىدا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلمىغان بولسا، ۋەزىپە ۋە تەلىمات يۈكلەشنىڭ نېمە ھاجىتى بولاتتى؟ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە، پەرىشتىلەر ۋە ئەتراپىمىزدا ياشاۋاتقان ھايۋاناتلارغا ئوخشاش مەجبۇرىيەت يۈكلەنمىگەنلەر بار. لېكىن ئۇلار مۈكەللەف بولمىغانلىقتىن، ئۆزى ئورۇنلايدىغان ۋەزىپىگە لايىق رەۋىشتە يارىتىلغان. پەقەت ئىنسانلا بۇ دۇنيادا ۋەزىپە يۈكلىنىش ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىنىدۇ. بۇ سەۋەبلىك ھەۋەس، قىزىقىش ۋە ئالدىراڭغۇلۇقىمىز بىلەن ئىلاھىي تەلىمات ئارىسىدا قارشىلىق كېلىپ چىقىدۇ. بىز دەل ئاشۇ قىزىقىش ۋە ھەۋەسلىرىمىزنى يېڭىپ، ئاللاھنىڭ تەلىماتىنى ئورۇنلىيالىساق، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، جەننەتكە ئېرىشىمىز.

بىر ئادەمنىڭ ئۆز سەۋىيەسىدىكى ئىشنى قىلالىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئالاھىدىلىك ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ئاجىزلىقلىرىنى يېڭىپ، يۇقىرى نەتىجە قازانسا، ئاندىن ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىدا، ئادەمنىڭ تەبىئىتىدە يارىتىلغان نۇرغۇن ئاجىزلىق ۋە ھەۋەسلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە

تىلغا ئالغان. ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتى، دەل شۇ ئاجىزلىقلىرىنى يېڭىپ، ئاللاھ كۆرسەتكەن يولدا مېڭىشى بىلەن بولىدۇ.

ئىنسان ئالدىراڭغۇ بولغاچقا، مەسىلىلەرگە ئالدىراپلا ھۆكۈم چىقىرىۋېتىدۇ. ئەمما ئالدىراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، دۇنيا ھاياتىنى سالماقلىق بىلەن ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەلەپ قىلغان شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇپ ماڭسا، بۈيۈكلۈككە قاراپ تەرەققىي قىلالايدۇ. دېمەك، ئىنساندىكى بۇ ئاجىزلىقلار، يۈكسەك ئورۇن ۋە يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىشىنىڭ ۋاستىسىدۇر. مەسىلەن: بەش ياشلىق بالا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرەلىسە ياكى ئون ئىككى-ئون ئۈچ ياشلىق بالا ئالىي مەكتەپكە چىقالىسا ئالاھىدە مەدھىيەلەنگىنىدەك، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بېسىپ چۈشەلىسە: «بۇ ھالەتتە تۇرۇپ شۇنچە ئىشنى قىلالىدى» دېيىلىپ، قەدىر-قىممىتى ۋە مەرتىۋىسى ئاشىدۇ.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئمىندە يالغانچىلىق بىلەن خىيانەتتىن باشقا پۈتۈن مىجەز بار»[1] دېگەن. قۇرئان كەرىمدىمۇ ئىنساننىڭ نۇرغۇن ئاجىزلىقلىرى تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: ﴿إِنَّ الْإِنسَانَ خُلِقَ هَلُوعًا﴾[2] «ئىنسان ھەققەتەن چىدامسىز يارىتىلدى»، ﴿إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعًا﴾[3] «ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا،

[1] رواه إمام أحد عن أمامة

[2] سۈرە مەئارىج 19-ئايەت

[3] سۈرە مەئارىج 20-ئايەت

uyghurkitap.com



زارلانغۇچىدۇر»، ﴿وَإِذَا مَسَّهُ الْخَيْرُ مَنُوعًا﴾[1] «بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر» قاتارلىقلار.

نېمە ئۈچۈن ئىنساندا بۇنچە ئاجىزلىقلار بار؟ ھەرقانداق ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىنىڭ، توك بېسىمى يۇقىرى كېلىپ قالغاندا، ئۆزى كۆيۈپ ئۈسكۈنىنى قوغداپ قالىدىغان ئىنچىكە ۋە ئاجىز بىخەتەرلىك سىمى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنساندىكى ئاجىزلىقلارمۇ ئىنساننى ساقلاپ قالىدىغان سەۋەبلەر قاتارىدىندۇر. شۇڭا: «ئى ئاللاھ! مېنى مۇشۇنداق ئاجىز يارىتىپتىكەنلا، بۇيرۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولالمىدىم، مېنى كەچۈرسىلە» دەپ دۇئا قىلىمىز.

ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماسلىق ھەققىدىكى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوا﴾[2] «ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار» دېگەن ئايەتتە: «ئاڭلىغان خەۋەرنى ئېنىقلاڭلار! ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىرىماڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلىنغان. ئەپسۇس بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىز ۋە ئۆزئارا مۇئامىلىلىرىمىزگە كۆپ تەسىر قىلمىغان. ئالدىراپ چىقىرىلغان خاتا قاراردىن كېيىنكى پۇشايمان، شۇ قاراردىنمۇ خەتەرلىك. شۇڭا ئاچچىقلانغان ھالەتتە قارار چىقارماسلىق




[1] سۈرە مەئارىج 21-ئايەت
[2] سۈرە ھۇجۇرات 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

لازىم. بىرەر گەپنى ئاڭلاپ ياكى بىرەر ئىشنى كۆرۈپلا، دەرھال قارار چىقىرىشقا بولمايدۇ. قارار چىقىرىشنىڭ ئالدىدا، ئۆزىگە ئەقەللىيسى 24 سائەت ۋاقىت بېرىش كېرەك. چۈنكى ئالدىراپ ئېلىنغان قاراردىن كېيىن، پۇشايمانغا قېلىش مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن يۇقىرى.

مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە مەسىلىلىرىدە، تېخىمۇ ئالدىراشقا بولمايدۇ. بۇ خىل مەسىلىلەردە: «مەلۇمات توپلاش، توپلانغان مەلۇماتقا ئاساسەن، مەسىلىلەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئالدىنقى ئىككى باسقۇچتا ئېلىنغان ئەمەلىي يەكۈنگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىش»تىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى باسقاندىن كېيىن، ئاندىن قارار چىقىرىش كېرەك.

ئايەتتە ئالاھىدە بۇيرۇق شەكلىدە: ﴿فَتَبَيَّنُوا﴾ «ئېنىقلاڭلار!» دېيىلگەن. نېمە ئۈچۈن ئېنىقلايمىز؟ چۈنكى ﴿أَن تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَىٰ مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ﴾[1] «ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن» دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك، پۇشايماندا قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئېنىقلاپ ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىشىمىز كېرەك. ئىنسان ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىلىدىغانلىرى ئېشىپ بارىدۇ. شۇڭا مەسىلىلەرنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەنگە قەدەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كېرەك. ئارىمىزدا مەسىلىلەرگە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان ۋە باشقىلارغا ھۆكۈم كېسىدىغان قېنى قىززىق قېرىنداشلىرىمىز بار. بۇ خىل ئالدىراقسانلىق، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ قالماقتا.

[1] سۈرە ھۇجۇرات 6-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، ئىجتىمائىي جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە تېپىلىۋاتقان كىرىزىسلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىم چىقىش يولى. بۈنىڭ، يۇقىرىسى چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن، تۆۋىنى شەخسىي تۇرمۇشقا قەدەر تەسىرى بار.

ئەر-ئايال ئوتتۇرىدا چۈشىنىشمەسلىكلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەرلەر بەزىدە ئاياللىرىنى، كاللىغا كېلىپ قالغان خاتا چۈشەنچە ياكى ئاڭلاپ قالغان يالغان سۆزگە تايىنىپلا تالاق قىلىۋېتىدۇ، ھەتتا ئۈچ تالاقنى بىراقلا قىلىدۇ. كېيىن پۇشايماندا بارماق چىشلەيدۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا بارماق چىشلىگەنىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئاياللارمۇ ئاڭلىغان گەپ ياكى كۆرگەن نەرسىگە قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىپ، نۇرغۇن گەپلەرنى دەۋېتىدۇ. كېيىن ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگەندە، دەپ بولغان گەپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولماي، كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا كىشى ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسان ئالدىرىمىسىلا، ھەر كىمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ»[1] دېگەن سۆزى ئارقىلىق، دۇئانىڭ ئىجابەت

---

[1] رواه الترمذي عن أبي هريرة

بولۇشىغىمۇ ئالدىرىماسلىقنى شەرت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان دۇئا قىلغاندىن كېيىن سەۋر بىلەن كۈتۈشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىپ، ياشىشى ۋە توغرا يولنى تېپىشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان نېئمەتلەرنى بەردى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئۇ نېئمەتلەرنىڭ بىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندا: «كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن نەرسىلەرنى ھېكمەت بىلەن ياراتقان، نېئمەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن ئاللاھ، مېنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ» دېگەن قاراش بىلەن ئۆزىمىزنى بېسىۋالمايمىز!؟ نېمە ئۈچۈن ئالدىراپ قارار چىقىرىپ ئاچچىقلىنىمىز!؟




ئىنسانغا ھەرخىل مۇسىبەتلەر كېلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: سودىدا زىيانغا ئۇچرىشىمىز، جانلىرىمىزغا ئەزىيەت يېتىشى ۋە تۇغقانلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بۇ خىل ئىشلاردا ئالدىراپ-تېنەپ قاقشىماستىن، «بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بار» دەپ تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالىغان ۋاقتىمىزدا، ئېرىشىدىغان نەتىجىمىز «خاتىرجەملىك» بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنى ماختاپ: «سەندە ئىككى تۈرلۈك سۈپەت بار، ئاللاھ بۇ ئىككى تۈرلۈك سۈپەتنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىرى تەمكىنلىك. يەنە بىرى ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق»[1] دېگەن. بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ «ئالدىراقسانلىق شەيتاندىن، ئېغىر-بېسىقلىق رەھماندىن» دەيدىغان ماقال-تەمسىل بار.

بەزى قېرىنداشلىرىمىز: «مەن ئىشلاردا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قالىمەن، ئۆزۈمنى شۇنچە سالماق تۇتاي دېسەممۇ تۇتالمايمەن. قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دېيىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «تەمكىنلىك زورلاپ تەمكىن بولۇش بىلەن شەكىللىنىدۇ»[2] دەپ نەسىھەت قىلغان. كىشى ئالدىراڭغۇ بولسا، سالماق ۋە تەمكىن بولۇش ئۈچۈن، بىرىنچى قەدەمدە ئۆزىنى زورلاپ تەمكىن بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئاندىن ئاستا-ئاستا ئادەتلىنىپ، مىجەزىگە ئايلىنىدۇ. مۆئمىن مانا مۇشۇ شەكىلدە تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىدۇ.




ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى شۇ گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلەنگىلى نېسىپ قىلسۇن! گۈزەل ئەخلاق يوللىرىنى بىزگە قولاي قىلسۇن!

[1] رواه المسلم

[2] طبراني عن أبو الدرداء



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەمكارلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشئەرى قەبىلىسىدىكىلەر ھەققىدە: «ئەشئەرىيلەر جەڭلەردە ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگەپ قالسا ياكى مەدىنىدىكى بالىلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ئاز قالسا، ئۆزىدە بار بولغان يېمەكلىكلىرىنىڭ ھەممىنى توپلاپ، باراۋەر شەكىلدە قايتىدىن تەقسىم قىلىدۇ. ئۇلار مەندىن، مەن ئۇلاردىن»[1] دېگەن.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىدە ئەشئەرىيلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئورتاقلىشىش، بىر-بىرىگە ياردەمدە بولۇش پەزىلىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنى ئۇلارغا، ئۇلارنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلدى. مانا بۇ ئىسلامدىكى گۈزەل ئەخلاقلاردىن بىرى بولغان «ھەمكارلىشىش»تۇر.

**﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىٰ وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾**[2] **«ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار».**

[1] رواه البخاري

[2] سۈرە مائىدە 2-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

بۇ ئايەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان:

1- ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ياردەم قىلىش. يەنى، ھەمكارلىشىش ۋە ئورتاقلىشىش.

2- گۇناھ ۋە زۇلۇمدا ھەمكارلاشماسلىق، ئۇنىڭغا يول ئاچماسلىق ۋە رىغبەتلەندۈرمەسلىك.

ئايەتنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىٰ﴾ «ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىقتا (ئۆزئارا) ياردەملىشىڭلار (ھەمكارلىشىڭلار)» دەپ خىتاب قىلىنغان. بۇ يەردىكى «ياخشىلىق» ۋە «تەقۋادارلىق»تىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇم، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

دەۋرىمىزدە ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ۋە ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئاچچىق بىر ھەقىقەت بار. ئۇ بولسىمۇ، دۇنيادىكى ھەرخىل مىللەت ۋە دۆلەتلەرنى تەمسىل قىلىۋاتقان ئىسلام دۈشمەنلىرى، ئۆزلىرىدىكى بەش پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىغان ئورتاق نۇقتىسى بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ بىرلىشىۋاتىدۇ. ئەمما بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق نۇقتىمىز 95%تىن يۇقىرى تۇرۇپمۇ، بىر-بىرىمىز بىلەن زىددىيەتلىشىش ۋە ئارازلىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە ھەمكارلىقنىڭ ئۆزى تەرەققىيات، يۈكسىلىش، ئىلگىرىلەش ۋە كۈچ ئىدى.




كۆپىنچىمىزنىڭ زىھنىگە «ئىسلام - پەقەت شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا

www.uyghurkitap.com



تۇتۇش، ھەج قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەردىن ئىبارەت» دېگەن خاتا قاراش سىڭىپ قالغان. ئەسلىدە ئىسلام تۈۋىنى ئەر-ئايال ئارىسىدىكى ئالاقىدىن تارتىپ، يۇقىرىسى دۆلەتلەر ئارا ئالاقىغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان»[1] دېيىلگەن. ھەدىستىكى «بەش ئاساس ئۈستىگە» دېگەن ئىبارىنى مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، بۇ بەش ئەمەلنىڭ ئىسلامنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى ھۇلى ۋە ئاساسلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى كېلىدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەرنى تەسۋىرلەپ: «ئۇلارنىڭ تىھامە تېغىغا ئوخشاش ئەمەللىرى بولسىمۇ، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى) چاڭ-توزانغا ئوخشاش قىلىۋېتىدۇ (يەنى ھېساب قىلمايدۇ)» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار كىملەر؟ ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، بىزگە ئېيتىپ بەرسىلە!» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار سىلەر ناماز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيدۇ، كېچىدە سىلەر قىيامدا تۇرغاندەك قىيامدا تۇرىدۇ. ئەمما يالغۇز قالغان ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ

[1] رواه البخاري عن عبد الله بن عمر

بــــۇيرۇق-چەكلىمىلــــرىگە خىلاپلىـــق قىلىـــدۇ»[1] دېـــگەن. ئەگەر ئىنســـان ئاللاھنىـــڭ چەكلىمىلىرىـــدىن يېنىـــپ، تەلىمـــاتلىرىنى ھاياتىغـــا تەتبىقلىمىســـا، ئۇقۇغان نامازلىرى نەقەدەر كامىل بولۇپ كەتسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســـالام: «كىشـــى يالغـــان ئېيـــتىش ۋە شـــۇ بـــويىچە ئىـــش قىلىشـــنى تاشـــلىمىغان ئەھۋالـــدا، ئۇنىـــڭ كـــۈنلەپ ئـــاچ قالغانلىقىنىـــڭ (روزا تۇتقىنىنىـــڭ) ئاللاھقـــا ھېچبىـــر ئەھمىيىتـــى بولمايـــدۇ. ئاللاھنىـــڭ ئۇنىـــڭ ئـــاچ قېلىشـــىغا ئېھتىيـــاجى يـــوق»[2] دېـــگەن. دېـــمەك، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالام ئىجتىمـــائىي ئالاقـــدە راســـتچىل بولمىغـــان ئادەمنىـــڭ روزىســـىنىڭ ھـــېچ مەنپەئەتى يوقلۇقىنى بايان قىلغان.

زاكـــات ھەققىـــدە ئـــاللاھ تائـــالا پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالامغا خىتـــاب قىلىـــپ: ﴿قُلْ أَنفِقُوا طَوْعًا أَوْ كَرْهًا لَّن يُتَقَبَّلَ مِنكُمْ إِنَّكُمْ كُنتُمْ قَوْمًا فَاسِقِينَ﴾[3] «ئېيتقىنكـــى، ســـىلەر ئىختىيـــارىي يـــاكى مەجبـــۇرىي يوســـۇندا قانچىلىـــك پـــۇل-مـــال ســـەرپ قىلســـاڭلارمۇ ھەرگـــز قوبـــۇل قىلىنمايـــدۇ، چـــۈنكى ســـىلەر ئاللاھنىـــڭ ئىتائىتىـــدىن چىققـــان قـــەۋم بولـــدۇڭلار» دېـــگەن. دېـــمەك، پاســـىق ئادەمنىڭ بەرگەن زاكىتى ھېساب قىلىنمايدۇ.

ھەج ھەققىـــدىكى ھەدىســـتە: بىـــر ئـــادەم ھـــارام مـــال بىـــلەن ھەج قىلىـــپ، ھەج جەريانىـــدا "لَبَّيْكَ اللهُمَّ لَبَّيكَ" «ئـــى ئـــاللاھ ســـاڭا بويـــۇن ئېگىمىـــز» دېســـە، بۇنىڭغـــا جـــاۋابەن ئـــاللاھ تەرىپىـــدىن: «ســـېنىڭ بـــۇ ســـۆزۈڭ ھېســـاب ئەمەس، ھەججىـــڭ رەت قىلىنىـــدۇ، قىلغـــان ئىشـــىڭ بىكـــار»[4] دېيىلىدۇ.

---

[1] رواه ابن ماجه عن ثوبان

[2] رواه البخاري عن أبي هريرة

[3] سۈرە تەۋبە 53-ئايەت

[4] الأصبهاني في الترغيب عن أسلم مولى عمر بن الخطاب

www.uyghurkitap.com



بىر ئەسەردە: «بىر ئادەم شاھادەت كەلىمىسىنى ئۆز ھەققى بىلەن دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ» دېيىلىپ، ئاندىن «ئۇنىڭ ھەققى نېمە؟» دەپ سورالغاندا، بۇنىڭغا جاۋابەن: «ئۇ ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، چەكلىمىلىرىدىن قايتىشى»[1] دېيىلگەن. دېمەك، «بىر ئادەم پەقەت شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە روزا تۇتۇش بىلەنلا كامىل مۇسۇلمان بولالايدۇ» دېگەن خىياللىرىمىز توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلىق ناھايىتى كەڭرى مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نەجاشى بىلەن جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارىسىدا بولۇنغان دىيالوگ، ئىسلامنىڭ كەڭ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. نەجاشى ئىسلام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سورىغاندا، جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى پادىشاھ! بىز نادان كىشىلەر ئىدۇق. بۇتقا ئىبادەت قىلاتتۇق. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاناتلارنى يەيتتۇق. يامان ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلاتتۇق. ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا مۇناسىۋەتنى ئۈزەتتۇق. قولۇم-قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتمەيتتۇق. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتى. بىز مۇشۇ ھالەتتىكى ۋاقتىمىزدا ئاللاھ بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. بىز بۇ پەيغەمبەرنىڭ نەسەبى، راستچىللىقى، ئامانەتدار ئىكەنلىكى ۋە پاك



مۇئامىلە خاراكتېرلىك ئىبادەتلەر دىنىنىڭ يىلتىزى

[1] الترغيب والترهيب عن زيد بن أرقم بسند فيه مقال كبير

كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق. ئۇ بىزنى ئاللاھ تەرەپكە چاقىردى. ئاللاھنى بىر دەپ بىلىپ ئىبادەت قىلدۇق. بىز بۇرۇن ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان بۇتلاردىن ئادا-جۇدا بولدۇق. راست سۆزلەش، ئامانەتنى جايىدا ئادا قىلىش، تۇغقانلار ئارا سىلە-رەھىمنى ئۇلاش، قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قول يىغىش قاتارلىقلارغا بۇيرۇلدۇق»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. مانا بۇ ساھابىلەر چۈشەنگەن ئىسلام بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرى بىلەن ئالاقىداردۇر.

ئايەتنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى بولغان ﴿وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾[2] «گۇناھقا ۋە زۇلۇم (تاجاۋۇز)غا ياردەملەشمەڭلار»دا، "إِثْم" «گۇناھ» - بەندىنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشى ۋە "عُدْوَان" «تاجاۋۇز»- بەندىنىڭ ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇم ئىپادىلەنگەن. ئاللاھ تائالا "لا تَعَاوَنُوا" سۆزى ئارقىلىق ئىككىلا خىل زۇلۇمنى چەكلەپ، يامانلىق يوللىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ياردەم بەرمەسلىكنى تەكىتلەۋاتىدۇ. ئىنسان شەخسىي ئۆتكۈزىدىغان ياكى باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەرگە ياردەمدە بولماسلىقى ۋە شارائىت ياراتماسلىقى كېرەك.




[1] أحمد في مسنده عن أم سلمة أم المؤمنين

[2] سۈرە مائىدە 2-ئايەتنىڭ بىرقىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






ئىنسانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى رەڭگى، تەمى ۋە پۇرىقى بولمىغان سۈزۈك سۇغا ئوخشايدۇ. قاچانكى سۇدا غەيرى پۇراق، رەڭ ۋە تەم پەيدا بولۇپ قالسا بۇزۇلغىنىدەك، ئىنساندا ئەزىيەت بېرىش، غەيۋەت ۋە باشقىلارنىڭ يوللىرىغا توساق سېلىش قاتارلىق غەيرى ئەھۋاللار پەيدا بولغاندا، بۇزۇلۇشقا باشلىغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ﴾[1] «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى» دېگەن. بىر ئىنسان خاتالاشسا، ئۇنىڭ تەسىرىدە باشقىلارمۇ خاتالىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ خاتالىقىدىن يېنىشى ئۈچۈن خاپىلىقلارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە: ﴿لِيُذِيقَهُم بَعْضَ الَّذِي عَمِلُوا لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾[2] «ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى» دېيىلگەن.

ھارام پۇل ياكى دۇرۇس بولمىغان ئىشلار بىلەن قىلىنغان ياخشىلىقلار ئىسلامدا ئەسلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەتراپىمىزدا ئۇلۇغۋار نىشان دەۋاسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان شەكلى گۈزەل، ئەمما ماھىيىتى زىيانلىق بولغان نۇرغۇن رەزىل ئىشلار بار. مەسىلەن: بەزىلەر جازانە بىلەن پۇل تېپىپ ياخشى ئىشلارغا ئىشلەتمەكچى، بالىلارنىڭ

---

[1] سۇرە رۇم 41-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۇرە رۇم 41-ئايەتنىڭ بىر قىسمى




ئوقۇشلىرىغا ياردەم قىلماقچى، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانا سالماقچى بولۇشىدۇ. ئەمما ئىسلام ئۇنداق ئىشلارنى رەت قىلىدۇ. ئەگەر قوللانغان ۋاستىلىرىمىز: ﴿وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ﴾[1] «(پەرۋەردىگارىم)، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن» دېگەن شەرتكە چۈشمىسە، نىشانغا يېتەلمەيمىز.

ئاللاھ تائالانىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزغا ئىككى تۈرلۈك شەرت قويغان. ئۇنىڭ بىرى، قۇرئان-ھەدىس كۆرسەتكەن پرىنسىپلار بويىچە قىلىنىش، يەنە بىرى، خالىس بولۇش. بىز ئىككىلا شەرتكە ئەمەل قىلغان ھالەتتە ئىش ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرقى نىشانغا يېتەلىسەك، ئاللاھ تائالا بىزدىن رازى بولىدۇ.




ھەمكارلىق ئاۋۋال دەۋەتچىلەردىن باشلىنىشى كېرەك. دەۋەت ئىككى خىل بولىدۇ.

[1] سۈرە نەمل 19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.uyghurkitap.com



1- خالىس ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرىش.

2- ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرىش نامىدا، ئەتراپىغا ئادەم توپلاش.

ئاللاھقا خالىس قىلىنغان دەۋەتنىڭ ئىپادىسى، كۆرسىتىلگەن يولدا مېڭىش ۋە بۇ يولغا ئەگىشىش بولۇپ، بۇ دەۋەتچىلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا بولىدۇ. ئەمما مۇرت توپلاش ئۈچۈن دەۋەت قىلىش، نامىدا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغاندەك كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش بولۇپ، بۇنىڭ ئىپادىسى ئۆزئارا توقۇنۇش ۋە ئارازلىشىشتىن ئىبارەتتۇر.




كۆرسىتىلگەن پىرىنسىپ بويىچە ھەمكارلاشساق ۋە باشقىلارنى قوبۇل قىلساق، شۇندىلا بىز ئاللاھ ۋە رەسۇلى كۆرسەتكەن يولدا بولغان بولىمىز ۋە دەۋايىمىز خالىس بولىدۇ. ئەمما ئۆزئارا ھەمكارلاشماي، بىر-بىرىمىزگە ھەرخىل تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، يامان چۈشەنچىلەردە بولساق، ئاللاھنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىمىز.

ھەمكارلىشىش، ئايەت ۋە ھەدىسلەردە كۆپ تەكىتلەنگەن ئۇقۇم بولۇپ، ئەپسۇس بۇ خىل شەكىلدىكى گۇرۇپپىلىشىش ۋە ھەمكارلىق بىزدە ئاللاھ تەلەپ قىلغان شەكىلدە روياپقا چىقمىدى. ئەمما دۈشمەنلەر ھەمكارلىشىش ۋە ئىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەش جەھەتتە ئۇتتۇق قازاندى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۈستىمىزدىن غالىب كەلدى.




بۇ ھايات تۈرلۈك ساھەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئېھتىياجلىق. لېكىن بىر ئادەمنىڭ ھەممە ساھەدە يېتىلىپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم مەلۇم كەسىپ ياكى تۈردە يېتىلىپ كەسىپ ئىگىسى بولۇشى، ئاخىرىدا ھەممەيلەن بىر يەرگە كېلىپ، ئورتاق شەكىلدە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان، مۇسۇلمانلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىلگىرىلىتەلەيدىغان بىر ھالەت مەيدانغا كېلىشى كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئېرىشمەكچى بولغان نىجاتلىقىمىزنىڭ ئاساسىدۇر.

ھەمكارلىق ئەر-ئايال، دادا-بالا، قولۇم-قوشنا، خىزمەتداش ۋە جەمئىيىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن باشلىنىدۇ. ھەممەيلەن ئورتاق ھەمكارلاشقان ۋاقىتتا، قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾[1] «ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردىن بولىمىز. ئەكسىچە ھەمكارلىق سەل قارالغاندا، بىر قىسىملىرىمىز مەلۇم تەرەپتىن ئۇتۇق قازىنىشىمىز مۇمكىن. بۇنى بىز «قىسمەن ئۇتۇق» دەپ ئاتىساقمۇ، «نىجاتلىق» دەپ ئاتىمايمىز. بىرەيلەننىڭ مەلۇم ساھەدە ئۇتۇق قازىنىشى، كېمە چۆكۈۋاتقاندا كىچىك قېيىق ياسىۋالغانغا ئوخشاش بولسا، نىجاتلىق ھەممەيلەننىڭ كېمىدە ساق-سالامەت قىرغاققا چىقىشىمىزغا ئوخشايدۇ. دولقۇنلارنىڭ كىچىك

[1] سۈرە بەقەرە 5-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.uyghurkitap.com






قېيىقنى يۇتۇپ كېتىشى ناھايىتى ئاسان بولغاچقا، بۇ قېيىقنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. دولقۇنلارغا تاقابىل تۇرالايدىغىنى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت چوڭ كېمىدۇر. بىز بۇ كېمىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىشىمىز ئۈچۈن، ھەمكارلىقنى روياپقا چىقىرىشىمىز كېرەك.

ھەمكارلىق - كۈچ-قۇۋۋەت، كەلگۈسىگە قالدۇرىدىغان مەدەنىيەت ۋە ئاللاھقا قىلىنغان ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولغاندىن باشقا، ساھابىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەممە ئىشقا ئورتاق قاتنىشىدىغان جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. خەندەك ئۇرۇشىدىكى رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۆز قولى بىلەن خەندەك قېزىشقا قاتناشقانلىقى، بىزگە تەشكىللەنگەن ئىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمەلىي ئۆرنىكى بولالايدۇ.

رەسۇلۇللاھ مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەندە، مۇھاجىرلارنىڭ سانى ئاران نەچچە يۈز ئىدى. مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ بىر نەچچە مىڭدىن ئاشمايدىغان سان بىلەن، مەدىنىنىڭ ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى. ھالبۇكى شۇ ۋاقىتتا، نۇرغۇن يەھۇدىي قەبىلىلىرى ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بولغان مۇشرىك ۋە بۇددىستلار، ئۇنىڭدىن باشقا قىسمەن مۇسۇلمان شەكلىدىكى مۇناپىقلار بار ئىدى. ئۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىت سالغاندىن كېيىنلا قىلغان تۇنجى ئىشى، "وَثِيْقَةُ المدِيْنَة" «مەدىنە كېلىشىمنامىسى» تۈزۈش بولغان. بۇ كېلىشىمنامە

كۆنمىزدىكى «ئاساسىي قانۇن»غا ئوخشايدۇ. رەسۇلۇللاھ شۇ كېلىشىمدە: "أهْلُ يَثْرِب أمَّةٌ واحِدَة" «مەدىنە ئەھلى بىر مىللەتتۇر» دېگەن بولۇپ، بۇ ئىسلامدىكى تۇنجى جەمئىيەت ئەزالىق ئۇقۇمى ئىدى. ئىسلام دۇنياسى مۇشۇ خىل ئەزالىق ۋە ھەمكارلىقتىن باشقا يول بىلەن چىقىش يولى تاپالمايدۇ.




ھەمكارلىق ئورنىتىش، ئاللاھ تائالانىڭ قەلبلىرىمىزنى رەھمەتكە تولدۇرۇپ، بىر-بىرىمىزگە كۆيۈمچان بولۇشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. مەدىنىدە ھەمكارلىقنىڭ روياپقا چىقىشىنىڭ سەۋەبى، دەل رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىدىكى رەھمەت ۋە كەمتەرلىكتۇر. چۈنكى 127 يىلدىن بۇيان ئۇرۇش ئازابىنى تارتىۋاتقان مەدىنە خەلقى، رەسۇلۇللاھتىن كەمتەرلىك ۋە مېھىر-شەپقەتنى ھېس قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانمىغان بولاتتى. رەسۇلۇللاھ ھەمكارلىقنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىكى مەرھەمەت ۋە كەمتەرلىكنى ھېس قىلدى. نەتىجىدە، ھەممە بىر يەرگە كېلىپ، ئۈلگىلىك بىر جەمئىيەت ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەنگە ھەمكارلىق ئۇقۇمى بەرسۇن، شۇ ئارقىلىق بىزنى يۈكسىلىشكە، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە نېسىپ قىلسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كەمتەر بولۇش




كەمتەرلىك - ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرگەن بەندىسىگە ئىنئام قىلغان، جەمئىيەتتىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان گۈزەل ئەخلاقتۇر. كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ. كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتسا، ئاللاھ ئۇنى ئەزىز قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ كىچىك بالىلارغا سالام قىلىپ ئەھۋال سورىشىدىن تارتىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «رەسۇلۇللاھ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، كىيىملەرنى تىكىپ، ئاياقلارنى ياماپ بېرەتتى»[1] دېگەن سۆزلىرىگىچە، رەسۇلۇللاھنىڭ كەمتەرلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەمتەرلىكنى قانداق قولغا كەلتۈردى؟ بۇ قانداق نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟» دېگەن سوئاللارنى، ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلۇللاھقا قىلغان: ﴿**فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللَّـهِ لِنتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ**

[1] رواه عائشة

**... فِي الْأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ﴾[1] «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن»** دېگەن خىتابىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

كەمتەرلىك - ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقە ياخشى ۋاقىتتا، ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان بىر نېئمەتتۇر. ئالاقىنىڭ دەرىجىسى قانچە ياخشى بولسا، بەندىنىڭ قەلبى رەھمەتكە شۇنچە تولىدۇ-دە، سۆز، ئىش-ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. ئەمما (ئاللاھ ساقلىسۇن!) ئاللاھ




بىلەن بولغان ئالاقە يىراقلاشقاندا، قەلبكە قاتتىقلىق ۋە رەھىمسىزلىك ئورنايدۇ-دە، ئەتراپتىكىلەر بىر-بىرلەپ ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ.

ھەر قانداق بىر دادا باللىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ، ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشى ۋە قوللىشىنى خالايدۇ. ئىش بېشىدىكى رەھبەرمۇ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە يېقىن تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. چۈنكى غەلىبىنىڭ ئاساسى ھەمكارلىق بولۇپ، ئىنسانلار ھەمكارلاشمىغىنىدا غەلىبە قازىنالمايدۇ. ھەمكارلىشىشنىڭ بىرىنچى بىر شەرتى، دەل كەمتەر

---
[1] سۈرە ئال ئىمران 159-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






بولۇشتۇر. ئىنسان كەمتەرلىك بىلەن باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان ۋاقتىتا، ھەمكارلىشىش روياپقا چىقىپ، غەلىبە قولغا كېلىدۇ.

بىز داۋاملىق ئىنتىپاقلىشىش، بىرلىشىش ۋە ئىشلىرىمىزنى رەتلەش ئارقىلىق بىرەر نەتىجە قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە سۆزلەيمىز. ئەمما بۇنىڭ ئاساسى بولغان ھەمكارلىشىپ ئىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەش ۋە بۇنىڭمۇ ئاساسى بولغان كەمتەرلىك بىلەن ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە ئويلىنىپ باقمايمىز. ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەرگە قارىساق، ئۇلاردا ھەر ئادەمنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا، كەسپىي شەكىلدە تەقسىم قىلىنىدىغان ئىش گۇرۇپپىسى ئۇقۇمى شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: ھەركىم ئۆزى ياخشى بىلگەن ئىشلارنى پۇختا شەكىلدە پۈتتۈرۈپ بىر يەرگە توپلىسا، بۈيۈك ئورتاق نەتىجە ھاسىل بولىدۇ. ئەكسىچە، كەمتەرلىكنى تاشلاپ بىر-بىرىگە يوغانچىلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا شەخسىي يول تۇتۇپ مېڭىش، بەلكىم ئۆز ساھەسىدە قىسمەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرۈشى



مۇمكىن، ئەمما ئۈممەت خاراكتېرلىك بۈيۈك غەلىبىنى ئەسلا ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

كەمتەرلىك نەتىجىسىدە ئورتاقلىق، ھەمكارلىشىش، ئىشلارنى تۈر بويىچە ئايرىپ، كەسىپ بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بىر يەرگە كەلگەندە، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ بىرلىشىش ھالىتى شەكىللىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە دىن دۈشمەنلىرى بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتىپ، نۇرغۇن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەپسۇسكى، بىز ئىسلام ئەھلى تۇرۇپ، ئىسلامنىڭ بۇ تەلىپىنى ئورۇندىيالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ۋەدە قىلىنغان بۈيۈك غەلىبىلەرگە تېخىچە ئېرىشەلمەيۋاتىمىز.




مۇلايىملىق ۋە كەمتەرلىك يوقالغاندا، ھەممە ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدۇ-دە، مەنپەئەت رىقابىتى شەكىللىنىدۇ. بۇ رىقابەت «ئىسلامنىڭ خىزمىتىنى مەن ئاۋۋال قىلىۋالىمەن» دېگەن شەكىلدىكى توغرا رىقابەت بولماستىن، بەلكى «ئۆزۈملا نەپكە ئېرىشسەم» دەيدىغان ناتوغرا رىقابەتتۇر. بۇ خىل «رىقابەت» نەتىجىسىدە، ھەمكارلىق چەك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ، غەلىبە يەتكىلى بولمايدىغان بىر چۈشكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ﴾[1] «مېنى ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن» دېگەن. بەندىنىڭ ئاللاھنى

[1] سۈرە بەقەرە 152-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






ئەسلىشى، ئۆزىنىڭ بەندىچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بەندىنى ئەسلىشى، بەندىگە ئەقىل-ھېكمەت بېرىشى، ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت پەزلى-مەرھەمىتىنى ئېچىپ بېرىپ، گۇرۇپپىلىشىپ خىزمەت قىلالايدىغان ۋە ئورتاق بىر يولدا ماڭالايدىغان روھنى ئاتا قىلىشى بىلەن بولىدۇ. بىز قاچانكى ئىتتىپاقلىشالىساق ۋە بىر-بىرىمىزگە كەمتەر بولۇپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشالىساق، «ئاللاھ بىزنى ئەسلىمەپتۇ» دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ: «كەمتەر بولغانلارغا خۇش مۇبارەك!»[1] ۋە «كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇنى كۆتۈرىدۇ»[2] دېگەن. كەمتەرلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ بەلگىسى، ئۆلىمالارنىڭ سىماسى ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن رەھبەرلەرنىڭ تۇتقان يولىدۇر.




ئىنسان ئۆزىدە كەمتەرلىكنى يېتىلدۈرۈش

---

[1] رواه البيهقى فى السنن الكبرى

[2] رواه مسلم و الترمذي عن أبي هريرة

ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈكلۈكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە نەدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشى كېرەك. شۇندىلا ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان-زېمىندىن ئىبارەت بۈيۈك مەخلۇقاتلىرى ئالدىدا، ئۆزىنىڭ ئاددىي ۋە ئاجىز بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتالايدۇ ۋە كەمتەرلىك يېتىلدۈرەلەيدۇ.

ئىنسان سەپەر قىلىپ ھەر تۈرلۈك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ باققىنىدا، دۇنيانىڭ بەك چوڭ ئىكەنلىكىنى ۋە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنچىۋالا مەغرۇرلانغۇدەك ئادەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسان داۋاملىق باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشى، سەپەر قىلىپ دۇنيا كۆرۈشى ۋە كۆزىتىشى كېرەككى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلىشىپ كېتىشىگە يول قويمىسۇن ۋە ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەمتەر بولسۇن.




ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ: «سەپەر قىلىپ باقمىغان ئادەمدە بىلىم يوق» دېگەن. چۈنكى كىشى سەپەر قىلغاندا، ئۆزىدىنمۇ بىلىملىك ۋە ئۆزىدىنمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلار بىلەن مەلۇمات ئالماشتۇرۇپ، بىر-بىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلايدۇ-دە، ئۆزىنىڭ مەغرۇرلىنىشقا ھېچ ئەرزىمەيدىغان ئاددىي بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلاشقاندا جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىمام شافىئىينىڭ: «بىلىمىم ئاشقانسېرى، بىلمەيدىغان نەرسىلىرىمنىڭ كۆپلۈكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن» دېگەن سۆزى ئېسىمىزدە بولسۇن. نەزەر دائىرىسى تار، مەلۇماتى ۋە بىلىدىغىنى ئاز ئادەم تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ. نەزەر دائىرىسى كەڭ، كۆپنى كۆرگەن ۋە بىلىمى مول ئادەملەر ھەرگىزمۇ تەكەببۇر بولمايدۇ. چۈنكى بىلىمى ئاشقانسېرى ئىنسان ئۆزىنىڭ نەقەدەر بىلىمسىز ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ئىبنى قەييىم جەۋزى: «كەمتەرلىكنىڭ بىرىنچى قەدىمى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە تەلىماتى ئالدىدا ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇش» دېگەن بولۇپ، مەغرۇرلۇققا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەردىن بىرى، ئىنسانىنىڭ ئەقلىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئەقىل ئاتا قىلىش ئارقىلىق، بارلىق جانلىقلاردىن يۇقىرى ئورۇنغا ئېلىپ چىققان.




ئەمما ئەقىل ئىنسان قارارىنىڭ بىردىنبىر تايانچىسى بولۇپ قالغاندا، مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتتا چوقۇم ئىنساننى يېتەكلەپ تۇرىدىغان ئەقىلدىنمۇ ئۈستۈنرەك بىر مەنبە بولۇشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ، ۋەھيىدۇر. ئەقىل شۇ ۋەھيىنى چۈشىنىش، تەتبىقلاش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان قورال. شۇڭا ئىنسان ئەقلىنى پۈتۈن ھاياتىغا ھاكىم قىلىۋالماستىن، ئۇنى ھەقىقىي ھاكىم بولغان ۋەھيىگە بويسۇندۇرۇشى كېرەك.

بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك، ئەقىل مۇتلەق كۈچكە ئىگە ئەمەس. ئەگەر ئەللىك يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەم بۈگۈنكى كۈندە تىرىلىپ

قەبرىدىن چىقىپ قالسا، بىز قوللىنىۋاتقان ئۈسكۈنىلەرنى ئەسلا ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ. مەسىلەن: نەچچە مىڭ پارچە كىتاب كىچىك بىر بارماق دىسكىغا سىغدىغانلىقى دېيىلسە، ئەسلا قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىن ئەقلىنىڭ مۇتلەق نەرسە ئەمەس، بەلكى مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن ئىنساندا شەكىللەنگەن بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. دېمەك، ئەقىل ياشىغان مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ كەم-زىيادە بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئەقلىنىڭ ئىنسان ھاياتىغا پۈتۈنلەي ھاكىم بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن قاچانكى ئەقىلگە ئاللاھنىڭ تەلىماتى زىت كەلگەندەك كۆرۈنسە، ئىنسان ئاللاھنىڭ تەلىماتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئويلىشى كېرەك.




ئىنسان ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقانغا ھەرگىزمۇ تۆۋەن بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلار، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ۋە ياراتقۇچىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى بىلمەيدىغان نادانلاردۇر. تەكەببۇرلۇق ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كاردىن چىقىرىدىغان خەتەرلىك ۋىرۇستۇر. ئاددىي بىر مىسال ئالساق: سۈتكە ساپ سۇ قوشۇش بىلەن سۈت بۇزۇلمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا بىر تېمىم بۇزۇق ماددا ئارىلاشسا، سۈتنىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىنسان قانچىلىك ئېسىل سۈپەتلىك بولۇپ كەتسۇن، تەكەببۇرلۇق ۋىرۇسى پەيدا بولغان ھامان، ھەممىسىنى زەھەرلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەلبىدە مىسقالچىلىك كىبىرى بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»[1] دېگەن. ئىنساننىڭ «مەن دېگەن كىمۇ!» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويغانلىقى، ئاللاھ بىلەن ئۇلۇغلۇق تالاشقانلىقى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا: «چوڭلۇق مېنىڭ تونۇم، بۈيۈكلۈك مېنىڭ كىيىمىم. كىمكى مەندىن ئۇلارنى تالاشسا، ئۇنى دوزاخقا تاشلايمەن»[2] دېگەن.

ئەگەر كىبىر شەخستىن ھالقىپ دۆلەت ئەربابلىرىغا ۋە دۆلەتنىڭ خاراكتېرىگە سىڭگەن ۋاقىتتا، باشقىلارنى ئېزىش، تاجاۋۇز قىلىش ۋە قوغلاپ چىقىرىشتەك زۇلۇملارنى شەكىللەندۈرىدۇ. چۈنكى دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ھاكىملار، ئاللاھ بەرگەن ۋاقىتلىق ئىمكانىيەتلەر ۋە ھوقۇققا قاراپ، ئۆزىنىڭ ھەربىر بۇيرۇقى مۇتلەق ئىجرا بولىدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ كىبىر يۈزىسىدىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھېچبىرىدە ئاللاھ تائالانى ئويلاپ قويمايدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۇلارنىڭ زالىملىقىنى بىلدۈرۈپ ۋەيران قىلىش ۋە باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن مۆھلەت بېرىدۇ. ئەمما ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقاچقا، ئاقىۋەتتە ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَأُمْلِي لَهُمْ إِنَّ كَيْدِي مَتِينٌ﴾[3] «ئۇلارغا مۆھلەت




[1] رواه مسلم عن ابن مسعود رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ

[2] رواه البخاري عن أبي هريرة

[3] سۈرە ئەئراف 183-ئايەت




بىرىمەن، مىنىڭ ئازابىم ھەققەتەن قاتتىقتۇر» دېگەن. تارىختا بۇنىڭ پىرئەۋن ۋە نەمرۇت كەبى مىساللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھازىرمۇ بۇ ھەققەتكە شاھىت بولۇۋاتىمىز، كەلگۈسىدىمۇ شاھىت بولىمىز، ئىنشائاللاھ!

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى تەكەببۇرلۇقتىن يىراق قىلسۇن! كەمتەرلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى بىزگە نېسىپ قىلسۇن! قەلبىمىزنى رەھمەتكە تولدۇرۇپ، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە گۈزەل مۇئامىلە قىلىدىغان ھالەتكە ئەكەلسۇن!

www.uyghurkitap.com

# سېخىيلىق ۋە بېغىشلاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى سېخىي كىشى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ رامىزان كۈنلىرىدە «خۇددى شامالدەك» دەپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، قولىدا پۇل-مال تۇرمايدىغان دەرىجىدە سېخىي بولۇپ كېتەتتى.




رەسۇلۇللاھ مەردلىك ۋە سېخىيلىقنى تەسۋىرلەپ: **«ئاللاھ تائالا تىرىكتۇر، سېخىيدۇر. كىشى قولىنى كۆتۈرسە، ئاللاھ ئۇنى قۇرۇق قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ»**[1] دېگەن. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن تۇنجى ۋەھيىدە: ﴿اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ﴾ «ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر» دېيىلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ "أَكْرَمُ" دېگەن سۈپىتى تىلغا ئېلىنغان.

ئەرەب تىلىدىكى سۆز قۇرۇلما نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، "أَكْرَمُ" «مەرد، سېخىي، قولى كەڭ» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاشۇرما سۈپەتداش شەكلى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىمىزدا «ئەڭ كەرەملىك، ئەڭ سېخىي، ئەڭ مەرد» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] السابع عشر من الفوائد المنتقاة عن سلمان الفارسي

ئومۇمىي كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ دۇنيادا «پەيغەمبەرلەر تىپى» ياكى «زالىملار تىپى»دىن ئىبارەت ئىككى ئېقىمدا ياشاۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. زالىملار كىشىلەرنىڭ جىسمىنى بويسۇندۇرالىشى مۇمكىن، ئەمما پەيغەمبەرلەر قەلبلەرنى مايىل قىلىدۇ. زالىملار كىشىلەرنى ئۆزلىرى




ئۈچۈن ياشاتسا، پەيغەمبەرلەر كىشىلەر ئۈچۈن ياشايدۇ. زالىملار ئالدىدا مەدھىيەلەنسە، پەيغەمبەرلەر كەينىدىن مەدھىيەلىنىدۇ.

ئەگەر ئىنسان سېخىي، مەرد، ئوچۇق-يورۇق، باشقىلارغا بېرىشنى خالايدىغان، مىللىتى ۋە دىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ پۇل-مالللىرى ۋە ئەركىنلىكىنى تارتىۋېلىش، كىشىلەردىن مەنپەئەتلىنىش، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئىشى ئۈچۈن خىزمەتكە سېلىش خاراكتېرىدىكىلەر بولسا، زالىملارغا ئەگەشكەنلەردۇر.

ئىنسان ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ئۆمرىدە، باشقىلارغا سېخىيلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى ۋە «بېرىشى» كېرەك. بېرىش، نوقۇل ئىقتىسادقىلا قارىتىلماستىن، بەلكى بىلىم بېرىش، جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ موھتاجلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر جىلغا توشقىچە قويلارنى كۆردى. ئاندىن جىلغىدىكى قويلارنىڭ ھەممىنى ئۆزىگە بېرىشنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ ئادەم خۇشاللىقىدا ئۆزىنىڭ قەۋمىگە بېرىپ: «ئى قەۋم، مۇسۇلمان بولۇڭلار. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ قالماستىن بىر نەرسە بېرىدىكەن»[1] دېگەن. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى سېخىيلىق ئۇقۇمى.

ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىككى تۈرگە بۆلگەن. بىرىنچى تۈردىكىلەر: ﴿فَأَمَّا مَنْ أَعْطَىٰ وَاتَّقَىٰ * وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَىٰ * فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَىٰ﴾[2] «پۇل-مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، كەلىمە تەۋھىدنى تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز». بۇ تۈردىكى كىشىلەر، قىسقىغىنە دۇنيا ھاياتىدا ئۇزۇن تۇرالمايدىغانلىقىغا ۋە دۇنيانىڭ جەننەت ئۈچۈن مەبلەغ توپلايدىغان بىر ۋاقىتلىق مۇددەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، پۇل-ماللىرىنى سېخىيلىق بىلەن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدىغان ۋە يامانلىققا ئۈندەيدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىدىغان كىشىلەردۇر.




---

[1] رواه المسلم

[2] سۈرە لەيل 5-ئايەت

بۇلارنىڭ مۇكاپاتى: ﴿لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا الْحُسْنَىٰ وَزِيَادَةٌ﴾[1] «ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ» دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان.




ئىككىنچى تۈردىكىلەر: ﴿وَأَمَّا مَن بَخِلَ وَاسْتَغْنَىٰ * وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَىٰ * فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْعُسْرَىٰ﴾[2] «بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز». بۇلار ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى خاراكتېرىنى چۈشەنمىگەن، ئۆزىنى پەقەت «دۇنيا ئادىمى» دەپ تونۇيدىغان، بۇ سەۋەبتىن ئېڭىدا بېغىشلاش روھى يوق، بېخىل، ھۇزۇر-ھالاۋەتنى ۋە مەنپەئەتنى ئۈچۈنلا ياشاپ، جەننەت ۋە باشقا نېئمەتلەردىن ئۆزىنى بىھاجەت سانايدىغان ئىنسانلاردۇر.

بۇ تۈردىكى ئىنسانلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى: ﴿وَمَا يُغْنِي عَنْهُ مَالُهُ إِذَا تَرَدَّىٰ﴾[3] «ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ مېلى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ» دېگەن ئايەتتە دېيىلگىنىدەك، دوزاخ بولىدۇ.

---

[1] سۈرە يۇنۇس 26-ئايەت
[2] سۈرە لەيل 8، 9، 10-ئايەت
[3] سۈرە لەيل 11-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇئمىنىنىڭ ھاياتى ئۆزى كۆزلىگەن جەننەتكە قارىتا، خۇددى تىك سىزىق شەكلىدە قۇرۇلغان بولىدۇ. مۇئمىن «بېغىشلاش» ئارقىلىق جەننەتكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ ۋە يۈكسىلىدۇ. يەنى، ئۆزىنى دىن-مىللەت ئۈچۈن بېغىشلاش، يۇقىرىغا ئۆرلەش ئۈچۈن بىر بالداقتىن شوتا ياسىغانغا ئوخشايدۇ. مۇئمىن بۇ ئارقىلىق يۈكسىلىپ، ئاخىرىدا نىشان قىلغان جەننەتكە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، نەپسىگە چوغ تارتىش، ئالدىدىكى شوتىنى بىر بالداقتىن ئاجرىتىپ قالىۋېتىشكە ئوخشايدۇ. بۇ خىل كىشى يۈكسەلمەيدۇ ۋە يۇقىرىغا ئۆرلىيەلمەيدۇ. نەتىجىدە بارىدىغان جايى، جەننەتنىڭ ئەكسى بولىدۇ.


مۇئمىنىنىڭ ھايات كۆرسەتكۈچ سىزىقى، دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئۆرلەيدۇ

بېغىشلاش روھى قۇرئان كەرىمدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى ۋە بەزى بۇيرۇق شەكلىدىكى ئايەتلەر كەلگەن. مەسىلەن: ﴿وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾[1] «ئۇلار بىز بەرگەن رىزىقتىن سەرپ قىلىدۇ» ۋە ﴿وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾[2] «ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار».

قۇرئان كەرىمدە «بىز بەرگەن رىزىقتىن چىقىم قىلىڭلار» دەپ كەلسىلا، ھەممەيلەننىڭ ئىدىيەسىگە مال-دۇنيا چىقىم قىلىش كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە «رىزىق»، ئىنسانغا بېرىلگەن ئىمكانىيەتنىڭ ھەممىنى ئۆز

[1] سۈرە بەقەرە 3-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە 195-ئايەت

ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىنىڭ مېڭىشى، سۆزلىشى، ئەزالىرىنىڭ نورمال بولۇشى، جەمئىيەتتىكى نوپۇزى، ئىناۋىتى، بىلىمى ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ بەرگەن رىزىق قاتارىدىندۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «بېغىشلاش» بىر مەجبۇرىيەت بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنى ھالاكەتكە ئاتقان بولىمىز. بۇ ھەقتە: ﴿وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾[1] «ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» دېيىلگەن.

«بېغىشلاش» دېگەن سۆزدىن، يەنىلا كۆپ ھاللاردا «ئىقتىسادنى سەرپ قىلىش» مەقسەت قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ «قول-ئىلىكىڭدىكى ھەممە نەرسىنى بۇزۇپ-چېچىپ، ئۆزۈڭگە ھېچنەرسە قالدۇرما» دېگەنلىك ئەمەس. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَلَا تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبْسُطْهَا كُلَّ الْبَسْطِ﴾ «قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن) قولۇڭنى بەكمۇ ئېچىۋەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)» دېيىلگەن. بۇ ئايەت بىزگە، ئىقتىساد سەرپ قىلىشتا بېخىللىشىپ، پۈتۈنلەي <تۆمۈر خوراز> بولۇپ كەتمەسلىك، ياكى بۇزۇپ-چېچىپ بەتخەجلىك دەرىجىسىگە بېرىپ قالماسلىق ھەققىدە تەلىم بېرىۋاتىدۇ.

ئىقتىساد سەرپ قىلىشنى كىمدىن باشلايمىز؟ ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئاتا-ئانىدىن دۇنياغا كەلتۈرۈپ، ئەر-ئايال، تاغا-ھاما، جىيەن... قاتارلىق سالاھىيەتلەر بىلەن تۇغقانلىق چەمبىرىكى ئىچىدە قىلدى. جەمئىيەتنىڭ ئىناق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا «بېغىشلاش»نى چەمبىرەكنىڭ ئەڭ تار دائىرىسىدىن باشلاشنى بەلگىلىگەن.

[1] سۈرە بەقەرە 195-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






بۇنىڭغا ئاساسەن، «بېغىشلاش» ئاۋۋال ئائىلىمىزدىن باشلىنىدۇ. ئاتا-ئانا، ئايال، بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقان، تاغا-هاما ۋە نەۋرە تۇغقانلىرىمىز... مۇشۇ شەكىلدە تەرتىپ بويىچە تارقىلىپ ماڭىدۇ. هەتتا بىر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويغان بىر لوقما چاغلىق نەرسىسىمۇ، بېغىشلاش روهى شەكلىدە خاتىرىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق سەدىقە ۋە ياخشىلىق شەكىللىنىپ، جەننەتنىڭ قەدىمى ئېلىنغان بولىدۇ. بارلىق ئىمكانىيىتىنى ئەتراپىدىكىلەر ئۈچۈن سەرپ قىلمىغان ئىنسان، ئىمانىنىڭ ئاساسىنى هازىرلىمىغان بولىدۇ.

ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشىنىڭ تۈپ ئاساسى، ياخشى ئىش قىلىشتۇر. ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾[1] «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن ئايەتتە دېيىلگەندەك، ئىنسان دۇنياغا پەقەت ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەن. چۈنكى ئىبادەت پۈتۈن ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بېغىشلاش - سېخىيلىق ۋە مەردلىكنى، يەنە شۇنداقلا ياردەمگە موهتاجلارنى ئۈچراتقاندا، يۈرەك سىقىلماستىن بار ئىمكانىيەتنى تەڭ ئورتاقلىششنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تەبۇك غازىتىغا هازىرلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ پۈتۈن مال-مۈلكىنى

---

[1] سۈرە زارىيات 56-ئايەت




رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ: «ئائىلەڭگە نېمە قالدۇرۇپ قويدۇڭ؟» دەپ سورىغاندا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى قالدۇرۇپ قويدۇم» دېيىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ «سىددىق» (پەيغەمبەردىن كېيىنلا تۇرىدىغان دەرىجە) ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. بۇ سىددىقلىق ماقامى بىز سۆزلەۋاتقان نورماللىقتىن ھالقىغان بىر ھالەت بولۇپ، ئەگەر بۇنىڭغا ئىمكانىيىتى يەتسە، تەبىئىي مۇشۇنداق قىلىش ئەۋزەل. ئەمما ھەممە ئادەم ئۇنداق قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇراھاللىق تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئاللاھ ھەممەيلەنگە بۇ گۈزەل ئەخلاقنى نېسىپ قىلسۇن! ھەممەيلەننى بېغىشلاش روھى بىلەن مۆئمىن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارسۇن! ئاللاھ بىزنى بۇنىڭ قارشىسى بولغان بېخىللىق ۋە ئاچكۆزلۈكتىن ساقلىسۇن!

www.uyghurkitap.com



# ياخشى ئويدا بولۇش

باشقىلار ھەققىدە ياخشى ئوي-پىكىردە بولۇش ۋە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاش، ئىسلامنىڭ بۈيۈك ئەخلاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئىناق ۋە مۇقىم بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر.




تېمىمىز «ئاللاھ تائالاغا قارىتا قانداق ياخشى ئويدا بولىمىز ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى قانداق چۈشىنىمىز؟»، «مۆئمىن قېرىنداشلىرىمىزغا قارىتا قانداق ياخشى ئوي-پىكىردە بولىمىز؟» ۋە «ئۆزىمىزگە قارىتا قانداق ئوي-پىكىرلەردە بولىمىز؟» قاتارلىق ئۈچ ئاساسىي مەزمۇننى چۆرىدىگەن ئاساستا داۋام قىلىدۇ.

1- ئاللاھ تائالاغا قارىتا قانداق ياخشى ئويدا بولىمىز ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى قانداق چۈشىنىمىز؟

كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى ئويلىۋېلىپ، ئاللاھ: <بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا، مەن شۇنداق> دېگەن. بىز ئاللاھقا قارىتا ياخشى گۇمان قىلىمىز، ئاللاھ بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىپ، رەھمەت

قىلىدۇ» دەپ، ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا سەل قارايدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر بار.

بۇنىڭ قارشىسىدا بولسا، ئاللاھ تائالادىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ: «مەن بىر گۇناھكار. ئاللاھ توسقاندىن يانمىدىم، بۇيرۇغانىنى قىلمىدىم. ئەمدى تۈگەشتىم. دۇنيادا مۇشۇ پېتى قىلغۇلۇقمنى قىلىپ، ئاخىرەتتە بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دەپ ئاللاھقا نىسبەتەن يامان گۇماندا بولىدىغان ئىككىنچى خىل كىشىلەرمۇ بار.

توغرا يول تۇتۇپ ماڭغانلار، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىككى تۈرنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇراھال كىشىلەردۇر. چۈنكى بىرىنچى تۈردىكىلەر جەننەتنى ھېچبىر ئەمەلسىز ۋە بەدەلسىز كۈتىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكىلەر بولسا، ئاللاھنىڭ «ئەڭ مەغپىرەت قىلغۇچى» ۋە «ئەڭ رەھىم-شەپقەتلىك» دېگەن سۈپەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ.




قۇرئان-ھەدىستە بايان قىلىنغان جەننەتنىڭ تەسۋىرىگە قارىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئەقىل يەتكۈسىز كاتتا بىر ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇنىڭ كەڭرىلىكى ئاسمان-زېمىنچە بولۇپ، بۇ دەرىجىدىكى بۈيۈك بىر جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم بېرىلگەن تەلىماتلارنى تەتبىقلاپ، ئاللاھ بۇيرۇغانىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ھالال قىلغانىنى ھالال، ھارام قىلغانىنى ھارام دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئىسلامنى ئاۋال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزىمىزدە، ئاندىن ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.




دېمەك، جەننەت بىزدىن بۇ قەدەر كۆپ ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىي شەكىلدە ئورۇنداپ، ئاندىن ياخشى ئۆيدا بولساق بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەمەل-ئىبادەتسىز «ياخشى ئۆيدا بولۇش» بىلەن جەننەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

ئىنسان ئەقلىيسى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قاتلاممۇ-قاتلام يۇقىرىلاپ ئوقۇپ، يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاندىن كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەكسىچە ئۇستازلار كۆرسەتكەن ئۆگىنىش يولىدا ماڭماستىن، «ئەڭ ياخشى خىزمەت ياكى يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشسەم بولاتتى» دەپ ئويلاش، ئەخمەقانىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئاسمان-زېمىنچە چوڭلۇقتىكى جەننەت، ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا بويى ئېگىپ ئۇنى ھاياتىغا تەتبىقلىماستىن بەدەلسىزلا قولغا كېلىپ قالمايدۇ. بەدەل تۆلىمەستىنلا ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرىپ كېتىش تاماسى، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەتكەن بىر ساددىلىق بولۇپ، نەتىجىدە ئاللاھ ھەققىدە ياخشى ئۆيدا بولۇش نامى ئاستىدا، نۇرغۇن گۇناھلارغا كىرىپ قالىدۇ.

﴿الظَّانِّينَ بِاللَّهِ ظَنَّ السَّوْءِ*عَلَيْهِمْ دَائِرَةُ السَّوْءِ﴾[1] «ئۇلار ئاللاھقا قارىتا يامان ئويلاردا بولدى، (ئۇلار مۇئمىنلەرگە يەتسۇن دېگەن) ھالاكەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىدۇ» دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالاغا قارىتا خاتا قاراشتا بولغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان.




شۇڭلاشقا «ئاللاھ بىلەن ئۇچراشقاندا يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ، ئاللاھ بىزنى ئۆز مەغپىرەت ۋە رەھمىتىگە ئېلىپ، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرىدۇ» دەپ ئاللاھقا قارىتا ياخشى گۇماندا بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئالدىنئالا ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ھازىرلىشىمىز ۋە بېسىشقا تېگىشلىك قەدەملەرنى بېسىشىمىز كېرەك.

ئىنسان ھاياتى ھەر تۈرلۈك مۇسىبەت-خاپىلىقلارغا تولغان. بەزىلىرىمىز بىر مەزگىللىك خۇشاللىقتىن كېيىن خاپىلىقلارغا، يەنە بەزىلىرىمىز بىر مەزگىللىك باياشاتچىلىقتىن كېيىن غورىبەتچىلىككە دۇچ كېلىمىز. بۇ ۋاقىتلاردا بىز خاتا چۈشەنچە بىلەن «مەن ئاللاھقا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتىم؟» دەپ ئويلاپ قالىمىز. ئۈستىمىزگە قاتمۇ-قات مۇسىبەتلەر كېلىۋاتقان مۇشۇنداق ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىدە، ئاللاھقا نىسبەتەن «بۇ ئىشتىمۇ بىر ھېكمەت بار» دەپ، ياخشى قاراشتا بولۇش كېرەك.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان بوھتان ھەققىدە بىر بۆلۈك ئايەتلەر نازىل بولغان. بۇ ئاددىي بىر بوھتان بولماستىن، بەلكى ئايال

---

[1] سۈرە فەتھ 6-ئايەت

www.uyghurkitap.com



كىشىگە نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئىپپەتكە مۇناسىۋەتلىك بوھتان ئىدى. ئەگەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنىڭدىن ئاقلىنالمىسا، بارلىقى تۆگەشكەن بولاتتى ۋە بۇ سەۋەبلىك كەلگەن پۈتۈن خاپىلىق رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. چۈنكى «مۆئمىنلەر ئانىسى»نىڭ شەرىپى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىپى ئىدى.

بوھتان ۋەقەسى ھەققىدە ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّ الَّذِينَ جَاءُوا بِالْإِفْكِ عُصْبَةٌ مِّنكُمْ لَا تَحْسَبُوهُ شَرًّا لَّكُم بَلْ هُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ﴾[1] «شۇبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئىش ئەمەستۇر، بەلكى ياخشىدۇر» دېگەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى بۇ ۋەقە ئارقىلىق سىنىغان ۋە بەزى ئەھكاملارنى ئوتتۇرىغا قويغان.




مۆئمىنلەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولدى ۋە ئۇنداق يامان ئىش قىلمايدىغانلىقىنى دېيىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئىمانى ئاجىز كىشىلەر ۋە مۇناپىقلار بولسا: «يالغۇز قالغاندىكىن، يامان ئىش قىلماي قالمايدۇ» دېگەندەك يامان گۇمانلاردا بولۇشتى. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئايەت ئارقىلىق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئاقلىدى. شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى پىتنىخورلار ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىدى ۋە نەتىجىدە مۆئمىنلەر كىمنىڭ

[1] سۈرە نۇر 11-ئايەت

قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدى. دېمەك، بۇ بىر مەسىلە ئارقىلىق نۇرغۇن ياخشىلىقلار ئوتتۇرىغا چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "اللهم ارزقنا موجبات رحمتك وعزائم مغفرتك" «ئى رەببىم، رەھمىتىڭگە نائىل قىلدۇرىدىغان ۋە مەغپىرىتىڭگە ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى بىزگە نېسىپ قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن. دېمەك، بىز مەغپىرەتكە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن، تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەستىن، ھەتتا ئاللاھنىڭ تەلەپلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەستىن، رەھمەت-مەغپىرەتكە ئېرىشىشنى ئويلاشنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقلىق.

2- مۇئمىن قېرىنداشلىرىمىزغا قارىتا قانداق ياخشى ئوي-پىكىردە بولىمىز؟

مەلۇم بىر قېرىندىشىم كۆڭلۈمگە كېلىدىغان بىر ئىش قىلغان بولسا، مەن توغرا چۈشىنىپ، «بۇنىڭ چوقۇم مەن بىلمەيدىغان بىر تەرىپى بار» ياكى «بۇنىڭ چوقۇم بىر ئۆزرىسى بار» دەپ قارىشىم ۋە باشقىلاردىن تۇيۇقسىز كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر سۆز ئاڭلىسام، «بۇنى چوقۇم يامان نىيەتتە دېمىدى» دەپ ئويلىشىم كېرەك. مانا بۇ مۇئمىن بىلەن مۇئمىننىڭ ئوتتۇرىدا بولۇشقا تېگىشلىك «ياخشى گۇماندا بولۇش»نىڭ مىسالى.

«قېرىندىشىڭغا يەتمىش قېتىم ئۆزرە ئىزدە!» دەيدىغان بىر گەپ بار. قېرىندىشىڭنىڭ قىلغان ئىشلىرىدا ساڭا ياقمايدىغان تەرەپلىرى كۆزۈڭگە چېلىقىپ قالسا، ئۇنىڭغا دەرھال ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرىماستىن، يەتمىش خىل ئۆزرە ئىزدەپ باققىن.

www.uyghurkitap.com



كىشىلەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئۆز كىملىكىنى يوشۇرالايدىغان بولغاچقا، قەلبىدىكى ياخشى-ياماننىڭ ھەممىنى شۇ يەرگە تۆكۈۋاتىدۇ. شۇڭا باشقىلارغا نىسبەتەن يامان گۇماندا بولۇشنىڭ سەلبىي تەسىرى، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بەكرەك ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىش، بىر-بىرىنىڭ يامان گەپلىرىنى قىلىش، باشقىلارنىڭ يازمىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆزى ئويلىغان شەكىلدە چۈشىنىپ، يازما ئىگىسىنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئازار بېرىدىغان ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يازما ئىگىسىگە ئۇۋال قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە يامان ئويدا بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

### 3- ئىنسان ئۆزىگە نىسبەتەن قانداق ئوي-پىكىردە بولىدۇ؟

بۇ ھەقتە تابىئىنلاردىن بىرى: «مەن قىرىققا يېقىن ساھابە بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى مۇناپىق دەپ ئويلايدىكەن» دېگەن. يەنى، ساھابىلەردە «مەن ئەھدىلىشىپ كىرگەن ئىمانىي توختام ۋە ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ بولالمىدىم، بۇ سەۋەبتىن ئېغىزىم بىلەن ئەمەلىيىتىم ئوخشىمايدىغان مۇناپىق بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟» دەيدىغان ھېسسىيات پەيدا بولغان.




ئىنسان: «مەن ئىبادەت ۋە ياخشىلىقنى بەك كۆپ قىلىۋەتتىم» دەپ پەخىرلىنىپ قالماستىن، «مېنىڭ قىلغىنىم بىلەن زىممەمگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ئارىسىدا خېلىلا پەرق بار ئىكەن. ۋەزىپەمنى

جايىدا ئادا قىلالمىغانلىقىم سەۋەبلىك مۇناپىق بولۇپ قالدىمۇ؟» دەپ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى ۋە بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۈزلۈكسىز تىرىشىش كېرەك. چۈنكى ئۆزىمىزگە نىسبەتەن «زىيادە ياخشى ئۆيدا بولۇپ» پەخىرلىنىپ قېلىش، مەغرۇرلىنىش ۋە كىبىرگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا: «مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان كۆز قارىشىدىكىدەك»[1] دېگەن. بەندە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى جايىدا ئىجرا قىلىپ، ھالال-ھارامغا ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلسا، ئاللاھ تائالا بۇ بەندىگە شۇنىڭغا لايىق كۆز بىلەن قارايدۇ. ئەمما بەندە: «دۇنيا دېگەن پەقەتلا مۇشۇ، بۇ دۇنيادىن باشقىنى تونۇمايمەن. دۇنيادا ياشاپ بىر كۈنى ئۆلسەم ھەممە تۈگەيدۇ» دېسە، ئاللاھ ئۇنى شۇ پېتى تاشلاپ قويىدۇ. دېمەك، بەندە رەببىگە قانداق مۇئامىلىدە بولسا، ئاللاھمۇ بەندىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا: «بەندە مېنى ئەسلىسە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەگەر مېنى ئۆزى يالغۇز ئەسلىسە، مەنمۇ ئۆزۈم يالغۇز ئەسلەيمەن. جامائەت ئىچىدە ئەسلىسە، مەن ئۇنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر جامائەت ئىچىدە ئەسلەيمەن»[2] دېگەن. ھەدىستىكى «بەندەم مېنى ئەسلىسە، مەن ئۇنى ئەسلەيمەن» دېگەن مەزمۇن دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.




[1] متفق عليه عن أبي هريرة

[2] متفق عليه عن أبي هريرة

www.uyghurkitap.com



ئۇنداقتا بەندىنىڭ ئاللاھنى ئەسلىشى قانداق بولىدۇ؟ ئاللاھنىڭ بەندىنى ئەسلىشىچۇ؟ بۇنىڭ «ياخشى ئوي-پىكىردە بولۇش» بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

بۇ يەردىكى «بەندەم مېنى ئەسلىسە» دېگەنلىك، «مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھ مېنى بۇ دۇنياغا يوقتىن بار قىلىپ ئەكەلدى. مەن ئۆزۈمنىڭ رىزىقلىرىنى ئۆزۈم تېپىپ يېيەلمەيدىغان ۋاقىتتا، ماڭا ھېچبىر ئەمگەكسىز رىزىقلىرىمنى يەتكۈزۈپ بەردى. چوڭ بولغىنىمدا، رىزقىمنى تېپىپ يېيەلىگۈدەك كۈچ-قۇۋۋەت بەردى. ماڭا كېرەكلىك بولغان پۈتۈن نەرسىلەرنى ھازىرلاپ بەردى. بۇ سەۋەبتىن مېنىڭ بەندىچىلىك قىلىش مەجبۇرىيىتىم بار» دېگەن قاراشقا كېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ بەزىسى ئەقىل-ئىدراكى بىلەن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ ياشىسا، يەنە بەزىسى قانداق ياشاۋاتقىنىنى، دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئاساستا ئىككى پۇتلۇق ھايۋان كەبى ياشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بەندىنى ئەسلىگىنى، دەل بەندىگە ئەقىل-ئىدراك بەرگىنى دېيىشكە بولىدۇ.




ئاللاھ تائالا ئەقىل-ئىدراك ھەققىدە: ﴿وَمَن يُؤْتَ الْحِكْمَةَ فَقَدْ أُوتِيَ خَيْرًا كَثِيرًا﴾[1] «ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ» دېگەن ۋە

[1] سۈرە بەقەرە 269-ئايەت

يەنە: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ أُولَٰئِكَ لَهُمُ الْأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾[1] «ئىمانى مۇكەممەل بولغان، ئىمانىغا شېرىك ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر» دېگەن. ئىنسان ئەقىل ئارقىلىق، دۇنيادىكى كۆپىنچە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بەخت-سائادەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىدا: «مەسچىتلەر مېنىڭ زېمىندىكى ئۆيۈم. ئۆيۈمنى زىيارەت قىلغۇچىلار، ئۇنى ئاۋات قىلغۇچىلاردۇر. ئۆيىدە تاھارەتنى ئېلىپ، مېنى زىيارەت قىلغان بەندىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن! زىيارەت قىلىنغۇچىغا زىيارەت قىلغۇچىنى ھۆرمەتلەش ھەقتۇر»[2] دېگەن. ئاللاھ مەسچىتلەرنى ئاۋات قىلغۇچىلارنى، ھېكمەت ۋە ئەقىل-ئىدراك بېرىش ئارقىلىق ھۆرمەتلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئايەتتە: ﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ﴾[3] «مېنى ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن»، ھەدىس قۇدسىدا: «سىلەر توغرا يولدا مېڭىڭلار! بەرگەن نېئمىتىمنى ساناپ بولالمايسىلەر»[4] دېگەن. ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ياد ئېتىدىغان توغرا يولدىكى ئائىلە، يەپ-ئىچىپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ياكى ئۆلۈپلا تۈگەيدىغان ئائىلە بولماستىن، بەلكى «باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىدىغان ۋەزىپىلىك ئائىلە»دۇر.

مۆئمىن دۇنياغا كەلگەن ئىكەن، چوقۇم ئىز قالدۇرۇپ كېتىشى كېرەك. دۇنيادا يەتتە يېرىم مىلياردتىن ئارتۇق ئادەم بار. كۈنگە تۆت يۈز

[1] سۈرە ئەنئام 81-ئايەت

[2] رواه أبو نعيم عن أبي سعيد الخدري

[3] سۈرە بەقەرە 152-ئايەت

[4] مالك عن بلاغ مالك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






مىڭغا يېقىن ئادەم تۇغۇلۇپ، ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ئىنسانلار دۇنياغا يەپ-ئىچىپ، ئويناپ-كۈلۈش ئۈچۈنلا كېلىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھېچ پايدىلىق خىزمەت قىلماي، دۇنيادا ھېچقانداق ئىز قالدۇرماستىن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىدراكسىزلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

جەمئىيىتىمىزدە ئومۇمىيۈزلۈك يۈز بېرىۋاتقان ۋە ئارىمىزدا ئاز بولمىغان خاپىلىقلارنى پەيدا قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، مۇئمىنلەرنىڭ بىر-بىرى ھەققىدە يامان ئويدا بولۇشىدۇر. كىشىلەر ھازىر بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقىدىنمۇ يامان گۇمان قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. مەسىلەن: ئىقتىسادىي ئەھۋالى تۆۋەنرەك بىر قېرىندىشىمىز بىزنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ، قىزغىنلىق ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئائىلىسىنىڭ نەچچە كۈنلۈك خىراجىتىنى سەرپ قىلىپ ئىززەت كۈتۈۋالدى. بىز ئەسلىدە بۇنىڭ ئۈچۈن خۇرسەن بولۇپ دۇئا قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن يامان گۇمان قەلبىمىزگە ئورناپ كەتكەچكە: «بۇنچە كايىپ مېھمان قىلغۇدەك پۇلنى نەدىن تاپقاندۇ؟ ياكى بىرەر ئىش توغرۇلۇق بىزگە خۇشامەت قىلىۋاتامدىغاندۇ؟» دەيدىغان يامان گۇمانلارنى قىلىمىز.

يەنە بەزى كىشىلىرىمىز بىر تەرەپتىن قارىسا يامان، يەنە بىر تەرەپتىن قارىسا ياخشى گۇمان قىلغىلى بولىدىغان قوش بىسلىق

(ئىھتىماللىق) ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇنداق ئىشلاردا مەسئۇلىيەتنى ئىككىلا تەرەپكە (شۇ ئىشنى قىلغۇچى ۋە كۆرگۈچىگە) ئارتىمىز. بۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشى، ئاردىكى شەيتاننى قوغلاش ۋە ئەتراپتىكىلەرنىڭ يامان گۇمان قىلىپ، ئاخىرىدا يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى كېرەك. مەسىلەن: تېلېفوندا بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، بىرەر ئادەم كېلىشى بىلەنلا دەرھال تېلېفوننىڭ ئاۋازىنى ئېتىۋالساڭ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلساڭ، باشقىلارنىڭ يامان گۇمان قىلىشىغا ئورۇن قالدۇرۇپ قويغان بولىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپىڭدىكىلەرگە: «ماۋۇ پالانى، پالان ئىش بىلەن تېلېفون قىلىپتىكەن» دېگەن شەكىلدە بايان قىلىۋېتىشىڭ كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، باشقىلارنى جىنايەتكە چۈشۈرۈپ قويغان بولىسەن-دە، سەنمۇ شۇ جىنايەتكە شېرىك بولۇپ قالىسەن.




بىرەر دەلىل-ئىسپات ياكى كۈچلۈك بىر ئىھتىماللىق بولمىغان ئەھۋالدا باشقىلاردىن يامان گۇمان قىلىش، ئېغىر دەرىجىدىكى زۇلۇم ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىراۋدىن ئېنىق خاتالىق كۆرۈنۈپ، بۇنىڭغا كۈچلۈك ئىسپات بار ئەھۋالدىمۇ «مەن ياخشى گۇمان قىلاتتىم» دەپ، ئۇ ئىشقا پۈتۈنلەي پەرۋاسىز قاراشنىڭ ئۆزى بىر ساددىلىق. شۇڭا بەزىبىر يامانلىق ئىھتىماللىقى يۇقىرى ئىشلاردا،

www.uyghurkitap.com



باشقىلارنىڭ بىزنى ئالداپ كېتىشى، زىيانكەشلىك يەتكۈزۈپ قويۇشى ياكى ئەتراپىمىزدا يامان ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، هوشيار مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك. بۇ ھەقتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن يامان گۇمان قىلىپمۇ كەتمەيمەن، ياخشى گۇمان قىلىدىم دەپ ئالدىنىپمۇ كەتمەيمەن» دېگەن. بىز مۇشۇ ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.




بىز باشقىلارنىڭ يامان گۇمان قىلىپ قېلىشى ۋە قارىغۇلارچە تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يامان گۇمانغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن: بىرى ئايالىنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ، ئاكىسىنى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشقا تاپىلاپ سەپەرگە چىقىپ كەتسە، قوشنىلارنىڭ يامان گۇمان قىلىشىغا سەۋەب بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇ كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ئاكىسى ۋە سەپەردىن كەلگۈچە ئۆيدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نۇقتىغا ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى سەفىيە بىلەن مەسچىتنىڭ قېشىدا تۇراتتى. ئىككى ساھابە كېلىپ رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ تېز مېڭىپ ئۆتۈپ

كەتتى. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ: «توختاڭلار! ماۋۇ مېنىڭ ئايالىم سەفىيە بىنتى ھۇيەيي جۇمۇ»[1] دېگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەسىلىنى ئوچۇق بايان قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ يامان گۇمانغا بىزنى شېرىك قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا بايان قىلىش ئېھتىمالى بولغان يەردە، چوقۇم بايان قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن: يېقىن دوستىڭىز سودا قىلىش ئۈچۈن سىزگە مەلۇم مىقداردا پۇل بەرسە، گەرچە ئۇ سىزگە شۇ قەدەر ئىشىنىدىغان بولسىمۇ، سودا تۈگىگەندىن كېيىن، تالونلار بىلەن تولۇق ھېساباتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىڭىز كېرەك. بۇنداق قىلىش مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ياكى شۇ سودىدا زىيان چىقىپ قالسا، قارشى تەرەپنىڭ: «شۇ چاغدا پۇلنىڭ بىر قىسمىنى يەۋالغان بولغىيمىتى؟» دەيدىغان يامان گۇماننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.




بىر ئادەمنىڭ مەلۇم خاتا ئىشنى قىلغانلىقىغا ئېنىق دەلىل-ئىسپات بولغان ۋاقىتتا، يامان گۇمان قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ يولى، خاتالىقنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تارقىتىپ پىتنە ئاۋۇتۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاۋۋال شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈش بىلەن بولىدۇ. كۆڭلىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئەڭ ئېغىر تەرىپى، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىدىن ئىلگىرىلىگەن

[1] سنن أبي داود عن صفية

www.uyghurkitap.com






ھالدا ئەھۋال ئىگەللىمەستىن، ئۇ خاتالىقلارنى خەلق-ئالەمگە يېيىۋېتىشتۇر. مەسىلەن: بىرى يازغان يازمىنىڭ خاتا تەرەپلىرىنى بايقىغان ھامان، يازغان كىشىدىن نېمە مەقسەتتە يازغىنىنى سورۇشتۇرمەي تورۇپلا، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدا «پالانى بۇ يازمىنى مۇنداق مەقسەتتە يېزىپتۇ» دەپ، مەسىلىنى ئومۇمىي جەمئىيەتتە يېيىش، ئىسلام ئەخلاقىغا پەقەتلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

قۇرئان كەرىم يامانلىقنىڭ مۇئمىنلەر ئارىسىدا تارقىتىلىشىنىڭ ئېغىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىپ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ﴾[1] «مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ» دېگەن.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا خاتا ئىشلارنىڭ مۇئمىنلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشىنى ياخشى كۆرىدىغان، باشقىلارنى تەشۋىشكە سېلىش ۋە كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇشقا ئامراق ئادەملەرنىڭ جازاسىنىڭ: ﴿لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ﴾ «شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ» ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

---

[1] سۈرە نۇر 19-ئايەت

بەزى كىشىلەرگە: «باشقىلارنىڭ يازمىسىدىن يامان گۇمان قىلىپ، ئۇنى خەلقى ئالەمگە يايغىچە، ئۆزى بىلەن ئايرىم دېيىشسەڭ بولمامدۇ؟» دېيىلسە، ئۇلار ناھايىتى مەغرۇرلۇق بىلەن: «ئۇنىڭ يازغان نەرسىسىدىن قانداق ياخشى گۇمان قىلغىلى بولسۇن؟ ھەم ئۇ يازمىنى توردا ئېلان قىلغان تۇرسا، مەن نېمىشقا ئايرىم دېگۈدەكمەن!» دەيدۇ. ئۇ راستلا خاتالاشقان بولسا، تۈزىتىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىلىشى ۋە خاتالىق ئايرىم ئەسكەرتىلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ كىشى يازمىدىكى خاتالىقى ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ، كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما يامان گۇمان قىلىپ خەلقى ئالەمگە يېيىش، جازاسى ئىنتايىن ئېغىر بولغان بىر جىنايەتتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ھەممىمىز بىر كوچىدا ماڭىدىغان، زىياپەتلەردە بىر داستىخاندا ئولتۇرىدىغان كىشىلەر بولساقمۇ، ئەمما ئېنتېرنېتقا چىققان ۋاقىتتا، «ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيدىغۇ!» دەپ قاراپ، ئىچ-باغرىنى تۆكۈپ، دەردىنى چىقىرىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەھۋاللار بار. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۇ دۇنيادا ئەمەل دەپتىرىمىزگە يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى خالايىق ئالدىدا ئوقۇپ بېرىلىدۇ! شۇڭا ئارىمىزدا ئەۋج ئېلىۋاتقان ۋە كىشىلەر نەزىرىدە ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكى ئۇنتۇلۇپ، ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بۇ مۇھىم نۇقتىنى دائىم ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رەسۇلۇللاھ: «باشقىلارغا ياخشى قاراشتا بولۇش ئىبادەتتۇر»[1] دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلىرىمىزغا بولغان قارىشىمىزنى ياخشىلىشىمىز، مۇناسىۋىتىمىزنى چىڭىتىشىمىز، ياردەملىشىشىمىز ۋە ئۆزئارا نەسىھەت قىلىشىمىز ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ئۇقۇمىغا كىرىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىز ئاللاھنى بىر دېگەن، قىيامەت كۈنى ھېساب-جازا بارلىقىنى تونۇغان ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان كىشىلەردۇر. بەلكىم قىلغان ئىشلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى باردۇر ياكى بىز خاتا چۈشىنىپ قالغاندىمىز. شۇڭا باشقىلار ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش ۋە بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈش، ئەڭ توغرا ھەم ئەڭ ساغلام يولدۇر.

ئاللاھ ھەممىيلەنگە ئۆزئارا ياخشى قاراشتا بولىدىغان ۋە ھەمكارلىشىدىغان بىر مۇھىت ئاتا قىلسۇن!

[1] رواه إمام أحمد عن أبي هريرة



www.uyghurkitap.com

# مۇلايىملىق ۋە سالماقلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**ئاللاھ تائالاغا مۇلايىملىق ۋە سالماقلىقتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىر ئىش يوق**»[1] دېگەن. ئەرەبچىدە مۇلايىملىق ۋە سالماقلىق "الحِلم" سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن بىرى "الحَلِيْم"دۇر.




پۈتۈن مۈكەممەل ئىسىم-سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھتا تەجەللى قىلىدۇ. قۇرئان كەرىممۇ بىزگە مۈكەممەللىكنىڭ ئىپادىسى شەكلىدە ئاللاھ تائالانىڭ 99 ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان. بىزدە تېپىلىدىغان بارچە گۈزەل ئەخلاقلار، ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانىڭ كامالىيەت سۈپەتلىرىنىڭ بىزدىكى نامايەندىسىدۇر.

دۇنيا قانۇنىيىتىدە، ئېنېرگىيەسى ئوخشىمايدىغان ئىككى جىسىم ئۆزئارا ئۇچراشسا، ئېنېرگىيە يۇقىرىسىدىن تۆۋىنىگە ئۆتىدۇ. مەسىلەن: ئىككى ئېقىن باغلانغاندا، كۆپ ئېقىن ئاز ئېقىنغا قۇيۇلىدۇ. سۈت بوتۇلكىسىنى قايناق سۇغا چىلاپ قويساق، سۇنىڭ ئىسسىقلىقى سۈتكە ئۆتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا بىلەن مۇناسىۋىتىمىز ياخشى

[1] رواه عن أنس بن مالك

باغلانغاندا، ئاللاھتىكى ئىسىم-سۈپەتلەر تەبىئىيلا بىزگە تەسىر قىلىپ، ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدۇ، بەندىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ، ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرگە ئالدىراپ جازا بەرمەستىن، مۆھلەت بېرىدۇ. بۇ دەل ئاللاھنىڭ "الحَلِيْم" سۈپىتىدۇر.

ئىنساندىكى «سالماقلىق، مۇلايىملىق» تەبىئىتى بىلەن «سالماق بولۇش، مۇلايىم بولۇش» ئارىسىدا پەرق بار. «سالماقلىق، مۇلايىملىق» ئاۋۋال سالماق ۋە مۇلايىم بولۇشتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن «سالماقلىق ۋە مۇلايىملىق» ئۆز تەبىئىتىمىزگە ئايلىنىپ، ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزدە ئەخلاق شەكلىدە نامايەن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغاندا، ئەقلى ئاچچىقى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئۆزىنى بېسىۋالغانلىقى «سالماق ۋە مۇلايىم بولۇش» ھېسابلىنىدۇ. دەسلەپتە ئاچچىقىنى باسماق قىيىن كەلگەن بولسا، ئاستا-ئاستا پۈچەك ئىشلارغا ئاچچىقلانمايدىغان بىر ھالەت شەكىللىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇلايىملىق ۋە سالماقلىق بۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىنسان ئۆزىنى زورلاپ تۇتۇۋالىدىغان ھالەتتىن ئۆتۈپ، باشقىلارنىڭ ئازار بېرىشلىرى، ئىغۋاگەرچىلىكلىرى ئېغىر كەلمەيدىغان ۋە ئىشلارغا ئەقلى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر ھالەت شەكىللىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەسۇلۇللاھ ئىشلارنىڭ تەرتىپىنى كۆرسىتىپ: «بىلىم بىر-بىرلەپ ئۆگىنىش بىلەن، مۇلايىملىق ۋە سالماقلىق ئۆزىنى زورلاپ سالماق بولۇش بىلەن، سېخىيلىق ئۆزىنى زورلاپ سېخىيلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ»[1] دېگەن. ھەرقانداق ئىش دەسلەپتە ئىنسان تەبىئىتىگە ئېغىر كېلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا-بارا كۆنۈپ قالغانغا ئوخشاش، مۇلايىم ۋە سالماق بولۇشمۇ دەسلەپتە ئۆزىنى زورلاپ بېسىپ، ھەر ئىشتا ئەقلىنى ھېسسىياتىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ سالماق بولۇش بىلەن باشلىنىدۇ.

ئىنسان مۇكەممەللىكىنىڭ تۈنجى قەدىمىنى، قىينالسىمۇ ئۆزىنى زورلاپ تۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ خىل زورلىنىش بىلەن قەدەم ئېلىۋېرىش نەتىجىسىدە، ئىنساندا «ئاللاھ تائالانى رازى قىلدىم» دەيدىغان تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ شەكىلدە ئاللاھقا توغرا رەۋىشتە يۈزلەنسە، كامالىيەت سۈپەتلىرى ئىنساننىڭ مىجەز-خاراكتېرىگە ئايلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ھېچقانداق جاپا تۇيۇلمايدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىگە نىسبەتەن يۈك ياكى ۋەزىپە سۈپىتىدە كۆرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَىٰ فَادْعُوهُ بِهَا﴾[2] «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى بار، ئاللاھقا شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن يۈزلىنىڭلار» دېگەن. ئادەتتە ئەرەب تىلىدا "بِهَا"دىكى "ب" ھەرپى «ئۇ سۈپەتلەرنى قوللىنىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئىنسان ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن، كامالىي سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك. شۇنچە جىنايەت، تۆزكورلۇق ۋە ناشۈكۈرلۈكلەرنى جازالاشقا ئالدىرىمايدىغان ئاللاھ تائالادەك "حَلِيمٌ" زاتقا، بىزمۇ «مۇلايىم ۋە سالماقلىق» بىلەن يۈزلىنىشىمىز كېرەك.

---

[1] رواه الطبراني عن أبي الدرداء

[2] سۈرە ئەئراف 180-ئايەت

## مۆلايىم كىشى ئاچچىقى بېسىققانغا قەدەر قارار ئالمايدۇ

ئىنسان بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلار تەرىپىدىن يولسىزلىق ۋە ئىغۋاگەرچىلىككە ئۇچراپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، پارتلاپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۆلايىم ۋە سالماق كىشىدە كۆرۈلىدىغان ئىپادە بولسا، ئالدىراپ قارار چىقارماستىن، ئەقەللىيسى نەچچە سائەت ياكى بىرەر كۈن كېچىكتۈرۈشتۇر. چۈنكى سالماق ئادەم ئاچچىقلانغاندا چىقىرىلغان قارارنىڭ پۇشايمىنىنىڭ ئۆزىنى ئازابلايدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ۋابالىنىڭ يەنىلا ئۆزىگە بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.




قارارنى بىر نەچچە كۈنگە كېچىكتۈرگەندە، ئاچچىقى پەسكويغا چۈشۈپ نېرۋىسى جايىدا ئىشلەيدۇ ۋە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئەسلىگە قايتۇرالايدۇ. بەلكىم ئۇ ۋاقىتقىچە مەسىلىلەر ھەل قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋاللار تۇرمۇشتىكى كىچىك مەسىلىلەردىن تارتىپ، ئۇممەت ۋە مىللەتنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولىدىغان، بۈيۈك مەنپەئەتلەر زىيانغا ئۇچرايدىغان چوڭ-چوڭ قارارلارغىچە ھەممىسىدە كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئاچچىقلانغاندا ھەرقانداق قارار ياكى ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆلايىم ۋە سالماقلىقى، ھاياتىدا ئۇچرىغان ۋەقەلىكلەردە ئوچۇق ئەكس ئېتىدۇ. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ مەسچىتتە ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇراتتى. بىر ئەئرابىي (تاغلىق ئەرەب) كېلىپلا: «مۇھەممەد دېگەن كىمۇ؟» دېگەندە، ساھابىلەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى






كۆرسىتىپ قويىدى. ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ قىشىغا بېرىپ قوپاللىق بىلەن ياقىسىدىن تارتىپلا: «خۇدايىم بەرگەن نەرسىلەردىن ماڭىمۇ بەرمەمسەن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «بۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ ماللىرىدىن بېرىڭلار»[1] دېدى.

بىر ئەئرابىي رەسۇلۇللاھتىن مەلۇم بىر مەسىلە توغرىسىدا سورىغىلى كەلگەن. ئۇ تۆگىسىنى مەسچىت ھويلىسىغا چۆكتۈرۈپ قويۇپ، رەسۇلۇللاھتىن سورايدىغان گېپىنى سوراپ بولغاندىن كېيىن، مەسچىتنىڭ بىر تەرىپىگە بېرىپلا كىچىك تەرەت قىلغان. ساھابىلەر بۇنى كۆرۈپ، تەرەپ-تەرەپتىن ئېتىراز بىلدۈرۈپ توسۇشقا ئۇرۇنغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «توختاڭلار! تەرىتىنى سۇندۇرۇۋالسۇن، چۈنكى ئۇ بىلمەيدۇ» دېگەن ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «تائىف»تىكى ئېغىر-بېسىقلىقى

ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ زىممىسىدە، ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. ئىنسان مەسئۇلىيىتىنى راۋۇرۇس ئىجرا قىلىشقا تۇتۇش قىلسىلا، جەمئىيەت باشقا بىر جەمئىيەتكە، ئۇ كىشى باشقا بىر كىشىگە ئۆزگىرىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى شۇ قەدەر تونۇغانكى، تائىف ئەھلىنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش،

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

ئاللاھنىڭ يولىغا باشلاپ مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىش ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، جاپالارغا پەرۋا قىلماستىن 80 كىلومېتىرلىق تائىف يولىنى پىيادە باسقان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ قەدەر ياخشى نىيەت ۋە بۈيۈك ۋەزىپىلىك زات بولۇشىغا قارىماستىن، تائىف ئەھلى ئۇنى مەسخىرە قىلدى. ھەتتا بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماستىن، كىچىك بالىلىرىنى كۈشكۈرتۈپ رەسۇلۇللاھقا تاش ئاتقۇزدى. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بىر پەرىشتە كېلىپ: «رەببىم مېنى سېنىڭ ئىرادەڭ ئاستىدا بولۇشۇمنى بۇيرىدى. ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىككى تاغنى (ئەبۇ قۇبەيس ۋە قۇئەيقەئان تېغىنى) ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈۋېتەي» دېدى. رەسۇلۇللاھ تولۇق ئىنتىقام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە تۇرۇپ: «ياق، ئۇنداق قىلمىغىن! ئى ئاللاھ، قەۋمىمنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ»[1] دەپ دۇئا قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئۇ ۋاقىتتا: «ئۇلار ئاللاھنى ۋە مېنى ئىنكار قىلىپ، ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەن بولسىمۇ، بەلكىم ئەۋلادلىرىدىن مۇسۇلمانلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەننى كۆزلىگەن ئىدى. مانا بۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ "الحَلِيْم" سۈپىتىدىن ئۆزلەشتۈرگەن مۇلايىملىقى ۋە سالماقلىقىدۇر.

## مۇلايىملىق - ئاچچىقنى بېسىشنى بىلىشتۇر

بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا بىر سۆز تەۋسىيە قىلسىلا» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئاچچىقلانما!» دېدى. ئۇ كىشى سوئالنى يەنە بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىۋېدى، رەسۇلۇللاھمۇ: «ئاچچىقلانما!» دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى[2]. رەسۇلۇللاھ يەنە: «بىر

[1] روي عن عبد الله بن مسعود (متفق عليه)

[2] أحمد والطبراني في الأوسط وأبو يعلى عن جارية بن قدامة

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






ئادەمنىڭ باتۇرلۇقى، بىراۋنى ئۇرۇپ يىقىتالىغانلىقى بىلەن ئەمەس، ئاچچىقلانغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى بىلەن بولىدۇ»[1] دېگەن. «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن ماقال-تەمسىلنى، بەلكىم ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن يەكۈنلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

«ئاچچىقى كېلىش» بىلەن «ئاچچىقلىنىش» ئارىسىدا پەرق بار. «ئاچچىقى كېلىش» ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئىنسان ۋۇجۇدىدا ياراتقان تەبىئەتلەردىن بىرى. شۇڭا «ئاچچىقى كېلىش» نورمال ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. مەسىلەن: بىراۋ ماڭا يولسىزلىق قىلسا ياكى بۇيرۇغان بىر ئىشىمنى ئەپلەشتۈرەلمىسە، ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىشى مۇمكىن. ئەمما بىزدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئىسلام ئەخلاقى، كەلگەن ئاچچىقنىڭ كەينىگە




[1] رواه البخاري عن أبي هريرة

كىرىپ «ئاچچىقلىنىش»تىن ھەزەر ئەيلەشنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەتتىكى ئىشلارغا ئاچچىقلىنىپ سالماقلىقنى يوقىتىش، ئىنساننىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر نەزەر دائىرىسى كەڭرى بولسا، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار كىشىگە نىسبەتەن چوڭ ھېسابلانمايدۇ ۋە سەلبىي تەسىر بېرىپ «ئاچچىقلىنىش»نى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئەمما كىشى نەزەر دائىرىسى تار، ئىدىيەسى پۇچەك، مەسىلىلەرگە سەلبىي شەكىلدە قارايدىغان ئادەم بولۇپ قالسا، ئاددىي ئىشلار ۋە ئازغىنە زىيانلار چوڭ بىلىنىپ، «ئاچچىقلىنىش» كېلىپ چىقىدۇ.




مۇئمىنلىك سالاھىيىتى، كىشىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي سەۋىيەسىنى بەلگىلەشتە يېتەرلىكتۇر. چۈنكى ئاللاھ نادانىنى دوست تۇتمىغانلىقى ۋە ئەخلاقسىزنى ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇئمىن ئىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك. «مۇئمىن» دېگەن ۋاقتىمىزدا، ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە يۈكسەكلىكنى شەكىللەندۈرگەن بىر كىشى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل مۇئمىننىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى دەرىجىسىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بۇ قەدەر ئالىي ماقامغا ئېرىشكەن، نەزەر دائىرىسى كەڭ مۇئمىننى، نادان بىرىنىڭ قىلغانلىرى ئاچچىقلىتالمايدۇ ۋە يۇقىرى ئورنىدىن تۆۋەنلىتەلمەيدۇ. ئەمما ئاددىي ئىشلارغىمۇ

www.uyghurkitap.com



ئاچچىقلىنىپ، مۇلايىملىقنى يوقاتقان كىشىنىڭ يۈقىرى ماقامدىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ.

## ئاۋام-خەلق مۇلايىملىق بىلەن زىننەتلىنىشكە موھتاج

بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە تىل تەگكۈزۈشى، ھاقارەت قىلىشى ۋە بىرەر تال ئىنكاس سەۋەبلىك يازمىلارنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ كېتىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار، جەمئىيىتىمىز ۋە كىشىلىرىمىزنىڭ ئەخلاقىدىكى پەۋقۇلئاددە ئېغىر مۇسىبەتنىڭ سىگنالى.

كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرىدىكى ئىسمى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، ئۇ يەردە يېزىلغان ھەربىر ناتوغرا ئىپادىلەر، شۇ كىشىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەرقانداق بىر ناتوغرا يازمىنى يازغان ئادەم، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۆزىنىڭ يازمىسىغا قاراپ تۇرۇپ ئۆلچەپ باقسا بولىدۇ.

ئارىمىزدا ئاددىي ئىشلارغا ئاچچىقلىنىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ بولۇپ: «مېنىڭ مىجەزىم مۇشۇنداق، مەن بىر ئاچچىقى يامان ئادەم» دېگەندەك قاملاشمىغان سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى ئاقلايدىغان ۋە يەنە: «مېنىڭ مىجەزىم ئەسكى، شۇڭا دىققەت قىل!» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن باشقىلارغا تەھدىت سالىدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. بىز



ئۇلارغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان: «قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يامان ئادەم، كىشىلەر ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ تاشلاپ كەتكەن ئادەمدۇر»[1] دېگەن ھەدىسنى سوۋغا قىلىمىز.

مۇئمىن ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلەنگەن ۋاقىتتىلا، مۇلايىملىق ۋە سالماقلىق ئىچكى ۋە تاشقى سۈپەتلىرىگە ئايلىنىپ، ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر تاشقى كۆرۈنۈشىدە كۈلۈمسىرەش، سەۋر ۋە مۇلايىملىق، ئىچكى دۇنياسىدا بولسا، مۇكەممەللىك ھاسىل بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاللاھنىڭ كامالىي سۈپەتلىرى ئۇ مۇئمىندە تەسىرىنى كۆرسەتكەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىنىشكە نېسىپ قىلسۇن!

[1] رواه البخاري عن عائشة

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھايا قىلىش

**«ھايا ئىماننىڭ بىر بۆلىكى»[1]، «ھايا بىلەن ئىمان بىر جۈپ، بىرى يوقالسا يەنە بىرى بىرگە يوقىلىدۇ»[2].**




ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چومپەردىلىك قىزدىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى»[3] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ھايا ھەققىدە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىپ: «سىلەر ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلىڭلار!» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئەلھەمدۇلىللاھ، بىز ئاللاھتىن ھايا قىلىمىز» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «مەن مەقسەت قىلغان ھايا ئۇ ئەمەس. ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلىش بولسا، كاللاڭغا كەلگەن ئوي-پىكىرلەرنى كونترول قىلىش، يېمەك-ئىچمىكىڭگە دىققەت قىلىش، ئۆلۈم ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ھالەتنى ئەسلەشتۇر. كىمكى ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى خالىسا، دۇنيانىڭ

---

[1] متفق عليه عن أبي هريرة

[2] رواه الحاكم عن عبد الله بن عمر

[3] رواه البخاري عن أبي سعيد الخدري

زىنىنتىنى تاشلايدۇ. يۇقىرىقى ئىشلارنى جايىدا قىلسا، ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلغان بولىدۇ»[1] دېگەن.

## خىجىل بولۇش بىلەن ھايا قىلىشنىڭ پەرقى

«ھايا» سۆزى، كۆپىنچىمىزنىڭ كاللىسىغا ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئالىدىغان ئورۇندا دادىل گەپ قىلالمايدىغان، ھەق تەرەپتە مۇستەھكەم تۇرالمايدىغان، «ئىشىنىڭ ھەققىتىنى دېيىشتىن خىجىل بولدۇم...» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن، مەردانىلارچە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالمايدىغان بىر پىسخىك ئاجىزلىقىدۇر. بۇ ئەمەلىيەتتە «ھايا قىلىش» ئەمەس، بەلكى چوڭ بىر خاتالىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھايا بىلەن پىسخىك ئاجىزلىقنى ياخشى ئايرىۋېلىشىمىز كېرەك.




ھايا ئىماننىڭ ئاساسىي تەرىپى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇ ھاياسىز ئادەم» دەپ باھا بېرىلىش، ئىماننىڭ ئىنكارى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھاياسىز ئىنسان ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن چىقىپ كېتەلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىستە، ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ ئىشنى تەۋسىيە قىلغان.

[1] أحمد والترمذي والحاكم والبيهقي عن عبد الله بن مسعود

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىرىنچى تەۋسىيە: كاللىغا كەلگەن ئوي-پىكىرلەرنى كونترول قىلىش. يەنى، ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئوي-پىكىرلەرنىڭ كاللىغا كېلىشىنى توسۇش.




پىرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كاللىغا كەلگەن ئوي-پىكىرلەرنى ئىنسان ئۆزى كونترول قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن سورالمايدۇ. ئەمما ناتوغرا ئوي-پىكىر ۋە خىياللارنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش، كۆپ ھاللاردا ئۇنى ئىرادىگە ئايلاندۇرىدۇ ۋە رويابقا چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ بىزنى مەئسىيەتكە ئاپىرىپ، ئاللاھنىڭ چەك-چېگرالىرىدىن چىقىپ كېتىشىمىزگە سەۋەب بولىدۇ.

ھەدىستىكى «كاللىدىن كەچكەن ئوي-خىياللارنى كونترول قىلىش» دېگەن ئىبارە، مۇشۇ ئوي-پىكىرلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنداق ئوي-پىكىرلەر كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنى دەرھال قوغلاپ چىقىرىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى بىزنى يوقتىن بار قىلغان رەببىمىز ئاللاھ، بىز ئاشكارا-يوشۇرۇن قىلىۋاتقان، بىز بىلىدىغان-بىلمەيدىغان، بولۇپ ئۆتكەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى تولۇق بىلىدۇ.

بىز بۇ نۇقتىغا ئىشەنچ قىلىپ: «ئاللاھ بارلىق ئىشلارنى ئېنىق بىلىدۇ» دېگەن چۈشەنچىگە كەلسەك، ئاندىن ھايانى يېتىلدۈرەلەيمىز. جەمئىيىتىمىزدە كۆپىنچە كىشىلەر قاتناش قائىدىلىرىگە ئاڭلىق رىئايە

قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ شۇنداق بولۇشىغا تۈرتكە بولغان ئامىل نېمە؟ ئالدىدا قاتناش ساقچىسى بارلىقى، يوللارغا كۆزىتىش كامېراسى ئورنىتىلغانلىقى ۋە خىلاپلىق قىلىپلا قالسا دەرھال جەرىمانە يېزىلىدىغانلىقى، شوپۇرنىڭ ئاڭلىق بىلەن قائىدىگە رىئايە قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر ئىنسانلاردا ئاللاھنىڭ ھەرۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا نىسبەتەن، شوپۇرنىڭ كۆزىتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ خاتىرىلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنچىلىك ئىشەنچ بولغان بولسا، ھەرگىزمۇ ھاياسىزلارچە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلمىغان بولاتتى.

﴿اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ وَمِنَ الْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ الْأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِتَعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ اللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمًا﴾[1] «ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى، ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر» دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەرنەرسىنى بىلىدىغانلىقى ۋە ھەرنەرسىگە كۈچى يېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى سۈپىتىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. ئىنساننىڭ قىلغان ھەربىر ئاشكارا-يوشۇرۇن ئىشلىرى ۋە ئويلىغان ھەربىر ئوي-پىكىرىدىن تارتىپ ھەممىنى




[1] سۈرە تالاق 12-ئايەت

www.uyghurkitap.com



ئاللاھ بىلىدۇ ۋە بۇنىڭ جازاسىنى بېرەلەيدۇ.

ئىككىنچى تەۋسىيە: يېمەك-ئىچمەككە دىققەت قىلىش. ئاشخانىغا كىرىپ هارامدىن تاپقان پۇلغا تاماق يېگەن كىشى، قورسىقىنى هارام بىلەن تولدۇرغان بولىدۇ. چۈنكى تاماق ئەسلىدە هالال بولسىمۇ، هارام پۇلغا سېتىۋېلىش بىلەن هارام بولغان.




رەسۇلۇللاھ: «ھەي سەئىد! تامىقىڭنى پاكلا، دۇئايىڭ ئىجابەت بولىدۇ»[1] دېگەن. ھەدىستىكى پاكلاش ئىپادىسى پاكىزلىق نۇقتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، هالاللىق نۇقتىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكلىرىمىزگە هارامنى يېقىن يولاتماسلىق، ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە هايا قىلىشنىڭ بىر تۈرى هېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى تەۋسىيە: ئۆلۈمنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى هالەتنى ئەسلەش. ئىنسان بىلمىگەنلىرىنى بىلىپ كۆنسېرى تەرەققىي قىلىدۇ، مال-دۇنيا تاپىدۇ ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى كۈندىن-كۈنگە ئاشىدۇ. مۇشۇ شەكىلدە ئۆرلەپ ماڭغان تىك سىزىق، ئۆلۈم كېلىشى بىلەنلا توختاپ، ھەممە ئىشلىرىغا خاتىمە بېرىلىدۇ. ئەمما مۆئمىن «ئۆلۈم»دىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ئۆرلەشنى داۋام قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام

[1] أخرجه الطبراني عن عبد الله بن عباس




ھەدىسلەردە: «مۇئمىننىڭ قىلغان سەدىقىلىرى، تەربىيەلەپ قويغان ياخشى پەرزەنتلىرى ۋە قالدۇرۇپ كەتكەن مەنپەئەتلىك بىلىملىرىنىڭ ئەجرى، مۇئمىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ئۈزۈلۈكسىز يېتىپ تۇرىدۇ» دېگەن.

مۇئمىن ھاياتنى ﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ﴾[1] «ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» پرىنسىپى ئاساسىدا قۇرغان ۋە «بۇ ھايات ئۆتكۈنچى، قىلىۋاتقىنىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتنىڭ تەييارلىقى» دېگەن نۇقتىنى ھەرۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىغاچقا، ياخشىلىق قىلىپ ئەجىر ئېلىشقا قىزىقىدۇ ۋە گۇناھ-مەئسىيەت قىلىشتىن ھايا قىلىدۇ.




ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿يَوْمَ لَا يَنفَعُ مَال وَلَا بَنُونَ. إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ﴾[2] «ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا پاك قەلب بىلەن كەلگەن

[1] سۈرە ئەنبىيا 35-ئايەت

[2] سۈرە شۇئەرا 88-، 89-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ» دېگەن. ساغلام قەلب - ئاللاھنىڭ ۋەھىيسى بىلەن زىت كېلىدىغان ئىشلارنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشتىن ھايا قىلىدۇ.

## «ھايا قىلىش»نىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى

ئىنسان ئاللاھنىڭ بىرلىكى، ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى، دۇنيا ھاياتى ۋە ئۆزىنى كۈتۈۋاتقان ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگىنىدە، ھاياتىنى «ھايا» ئاساسىدا قۇرۇپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئىشلارغا ئەسلا يېقىن يولىمايدۇ.

ئىنساننىڭ ياشاشتىكى ئەڭ چوڭ پىرىنسىپى، ئاللاھتىن ھايا قىلىشتۇر. ئاللاھنى تونۇمايدىغان ۋە قەلبىدە ھايا بولمىغان ئىنساننىڭ يامانلىقى ۋە جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان بۇزغۇنچىلىقنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئاللاھتىن ھايا قىلغان كىشى، شۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئەتراپىدىكى كىشىلەردىنمۇ ھايا قىلىدۇ. «ھايا قىلىدۇ» دېگەنلىك، «ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ، كۆڭلى تارتىپ تۇرسىمۇ، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلمايدۇ» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئۇ كىشى: «خەقنىڭ ھەققىنى يېسەم، ئىززەت-شەرىپىگە چېقىلسام بولمايدۇ، ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەپ ئۆزىنى گۇناھ، ناچار سۆز ۋە قەبىھ ئىشلاردىن ساقلايدۇ.



## «هايا قىلمىساڭ، خالىغىنىڭنى قىل»[1] دېگەن ھەدىسنى قانداق چۈشىنىمىز؟

ئىنسان هاياتى ئىمان تەلىماتلىرى بىلەن قاپلانغاندىن كېيىن، كۆڭۈل ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئاللاھنىڭ تەلىماتىغا ئۇيغۇن ئىشلارنى تارتىدىغان بولىدۇ. ھەدىسنى: «ئاللاھ بۇيرۇغان ۋە شەرىئەت تەلەپ قىلغان ئىشلارنى، ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر خىجىل بولماستىن قىلىۋەر» دېگەن شەكىلدە ياكى «قىلماقچى بولغىنىڭ ئىسلامنىڭ تەلەپ-تەقەززاسى ۋە ئاللاھنىڭ تەلىماتىنىڭ سىرتىدىكى ئىش بولسا، ئاللاھتىن هايا قىلمىساڭ قىلىۋەر!» دېگەن شەكىلدە چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ: «هايا قىلىش ئاللاھنى چوڭ بىلىش ۋە ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل هالەتنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ئىككىسى بىرلەشكەندە هايا شەكىللىنىدۇ» دېگەن. ئاللاھنى چوڭ بىلىش - ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ۋە بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلسا، جازالايدىغان دەھشەتلىك دوزاخ بارلىقىنى بىلىشتۇر. ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش - «ئاللاھ بىزنىڭ رەببىمىز، بىزنى يوقتىن پەيدا قىلىپ دۇنياغا كېلىشىمىزگە سەۋەب بولغان ۋە بىز ئېھتىياجلىق بولغان بارچە




[1] رواه البخاري عن ابن مسعود

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەرسىلەرنى ھازىرلاپ بەرگەن» دېگەن مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿تَبَارَكَ اسْمُ رَبِّكَ ذِي الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ﴾[1] «ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى مۇبارەكتۇر» دېگەن ئايەتتە، ئۆزىنىڭ "جَلال" «بۈيۈك» ۋە "إِكْرَام" «ھۆرمەتلىك» دېگەن ئىككى بۈيۈك سۈپىتىنى بىر ئورۇندا تىلغا ئالىدى. بۈيۈكلۈك چوڭ بىلىشكە، ھۆرمەتلەش ياخشى كۆرۈشكە دالالەت قىلىدۇ. بۇ ئىككى سۈپەتتىن، ئاللاھقا نىسبەتەن ھايا شەكىللىنىدۇ.

چوڭ كۆرۈپ ياخشى كۆرمەسلىك ياكى ياخشى كۆرۈپ چوڭ كۆرمەسلىك، ھايانى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. مەسىلەن: كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە-مۇناسىۋەتلەردە، قابىلىيىتىگە، ئىقتىدارىغا ياكى نۇۋەتتىكى ھوقۇق-ئىمتىيازىغا ئىشىنىپ بىراۋلارنى چوڭ بىلىدىغان، لېكىن ياخشى كۆرمەيدىغان ئەھۋاللار بار. بۇنداق بولغاندا، بىزدە ئۇ ئادەمگە نىسبەتەن «دېگىنىنى قىلىپ، چەكلىگىنىدىن يانىدىغان» ھايا تۇيغۇسى پەيدا بولمايدۇ. بەلكىم كۆرگەن يەردە ھايا قىلىپ، كۆرمىگەندە ئۆز يولىمىزغا مېڭىۋېرىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. بىراۋلارنى ياخشى كۆرسەكمۇ، بۇ «ياخشى كۆرۈش» ئۇنىڭ دېگىنىنى بۇيرۇق، توسقىنى چەكلىمە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا ئېلىپ بارالمايدۇ.

### ئىمان بىلەن ھايا ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەت

ئىمان بىلەن ھايا ئارىسىدا مەۋجۇتلۇق مۇناسىۋىتى بولۇپ، بىرى بولمىسا يەنە بىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن، سۈپەت بىلەن سۈپەت ئىگىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە مىسال كەلتۈرەيلى. قۇشنىڭ سۈپىتى ئۇچۇش بولۇپ، ئەگەر

---

[1] سۈرە رەھمان 78-ئايەت

قۇشتىن ئۇچۇش سۈپىتى يوقالسا، قۇش بولالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك «ئىمان» قۇشقا ئوخشاش زاتى بار جانلىق دېيىلسە، بۇنىڭ ئاساسىي سۈپىتى بولغان «ھايا» يوقالسا، ئىماننىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا دەۋەتچىلەرنى سۈپەتلەپ: ﴿الَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَالَاتِ اللَّهِ وَيَخْشَوْنَهُ﴾[1] «ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ» دېگەن. بىر ئادەم دىنغا دەۋەت قىلىش بىلەنلا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ھەقىقىي رازى بولىدىغان ئادەم بولالمايدۇ. ئۇ چوقۇم ئاللاھتىن قورقۇش، كۈچلۈكلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن باتىل سۆزلەرنى قىلماسلىق ۋە كۈچلۈكلەردىن قورقۇپ ھەقنى دېيىشتىن سۈكۈت قىلماسلىق قاتارلىق سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغاندا، قىلغان دەۋىتى بىكار كېتىدۇ.

## ئاللاھتىن ھايا قىلىش كىشىلەردىن ھايا قىلىشنىڭ مەنبەسى

كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ھايا قىلىشى، بىراۋلاردىن خىجىل بولۇش نەتىجىسىدە يامان ئىشنى قىلماسلىقى ياكى قىلغىنىنى يوشۇرۇشى، ئەمەلىيەتتە ئاللاھتىن ھايا قىلىشنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئىنسان ئاللاھتىن ھايا قىلغىنىدا، ئادەملەردىن تەبىئىيلا ھايا قىلىدىغان بولىدۇ. شۇڭا باشقىلاردىن ھايا قىلمايدىغان كىشى مۆئمىن ھېسابلانمايدۇ. مۆئمىن ئۆزىنى كونترول




[1] سۈرە ئەھزاب 39-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىپ تۇرىدىغان قائىدە-پرىنسىپ ئاستىدا، ئەسلا سەت گەپ ۋە ناچار قىلىقلارنى قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشى بەزى سۆزلەرنى دىققەت قىلمايلا دەۋېتىدۇ-دە، شۇ سۆزى سەۋەبلىك دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ»[1] دەپ ئەسكەرتكەن. شۇڭا مۇئمىن «ھايا»نىڭ تۈرتكىسىدە، ھەربىر ئېغىز سۆزنى ئويلىنىپ دىققەت بىلەن قىلىدۇ.

## ھايا ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچە

ئادەتتە بىر ئادەمنى «ھايالىق» دېمەكچى بولسا، «بۇ ناھايىتى ياۋاش ئادەم» دەپ سۈپەتلەيدۇ ياكى «بىر ئادەم ھايالىق بولغىنى ئۈچۈن ياۋاش بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھايالىق بولۇش، ئاللاھ ئاتا قىلغان ھېكمەت ۋە ئەقىل-ئىدراك بىلەن، دىنىڭ قىممەت-قاراشلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن شەكىلدە ھاياتنى قۇرۇپ چىقىپ، شۇ ھالەتتە داۋام قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَىٰ فَادْعُوهُ بِهَا﴾[2] «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، ئاللاھنى سۈپەتلەپ: «ئاللاھ تائالا ھايالىقتۇر، ئېسىلدۇر، ھايا قىلىدۇ»[3] دېگەن. بىز ياشاش ئۇسلۇبىمىز ۋە ئەخلاقىمىزنى ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن ئالىمىز ۋە شۇ ئىسىم-سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش ئارقىلىق، ئاللاھقا يېقىنلىشىمىز. شۇڭا ئاللاھنىڭ «ھايا قىلغۇچى» دېگەن سۈپىتى بىلەن ئۆزىمىزنى زىننەتلىشىمىز ۋە شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك رەھمىتىگە نائىل بولۇشىمىز كېرەك.

---

[1] رواه الترمذي عن أبي هريرة

[2] سۈرە ئەئراف 180-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[3] رواه الترمذي عَنْ سَلْمَانَ الْفَارِسِيِّ

ئـــاللاھ تائـــالا ھەممەيلەنـــگە گـــۈزەل ئەخلاقـــلار بىـــلەن زىننەتلىنىـــپ، ھاياتىمىزغـــا ئىســـلامنىڭ قىمـــمەت-قاراشـــلىرىنى ئـــۆلچەم قىلىـــپ ياشـــايدىغان ئىمكانىيەتلەرنى ئاتا قىلسۇن!

www.uyghurkitap.com

# مېھرىبانلىق




ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرى بولغان «مېھىر-شەپقەت»، غەلىبە-ئۇتۇقلارنىڭ ئاساسى. مېھرىبانلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەر، زېمىندىكىلەرگە مېھىر-شەپقەت قىلغان ۋە ئاسماندىكى زاتنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەردۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇئمىنلەرنى سۈپەتلەپ: **﴿مُحَمَّدٌ رَّسُولُ اللَّهِ * وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ﴾**[1] **«مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىق، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر»** دېگەن ۋە يەنە: **﴿يُدْخِلُ مَن يَشَاءُ فِي رَحْمَتِهِ﴾**[2] **«ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ»** دەپ، مېھرىبانلىقنى ئۆزىنىڭ پەزلى-ئېھسانى سۈپىتىدە بايان قىلغان.

---

[1] سۈرە فەتھ 29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە شۇرا 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

## بەندىنىڭ قەلبىدىكى مېھىر-شەپقەت، ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ مەھسۇلى

ئايەتتىكى «ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىگە كىرگۈزىدۇ» دېگەن ئىپادىگە قاراپ، بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزدا «بىر ئادەمنىڭ مېھىر-شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچان بولۇشى ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن بولىدىكەن. ئاللاھ كۆيۈمچان ياراتقان ئادەم كۆيۈمچان، قەلبىنى يۇمشاق ياراتقان ئادەم يۇمشاق بولىدىكەن» دېگەندەك خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇ خىل چۈشەنچىگە بېرىدىغان جاۋابىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلۇللاھقا قىلغان: ﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللَّهِ لِنتَ لَهُمْ﴾[1] «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ» دېگەن خىتابىدۇر. بىر ئادەمنىڭ قەلبىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئورناپ، مېھىر-شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىل بولۇشى، ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىغا مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا رەھمەتنى «ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن» دەپ ئىپادىلىگەن.

بىر كىشىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى ياخشى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ قەلبىدە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن رەھمەت پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ رەھمەتنىڭ تەسىرى ئۇ كىشىنىڭ ئىش-پائالىيەت، گەپ-سۆز ۋە تۇتۇپ ماڭغان يوللىرىدا ئەكس ئېتىدۇ. ئەكسىچە بۇ كىشىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى ناچارلىشىپ، ئاللاھتىن يىراقلاشسا، قەلبى قېتىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ تەسىرىمۇ بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە تۇتۇپ ماڭغان يولىدا ئەكس ئېتىدۇ.

[1] سۈرە ئال ئىمران 159-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ﴾[1] «ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنى «توپلىنىش ۋە تارقاپ كېتىش ھەققىدىكى ئىلاھىي قانۇنىيەت» دېيىشكە بولىدۇ. ھەرقانداق كىشى باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ گېپىنى ئاڭلىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۈيۈك نەتىجە ۋە ئۇتۇق، كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. كىشى مەلۇم ساھەدە شەخسىي ئۇتۇقلارنى قازىنالىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭدىن كەڭ كۆلەملىك بۈيۈك ئۇتۇق ھاسىل بولمايدۇ. بۈيۈك نەتىجىگە ئېرىشمەكچى بولغانلار، چوقۇم ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئىچىدىكى «مېھىر-شەپقەت، كۆيۈمچانلىق ۋە باشقىلارغا مۇلايىم بولۇش...» قاتارلىقلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يۇقىرىدىكى ﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللَّهِ لِنتَ لَهُمْ﴾ «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ» دېگەن ئايەتنى ئۆزىگە مىزان قىلىشى كېرەك.




دىققەت قىلساق، ئارىمىزدا مېھرىبانلىق ئۈلگىلىرى ناھايىتى كۆپ. ئىستانبۇلدا بىزگە نەمۇنە ۋە ئۈلگە بولىدىغان نۇرغۇن ئۇستازلار بار. ئۇلارنىڭ بىرى مەرھۇم ئۇستازىمىز «ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم» ئىدى. ئۇستازنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى،

[1] سۈرە ئال ئىمران 159-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

مۇئامىلىدىكى كۆيۈمچان ۋە مېھرىبانلىقى، ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھقا قانچىلىك باغلانغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ قانچىلىك رەھمەتكە ئېرىشكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ھالا بۇگۈنمۇ بىز بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەتراپىمىزدا قايسى بىر ياخشى ئىش-ھەرىكەتنى كۆرمەيلى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇستازىمىزنىڭ تەسىرى بارلىقىنى بىلەلەيمىز.

«ئابلىكىمخان مەخسۇم ھاجىم»نىڭ ھاياتىغا قارىغىنىمىزدا، ئۆزى يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، چوڭ ئۇنۋانلارغا ئېرىشمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىقى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان مېھىر-شەپقەت ۋە گۈزەل مۇئامىلىسى بىلەن ھەممەيلەننى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان. بۇ ئارقىلىق




ئوتتۇرىغا چىققان نەتىجىلەر، مىللىتىمىزگە ياخشى تەسىرىنى كۆرسەتكەن ۋە كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

بەلكىم كىشىلەرنىڭ زېھنىگە «مېھىر-شەپقەتلىك بولغانغا قانداق نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ؟ ئاللاھتىن كەلگەن مېھىر-شەپقەت قانداق بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئەتراپىمىزغا ئۇيۇشۇشىغا سەۋەب بولىدۇ؟» دېگەن سوئاللار كېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئايەتتە دېيىلگىنى، باشقىلارغا «مۇنداقلا ياخشى مۇئامىلە قىلىش» بولماستىن، بەلكى قەلبى مېھىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






شەپقەت بىلەن تولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئۇتۇق قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىشتۇر.

ئەتراپىمىزدىكى ھەربىر كىشىگە مېھىر-شەپقەتلىك بولغىنىمىزدا، قەلبىمىزدە ئۇلارغا نىسبەتەن مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. بۇ مۇھەببەت ئۇلارنىڭ ئىشلارنى ئۇتۇقلۇق ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشىغا بولغان تىلىكىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىز باشقىلارغا پۇرسەت بېرىشنى ئۆگىنىمىز ۋە ماڭىدىغان يوللىرىنىڭ ئاسانلىشىغا ياردەم بېرىمىز. بۇ شەكىلدە بىر-بىرىمىزگە يار-يۆلەك بولۇپ، ئەتراپىمىزدىكى ھەربىر كىشى ئۇتۇق قازانسا ۋە بۇ ئۇتۇقلار بىر يەرگە توپلانسا، نەتىجىدە چوڭ بىر غەلىبە ھاسىل بولىدۇ.

## ئاللاھ بەرگەن مۇسىبەتلەردىكى ھېكمەت

تىجارەتلىرىمىز يۇرۇشۇپ، قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇتۇقلۇق بولسا، بۇنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى دەپ چۈشىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇرۇق-تۇغقان، ئۇستاز ۋە يۇرتلىرىمىزدىن ئايرىلىش، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق قاتارلىق مۇسىبەتلەرنىمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى دەپ چۈشىنىمىزمۇ؟

بۇ سوئالغا ﴿فَإِن كَذَّبُوكَ فَقُل رَّبُّكُمْ ذُو رَحْمَةٍ وَاسِعَةٍ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُهُ عَنِ الْقَوْمِ الْمُجْرِمِينَ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سېنى ئىنكار قىلسا،

[1] سۈرە ئەنئام 147-ئايەت

سەن: پەرۋەردىگارىڭلار (قىلمىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىغانلىقتىن) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مەغرۇر بولماڭلار) ئاللاھنىڭ ئازابى گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ - دېگىن» دېگەن ئايەت جاۋاب بېرىدۇ. ئايەتتە ئاللاھنى «بۇيۇك، كەڭ بىر رەھمەت ئىگىسى» دەپ سۈپەتلەپ بولغاندىن كېيىن، «جىنايەتچىلەرنى جازالايدۇ» دەۋاتىدۇ. ئۇنداقتا جىنايەتچىلەرنى جازالىغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ رەھمەتمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى!

بىر دادا بالىسىنىڭ تىرىشىپ ئوقۇماي ۋاقتىنى زايە قىلىۋاتقانلىقى ياكى يامان يولغا مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلسە، ئۇنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئەدەپلىشى مۇمكىن. بۇ ئەدەپلەش نەتىجىسىدە بالا تىرىشىپ ئوقۇپ، جەمئىيەتكە، دىنىغا ۋە مىللىتىگە تۆھپە قوشقان ۋاقتىدا، دادىسىنىڭ قىلغان قاتتىق قوللۇقنى «شەپقەتسىزلىك ۋە باغرى تاشلىق» دەپ قارىماستىن، تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بەزىبىر خاپىلىقلار تۇپەيلىدىن دىللىرى يۇمشاپ، مەسچىتلەرگە كېلىپ ئاللاھقا يېلىنىشى، قارىماققا مۇسىبەتنىڭ تەسىرىدەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى دۇنيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشتۈرۈش ۋاسىتىسىدۇر.

ئىنسان بەزىدە بىخۇدلىشىپ، خاتا يولدا ماڭغانلىقىنى سەزمەي قالىدۇ. بۇ چاغدا بەزىبىر مۇسىبەتلەر ئىنساننى تەربىيەلىسە، يەنە بەزىسى دۈشمەننىڭ خاراكتېرىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى چۈشەندۈرۈپ، بىخۇدلىشىپ قالغان تەرەپنى ئەسلىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رەببىمىز جەننەتكە زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن كىرىدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەردىن ئەجەبلىنىدۇ»[1] دېگەن. بۇ كىشىلەر دۇنيادا

[1] رواه البخاري عن أبي هريرة

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن خاپىلىقى ۋە مۇسىبەتلىرى تۈپەيلىدىن، توغرا يولنى تېپىپ جەننەتكە كىرگەنلەر بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شۇ شەكىلدە جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.




ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى بەزىبىر خاپىلىق ۋە مۇسىبەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ: ﴿وَلَنُذِيقَنَّهُم مِّنَ الْعَذَابِ الْأَدْنَىٰ دُونَ الْعَذَابِ الْأَكْبَرِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾[1] «ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى)نى تېتىتىمىز» دېگەن. بۇ ئايەتتە: «دۇنيادا مۇئمىنلەرگە ئانچە-مۇنچە خاپىلىق ۋە دەرد-ئەلەم بەرگىنىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ، توغرا يولغا قايتىشى ئۈچۈندۇر» دېيىلگەن. دېمەك، ئاللاھنىڭ بىزگە بەزى خاپىلىق ۋە مۇشەققەتلەرنى بەرگىنى، ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر.

## مېھىر-شەپقەتنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئىپادىسى

ئايال كىشى ئەتىگەندىن-كەچكىچە «يولدىشىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، ئۆي ۋە بالىلىرىمنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىمەن» دەپ نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى تارتىدۇ. ئەركىشى سىرتتىن كىرگەندىن كېيىن،

[1] سۈرە سەجدە 21-ئايەت

ئەگەر قەلبىدە مېھىر-شەپقەت ۋە كۆيۈنۈش بولسا، ئايالنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، ماختايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئايالىغا يولدىشىنىڭ مۇھەببىتى ۋە كۆيۈمچانلىقى تەبىئىيلا تەسىر قىلىدۇ. ئەمما ئەر كىشى ئۆيگە كىرىپلا كۆزىگە سىغمىغان بىرەر ئىش ياكى كاللىسىغا كىرىۋالغان مەلۇم بىر كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلىدىن ئايالىغا قاتتىق تەگسە، ئوتتۇرىدىكى ئالاقە بۇزۇلىدۇ.

ئىنسان قەلبىدىكى مېھىر-شەپقەت ۋە كۆيۈمچانلىق ئاشقانسېرى، ئاللاھ تەرەپكە شۇنچىلىك يېقىنلىشىدۇ. ئىماندا ئەڭ يۈكسەك ئورۇنغا چىققانلار، يەنىلا شۇ مېھىر-شەپقەت ئىگىلىرىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى «مېھىر-شەپقەتلىك» دەپ سۈپەتلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېھىر-شەپقەتلىك بولمىغان كىشى، مېھىر-شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ»[1] دېگەن. ھەدىس قۇدسىيدا: «مېنىڭ رەھمىتىمنى ياخشى كۆرسەڭلار، مەخلۇقاتلىرىمغا كۆيۈنۈڭلار»[2] دېيىلگەن.

## زالىملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلماقچى بولغان كىشى، ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر زېمىندىكى (ئاجىز) كىشىلەرگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈڭلار، ئاسماندىكى (ئەڭ كۈچلۈك) زات سىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ»[3] ۋە «سىلەر ئاجىزلىرىڭلار سەۋەبلىك رىزىققا ۋە غەلىبىگە ئېرىشىسىلەر»[4] دېگەن. شۇڭا زالىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلماقچى بولغانلار، چوقۇم ئاجىزلارغا كۆيۈنۈشى ۋە مېھرىبانلىق قىلىشى كېرەك.

---

[1] متفق عليه عن أبي هريرة

[2] الديلمي عن أبي بكر

[3] رواه الترمذي

[4] أبو داود والترمذي والنسائي عن أبي الدرداء

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەتراپتا كەمبەغەل، بىلىمسىز، يولىنى تاپالماي قالغان ياكى يولدىن چىققان بالىلار بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاجىز بولۇش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى ساھىبلىرىدۇر. ئەگەر بىلىمسىزگە ئۆگەتمەي، ئاچ قالغانغا تاماق بەرمەي، يالىڭاچنى كىيىندۈرمەي ۋە كەمبەغەلنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىماي شۇ پېتى تاشلاپ قويساق، ئۇلار يېتىلگەن شۇ مۇھىتنىڭ تەسىرىدە كەلگۈسى جەمئىيەتكە يۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچنى تويدۇرۇش، يالىڭاچقا كىيىم كىيدۈرۈش، نادانغا بىلىم ئۆگىتىش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش كېرەك. شۇندىلا ئۇلار كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق مۇستەھكەم جەمئىيەت قۇرۇلىدۇ.




ئەتراپىمىزدا ئاتا-ئانىسىز نۇرغۇن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى بار. ئۇلار ئون-ئون بەش يىلدىن كېيىن مىللەتنىڭ تايانچلىرىغا ئايلىنىدۇ. ھازىر ئۇلار ئاجىز، خەجلەي دېسە پۇلى، ئوقۇي دېسە شارائىتى يوق. ئەگەر ئۇلارغا خەجلەيدىغان پۇل، ئوقۇيدىغان مەكتەپ، ئىشلەيدىغان ئىش تېپىپ بېرىپ، كەلگۈسىدىكى دۆلىتىمىزنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىدىغان بىر ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقارغىنىمىزدا، بىز ئاجىزلىرىمىز بىلەن غەلىبىگە ئېرىشكەن بولىمىز.

«ئاجىزلار سەۋەبىدىن رىزىق بېرىلىسىلەر» دېيىلسە، بىز كۆپىنچە: «ئاللاھ ئاجىزلارغا رىزىق بېرىدۇ، بۇ رىزىقتىن بايلارغىمۇ نېسىۋە تېگىدۇ»

دەپ چۈشىنىمىز. بۇ خىل چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. ئەمما رەھمەت بابىدىن چۈشەنگىنىمىز، ئاجىزلارغا قانچىلىك غەمخورلۇق قىلىنىپ يېتەكلەنسە، ئۇلاردىن مىللەت ۋە جەمئىيەتكە قايتىدىغان مەنپەئەتمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

## خەلقى ئۈيۈشقان بىر جەمئىيەت پارچىلانمايدۇ

ئۆزئارا مېھىر-شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچان بولۇش، جەمئىيەتنى مۇستەھكەم بىر قورغانغا ئايلاندۇرىدۇ. دۈشمەن بىر جەمئىيەتنى بىۋاستە ھۇجۇم قىلىپ يىمىرىپ تاشلاشقا كۆزى يەتمىگەندە ياكى زور بەدەل تۆلەش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەندە، ئامالىنىڭ بارىچە ئاز بەدەل بىلەن ۋەيران قىلىش ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىپ، ئىچىدىن پارچىلىماقچى بولىدۇ. سوقۇنۇپ كىرىش ئۈچۈن، جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا بىر-بىرىدىن نەپرەتلىنىش ۋە گۇمانلىنىشقا ئوخشاش، تاشقى كۈچلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان يوچۇقلار بولۇشى كېرەك.




«مېھىر-شەپقەت» دۈشمەنلەر سوقۇنۇپ كىرەلمەيدىغان ۋە ئاجىز نۇقتىسىنى تاپالمايدىغان مۇستەھكەم بىر جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىدۇر. دۈشمەننىڭ سىڭىپ كىرەلمەسلىكى ئۈچۈن، جەمئىيەتنى شۇنچىلىك مۇستەھكەملىشىمىز كېرەككى، ئىچىمىزدىن ئۆزگە خىزمەت قىلىدىغان ۋە دىن-مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى ۋەيران قىلىدىغان كىشىلەرنى

www.uyghurkitap.com



تاپالماسلىقى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېھىر-شەپقەتنى ئارىمىزدا ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

**ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرىغا بولغان مېھربانلىقى، ئاللاھ ئىنسانلاردا ياراتقان قانۇنىيەتتۇر**




ئاللاھ تائالا بەندىسىگە ئەڭ كۆيۈمچان زاتتۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئانا بالىسىنى ئوتقا تاشلارمۇ؟ - دېگەندە، بىز: ياق! قەتئىي تاشلىمايدۇ - دېۋىدۇق، رەسۇلۇللاھ: ئاللاھ بەندىلىرىگە ئانىنىڭ بالىسىغا مېھرىبان بولغاندىنمۇ بەكرەك مېھرىبان»[1] دېگەن. دۇنيادا سىزنىڭ ئۆزىدىنمۇ بۈيۈك ئادەم بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا زەررىچە ھەسەت قىلمايدىغان ئىنسان ئاتا-ئانىڭىزدۇر. ئاتا-ئانا بالىسىنىڭ ئۆزىدىن يارامлиق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ئەڭ چوڭ مەرھەمىتى ۋە مېھىر-شەپقىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ مېھربانلىقىنى: «ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ تەۋبە قىلىشىغا، يولدىن ئادىشىپ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قېلىپ، چىقىش يولىنى تاپقان ئادەمنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ، تۇغماس

[1] مسند البزار عن عمر بن الخطاب

تۇرۇپمۇ بالا يۈزى كۆرگەن كىشىنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ ۋە ئۇسساپ ئۆلەي دېگەندە سۇ تېپىلىپ، ھاياتىنى ساقلاپ قالغان ئادەمنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ»[1] دەپ تەسۋىرلىگەن.

ئاللاھ بەندىلىرىگە ئىنتايىن مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك. ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن ئۆزىمىزنى يېتىلدۈرۈش، ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ يولىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن ئېلىنغان «مېھرىبانلىق»نى ئۆزىمىزدە يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

ئاللاھ ھەممەيلەننى مېھىر-شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن زىننەتلىسۇن!

[1] ذكره السيوطي في الجامع الصغير عن أنس

www.uyghurkitap.com



# كۆيۈنۈش

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالام: **«مۇلايىملىــق ۋە ســىلىق-ســىپايىلىك قەيەردە بولســا زىنــنەت، قەيەردىــن يوقالســا ئەيــب»**[1] ۋە **«ئــاللاھ تائــالا كۆيۈمچانــدۇر، بەنــدىلىرىنىڭ كۆيۈمچــان بولۇشــىنى ياخشــى كۆرىــدۇ»**[2]




دېــيىش ئــارقىلىق، بىزنــى «كۆيۈنــۈش»تىن ئىبــارەت گــۈزەل ئەخــلاق بىــلەن زىننەتلىنىشــكە بۇيرۇۋاتــىدۇ. كۆيۈنۈشــنىڭ چېكىــدىن ئاشــقان ۋە پەۋقۇلئــاددە تــۆۋەن دەپ ئىككــى تەرىپــى بــار. بىزنىــڭ ھەرۋاقىــت دىنىمىزنىــڭ تەلىمــاتلىرى ۋە گــۈزەل ئەخلاقلىرىنــى چۈشەندۈرۈشــتە تەشــەببۇس قىلىۋاتقــان تەرىپىمىــز، چېكىــدىن ئاشــقان تەرەپ بىلەن تۆۋەن تەرەپنىڭ ئارىسىدىكى «ئوتتۇراھال» تەرەپتۇر.

دادا بالىســى ئۆتكــۈزگەن بىــر خاتــالىق ســەۋەبىدىن، ئــۇنى قــاتتىق قولللــۇق بىــلەن ئــۇرۇش يــاكى خاتالىقىقــا كــۆز يۇمــۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىشــنىڭ ئورنىــدا، بــۇ ئىككــى خىــل يولنىــڭ ئوتتــۇرىنى تۇتــۇپ، بالىســىغا چىــرايلىقچە نەســىھەت قىلىشــى ۋە دەلىــل-پــاكىتنى ئوتتۇرىغــا قويــۇش ئــارقىلىق

---

[1] رواه مسلم عن عائشة

[2] متفق عليه عن عائشة




قانائەتلەندۈرۈشى كېرەك. بالىلارغا تەبەسسۇم بىلەن قاراش، ياخشى قىلغان ئىشلىرى ۋە ئىجابىي ئىپادىلىرىگە قارىتا پات-پات سوۋغا بېرىپ، مۇكاپاتلاپ تۇرۇش كېرەك. بۇ «پۈتۈنلەي جازادىن خالىي بولسۇن» دېگەنلىك ئەمەس، جازا بولمىسا بەزى ئىشلارنى چەكلىگىلى بولمايدۇ. ئەمما بالىلىرىمىزنى جازالاش، ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلىغان شەكىلدە بولۇشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق بالا ئىززەت-ھۆرمىتى بىلەن چوڭ بولىدۇ ۋە دادىسىغا بولغان ئېھتىرامى ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئارقىلىق دادا، گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن «كۆيۈمچان دادا» بولالايدۇ.

ئەركىشى ئاۋۋال ئايالىغا ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ۋە خاتا دەپ قارايدىغان ئىشلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىشى، ئايالىغا كۆيۈنگەنلىكىنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر. ئايالىغا كۆز-قارىشىنى ۋە مۇھەببەت-نەپرىتىنى چۈشەندۈرمەي تۇرۇپ، بىرەر خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ بولغۇچە دەرھاللا قاتتىق تېگىش، ئىسلام ئەخلاقىغا تامامەن زىتتۇر.

شەرىئەتتە ئاۋۋال بايان قىلماي تۇرۇپ جازالاشقا بولمايدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇنىدىمۇ، ھۆكۈم يولغا قويۇلمىغان جىنايەتكە جازا بېرىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى يوقتىن بار قىلغان ئىلاھىمىز بولغاچقا، بۇيرۇغان ئىبادەتلىرىنىڭ سەۋەب-ئىللىتىنى بايان قىلمىسىمۇ بولاتتى. لېكىن بىزگە بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىنى

www.uyghurkitap.com



ئىپادىلەۋاتىدۇ. دېمەك، مەسىلىلەرنىڭ سەۋەب-ئىللەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ۋە ياقتۇرىدىغان-ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «كۆيۈنۈش» دائىرىسىگە كىرىدۇ.




بىر شەخس ياكى كوللېكتىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە ۋە مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى كىشىلەرگە قاتتىقلىق قىلغىنىدا، ئۇلاردىن قاتتىق جاۋابقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى زوراۋانلىق ۋە قاتتىقلىق، قارشىلىقتىن باشقا نەتىجىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئەگەر بىز قاتتىقلىق ۋە زورلۇق ئورنىغا كۆيۈنۈش ۋە سىلىق-سىپايىلىك قوللانساق، ئالىدىغان نەتىجىمىز قوللانغان ۋاستىمىزغا ئوخشاش ئىجابىي بولىدۇ.

## تەلىم-تەربىيە ساھەسىدىكى كۆيۈنۈش

«سىلىق-سىپايىلىك ۋە كۆيۈنۈش» ئائىلىدىلا ئەمەس، تەلىم-تەربىيە ساھەسىدىمۇ بولۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى تەلىم-تەربىيەنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى تەسىر بېرىشى كېرەك. چۈنكى تەلىم-تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنى رەتلىك تىزىپ، تىنچ ئولتۇرغۇزسىلا بولىدىغان بىر ساھە ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ھەر جەھەتتىن يېتىلدۈرىدىغان ساھەدۇر.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزى قىلىقلىرىغا سەۋر قىلىپ، مەنپەئەتلىك ئىلىم بىلەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قارىتالىغان ۋاقىتتا، ئۇلار تەبىئىيلا ئۆز رېتىغا چۈشىدۇ-دە، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ۋارقىراش-جارقىراش ياكى ھەيۋە بىلەن جىم ئولتۇرغۇزماستىن، بەلكى قانائەت قىلدۇرۇش، دەرستىن پايدا-مەنپەئەت ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق تەرتىپكە سالسا بولىدۇ.




## دەۋەت ساھەسىدىكى مۇلايىملىق

جەمئىيەتنىڭ تەلىم-تەربىيەسى ھېسابلىنىدىغان دەۋەتمۇ «سىلىق-سىپايىلىق ۋە كۆيۈنۈش»تىن ئىبارەت گۈزەل ئىسلامىي ئەخلاققا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە ۋە نەمۇنە قىلىشىمىز ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن قىسسىلىرىنى بايان قىلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ بىۋاسىتە سۆزلىگەن، قۇرئان كەرىمدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان «ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر»[1] نىڭ بىرى. پىرئەۋن بولسا، ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىپ، زېمىندا ھەددىدىن ئاشقان بىر كاپىر. ئەمما ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى

[1] "أولو العزم" قۇرئان كەرىمدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان سۈپەت

www.uyghurkitap.com



پىرئەۋننىڭ قېشىغا ئەۋەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ: ﴿اذْهَبَا إِلَىٰ فِرْعَوْنَ إِنَّهُ طَغَىٰ﴾[1] «پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى» دەپ بولۇپ، ﴿فَقُولَا لَهُ قَوْلًا لَّيِّنًا﴾[2] «ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار» دېگەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن بىر-بىرىدىن ئىنتايىن پەرقلىق كىشىلەر ئىدى. ئەگەر نورمال بىر تەبىقىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا «ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلە قىل!» دېيىلسە، «ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش بولغاچقا، سىلىق مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك» دېگەن مەنە چىققان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىنى، ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغان ئەشەددىي كاپىرغا يۇمشاق سۆز قىلىشقا بۇيرۇغان.




بەزى قېرىنداشلىرىمىز: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ جَاهِدِ الْكُفَّارَ وَالْمُنَافِقِينَ وَاغْلُظْ عَلَيْهِمْ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ﴾[3] «ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا (قارشى غازات قىلىش ۋە قورقۇنچ سېلىش بىلەن) قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن» دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ، دەۋەت ئۇسلۇبىدا قوپاللىق قىلىدۇ.

---

[1] سۈرە تاھا 43-ئايەت
[2] سۈرە تاھا 44-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] سۈرە تەۋبە 73-ئايەت

ئىسلامدا جەڭ ھالىتى بىلەن تىنچلىق ھالىتىنىڭ ئەخلاق قائىدىسى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا قاتتىقلىق قىل» دېگەن خىتابى جەڭ ھالىتىنى كۆرسەتسە، تىنچ ھالەت كۆزدە تۇتۇلغان ئايەتتە: ﴿وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾[1] «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزەڭنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ» دېيىش ئارقىلىق، ئارىسىدا شۇنچە ئاداۋەت بار ئادەمگىمۇ دوستتەك مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىۋاتىدۇ. تىنچلىقتا ئەدەپ بىلەن نەسىھەت قىلىنىشى، باشقىلارنىڭ كۆڭلى سۇندۇرۇلماسلىقى، يۈرىكىگە تېگىدىغان گەپ-سۆز قىلىنماسلىقى كېرەك. شۇڭا ئىككى خىل ھالەتنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

مۇلايىملىق ۋە كۆيۈنۈش ئائىلە، تەلىم-تەربىيە ۋە دەۋەت ساھەسىدىلا بولماستىن، ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ ئارىسىدىمۇ بولىدۇ.




ئىسلام ھايۋانغىمۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ بېغىغا كىرىپ، بىر تۆگىنى كۆردى ۋە: «بۇ تۆگىنىڭ ئىگىسى كىم؟» دەپ سورىدى. ئەنسارلاردىن بىر يىگىت

[1] سۈرە فۇسسىلەت 34-ئايەت

www.uyghurkitap.com



كېلىپ: «مەن، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ تۆگە ھازىر ماڭا سەندىن شىكايەت قىلىۋاتىدۇ. سەن بۇنى ئاچ قويىدىكەنسەن، ئېغىر يۈك ئارتىپ جاپادا قويىدىكەنسەن»[1] دېدى. بۇ ھەدىستىن ئىسلام كۆرسەتمىلىرى ھايۋانلارغىمۇ مېھرىبانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تاقىتىدىن ئارتۇق ئىشلارغا زورلىماسلىقنى تەرغىب قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

قەلبتىكى مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈش، پارچىلىنىدىغان ۋە مۇھتقا قاراپ ئۆزگىرىدىغان نەرسە ئەمەس. قەلبتە مېھرىبانلىق شەكىللەنگەندە، ئائىلىسىدىكىلەر، مەھەللىسىدىكى قولۇم-قوشنىلار، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى ئۇستاز ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىلەردە كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت ئىسلامىي ئەخلاق نامايەندە بولىدۇ.

قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە ئىسلامىي ئەخلاقلارنى ئۆيىنىڭ ئىچى بىلەن سىرتىدا پەرقلىق نامايەندە قىلىدىغانلار بار. ئۇلار سىرتتا ئىنتايىن ئەخلاقلىق ۋە مۇلايىم، ئەمما ئائىلىدە ئايال ۋە بالىلىرىغا كۆيۈنمەيدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن ئىسلام ئەخلاقى ھېسابلانمايدۇ.

كۆيۈنۈش ۋە سىلىق-سىپايىلىك، مەلۇم شەخسلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئىنسان ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ياشايدىغان بولغاچقا، مەلۇم كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندەك، ئومۇمىي جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەنمۇ مۇئامىلە قىلىدۇ. مەلۇم كىشىلەرگە كۆيۈنگەندەك، ئومۇمىي جەمئىيەتكىمۇ كۆيۈنىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتتىكى بەزى ئىشلارنى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويغاندا، سىلىق-سىپايە بولۇش كېرەك. ئەگەر «مەن باشقا نامدا كىرگەچكە، مېنى بىلمىدى» دەپ

[1] رواه الطبراني عن عبد الله بن جعفر




ئويلاپ، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدا جەمئىيەتتە كۆرگەن كەمچىلىكلەرنى ئىبغىر ئىپادىلەر بىلەن دارىتمىلاپ تەگكۈزۈش نەتىجىسىدە، ئاۋامنىڭ كۆڭلى ئاغرىيدۇ. ھەممەيلەن بىر تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن كىشىلەر بولغاچقا، جەمئىيەتتە كۆرۈلۈۋاتقان سەلبىي ئىشلار ئۆزىمىزدىمۇ تېپىلىپ قالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، جەمئىيەتكە قىلىۋاتقان ھەربىر خىتابىمىز، ئۆزىمىزگە قىلىۋاتقان خىتاب ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىسىدا خىتاب قىلغاندا، كۆيۈمچان ۋە سىلىق-سىپايە بولۇشىمىز كېرەك.

جەمئىيىتىمىز مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بولغاچقا، قىلىنغان قوپال سۆزلەر پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى سۇندۇرىدۇ. يالغۇز بىر مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىنى سۇندۇرۇش بىر كىشىلىك جىنايەت بولسا، بىر جەمئىيەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆڭلىنى سۇندۇرۇش مىڭ كىشىلىك جىنايەت بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنى: ﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللَّهِ لِنتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ﴾[1] «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى» دەپ ئەسكەرتىۋاتىدۇ. شۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر پەيغەمبەرگە كۆيۈنۈش ۋە مۇلايىملىق

[1] سۈرە ئال ئىمران 159-ئايەت

www.uyghurkitap.com






تەۋسىيە قىلىنغان يەردە، بىزدەك ئىختىلاپ، ئۆچمەنلىك ۋە زىددىيەت پاتقىقىغا چۆكۈپ قالغان ئاددىي ئىنسانلار، بۇ ئەخلاقنىڭ ئۇن ھەسسىسىگە ئېھتىياجلىق. چۈنكى بىز سىلىق-سىپايىلىك ۋە ئۆزئارا كۆيۈنۈش ئارقىلىق مۇستەھكەم بىر جامائەت شەكىللەندۈرمەي تۇرۇپ، غەلىبە ۋە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن زىننەتلەنگىلى نېسىپ قىلسۇن! بۇ ئارقىلىق گۈزەل نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرسۇن!



www.uyghurkitap.com

# كەڭ قورساقلىق




«كەڭ قورساقلىق» - باشقىلارغا يول قويۇش، ئىشلاردا كەڭرى يول تۇتۇش، مۇئامىلىدە قولايلاشتۇرۇش، سېخىيلىق قىلىش، قۇربانلىق بېرىش ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتنى ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىسمەن شەخسىي ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«ئاللاھ تائالا سودا-سېتىقتا ۋە باشقىلارغا ھۆكۈم چىقىرىشتا كەڭرى يول تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ»**[1] ۋە **«ئېلىم-سېتىم قىلغاندا ۋە باشقىلاردىن ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلغاندا، كەڭرى يول تۇتقان بەندىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!»**[2] دېگەن.

ئاللاھنىڭ ئىنسانغا رەھمەت قىلىشىدىن ئارتۇق نېئمىتى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلىرى ئىنتايىن كەڭرى. ئاللاھ ھېكمەت بىلەن رەھمەت قىلىپ، كىشىنى دانالارنىڭ قاتارىدىن قىلىدۇ. مۇھەببەت بىلەن رەھمەت قىلىپ، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە بەندىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل قىلىدۇ. بۈيۈكلۈك بىلەن رەھمەت قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئالىي مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇ.

---

[1] المستدرك على الصحيحين عن أبي هريرة

[2] رواه البخاري عن جابر

ئىنسان كەڭ قورساق بولغاندا، مېھىر-مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، دانالىق ۋە ئىنسانىي تۇيغۇ شەكىللىنىدۇ. سەن بىر تىجارەتچى بولساڭ، بەزىدە بىراۋ سەن بىلەن سودىلىشىپ باھا تالىشىپ قالىدۇ. بەلكىم شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قولى قىسقا ياكى يېنىدا پۇل ئازراق بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەڭ-قورساقلىق قىلىپ باھادا ئېتىبار قىلىشىڭ ياخشىدۇر.




ئىنسان كۆڭلى خاتىرجەم، باي-باياشات، ساغلام، ھېچقانداق قىيىنچىلىقى يوق ھالىتىدە باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتالىغىنىدا ۋە شارائىتلىرىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا مۇئامىلە قىلالىغىنىدا، ئاندىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ياخشى كىشى بولالايدۇ. «ئۇنداق قىلمىغان بولسا مۇنداق بولمايتتى» دەپ، گۇناھنى باشقىلارغا ئارتىپ، ئۇلار بىلەن كارى بولماسلىق ئەخلاقسىزلىقتۇر.




گاڭگىراپ قالغان ئاجىز بىر كىشى، يۇقىرى بىر مەنسەپ ياكى ئىمكانىيەت ئىگىسىنى ئىزدەپ كەلسە،

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ، كەڭ قورساق بولۇشتۇر. شۇ ۋاقىتتىلا ئاللاھ ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىس قۇدسىيدا: «ئەگەر مېنىڭ رەھمىتىمنى ئارزۇ قىلساڭلار، مەخلۇقاتلىرىمغا مەرھەمەت قىلىڭلار!»[1] ۋە يەنە بىر ھەدىستە: «ئاللاھ تائالا باشقىلارغا كۆيۈنگەنلەرگە رەھمەت قىلىدۇ»[2] دېيىلگەن.

## باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا كەڭ قورساق بولۇش




سەن بىر شىركەتنىڭ ساھىبى بولۇپ، سەندىن مال ئالغان كىشى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مالنى دەررۇ ساتالماي قولىدا تۇرۇپ قالدى. سەن شۇ قىيىن شارائىتتا قارىماستىن ئۇنى پۇل بېرىشكە قىستايسەن. ئەمما ئۇنىڭدا ھازىر پۇل بولمىغاچقا، ھەرقانچە قىلسىمۇ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ھۆججەت بولسا ۋە ئۇنىڭ ئىپادىسىدىن ھەققىڭنى يەۋېلىش نىيىتىنى ياكى قەستەن كېچىكتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلمىساڭ، بىر مەزگىل پۇرسەت بېرىشىڭ كېرەك. ئاللاھ تائالا كەڭرىچىلىك قىلغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن، رىزىقىڭنى باشقا تەرەپلەردىن كەڭرى ئېچىۋېتىشى ئېنىق. چۈنكى رەسۇلۇللاھ «كەڭ قورساق بولغانلارغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!» دەپ دۇئا قىلغان.

1 رواه الديلمي عن أبي بكر

2 رواه الحاكم عن عبد الله بن عمرو بن العاص

سەن ئايالىڭنىڭ بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ سالغانلىقىنى بىلگىنىڭدە، ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىپ قەلبىگە ئازار بېرىشىڭگە بولمايدۇ. بەلكى سىلىق سۆزلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن خاتالىقى سەۋەبلىك پەيدا بولغان بېسىمنى يوق قىلىپ، راھەتلەندۈرۈشۈڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا يەنە بېسىم قىلساڭ، توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ ۋە ئارىلىقتا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا سالىھ ئايالغا ئىشەنچ قىلىش، كەڭ قورساقلىق قىلىش ۋە ئۇنى داۋاملىق ماختاپ تۇرۇش كېرەك. شۇندىلا ئايالىڭ قەلبى راھەتلىنىپ، يولدىشىغا راھەت ۋە ئىللىق ئائىلە مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ.




ئىنسان بالىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە كەڭچىلىك يولىنى تۇتۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ تۇنجى خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىپ، قاتتىق تەگمەسلىك ۋە خاتالىقنى كۆرسىتىپ قويۇش، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ يول قويۇش كېرەك. بۇ يەردىكى يول قويۇش «خاتالىققا كۆز يۇمۇش» بولماستىن، بەلكى قاتتىق تەگمەسلىك ۋە بۇ سەۋەبلىك چوڭراق مەسىلە چىقارماسلىقتۇر. چۈنكى ئىنسان ئىنسانلىق سۈپىتى بىلەن ھەردائىم خاتالىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خاتالاشقۇچىدۇر»[1] دېگەن.

[1] رواه الترمذي عن أنس بن مالك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئـــادەتتە باللارنــــڭ پسخكىســـى چوڭلارنـــڭ پسخكىســـدىن پەرقلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا بالىلارچە مۇئامىلە قىلىش كېرەك. «سېنىڭ بۇ مەۋسۇم ئىچىدە بەش ياكى ئون قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىڭ بار، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۆتكۈزەلمەيسەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن باللارغا كۆيۈنگەنلىكنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئۇسۇللارنى قوللانساق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىنماستىن سادىر بولغان خاتالىققا بىۋاستە زەربە بېرىلسە، بالىلاردىن قارشى ئىنكاس قايتىشى مۇمكىن. چۈنكى قوپال ئىش-ھەرىكەتكە قوپال، سىلىق ئىش-ھەرىكەتكە سىلىق شەكىلدە ئىنكاس قايتىدۇ.

ئوقۇتقۇچى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالغان ئوقۇغۇچىلىرىغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىدا، ئۇلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بولغۇچە نۇرغۇن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ. ئەكسىچە بېسىم ئىشلىتىپ قاتتىق تېگىش، ئەسلا ياخشى نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ھەر كىشىدىن خاتالىق سادىر بولغىنىدەك، دىنىي ۋە سىياسىي لىدىرلاردىمۇ سەل قاراش ياكى خاتا مۆلچەرلەش سەۋەبىدىن خاتالىقلار يۈز بېرىپ قالىدۇ. بۇنىڭغا دەرھال ئېغىر تىللار بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇش، ئىنتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىش زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىشىمىز ۋە ياردەمدە بولۇشىمىز لازىم.

«سۆز-چۆچەك قىلىش، كۆپ سوئال سوراش ۋە مال-مۈلۈكنى زايە قىلىشلارنى ئاللاھ تەرىپىدىن يامان كۆرۈلىدى»[1] دېگەن ھەدىستە، كەڭ

[1] متفق عليه عن المغيرة بن شعبة

قورساقلىقتا قارشى بىر قانچە ئىللەت سۆزلەنگەن. ئۇلارنىڭ بىرى: سۆز-چۆچەك قىلىش (باشقىلار ھەققىدە دەلىلسىز سۆزلەرنى قىلىش)، يەنە بىرى: كۆپ سوئال سوراش (مەسئۇلىيەت ۋە سالاھىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئورۇنسىز سوئاللارنى سوراش). كەڭ قورساق بولۇش ئۈچۈن، ئارىمىزدىكى بۇ ئىككى ئىللەتنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ، يوقىتىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

## كەڭ قورساق بولۇش، سەل قاراش ئەمەس




كەڭ قورساقلىق ، باشقىلارنىڭ خاتالىقنى تۈزىتىشكە پۇرسەت بېرىش بولۇپ، سەل قاراش، كارى بولماسلىق ياكى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشتىن پەرقلىنىدۇ. كەڭ قورساقلىق ئەقلىگە، شۇنداقلا ھېكمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئېھتىياجلىق.

كەڭ قورساقلىق شارائىت ۋە كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى لازىم. مەسىلەن: شوپۇر يولدا قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان شەكىلدە كېتىۋاتقىنىدا، يان تەرەپتىن بىر بالا تۇيۇقسىزلا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ماشىنىغا سوقۇلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاتا-ئانا كېلىپلا شوپۇرغا قاتتىق تېگىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ تۆلەم تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە خاتالىق بالىدىن يۈز بەرگەن ئەھۋالدا، شوپۇرغا بىر قەدەر كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەۋزەلدۇر.

مىسىردا ئۇيغۇر بالىلاردىن بىرى يەتتە ياشلىق بالىدىن بىرنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. ئۆلۈپ كەتكەن بالىنىڭ دادىسى ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە كېلىپ بولغۇچە، ئەتراپتىكىلەر شوپۇرغا قاتتىق تەگكەن. ئەمما بالىنىڭ دادىسى كېلىپ، كۆزىدىن ياش ئاققان ھالەتتە: «بولدى سەن كەتكىن، مېنىڭ ھېچقانداق دەۋايىم يوق، سېنى كەچۈرۈۋەتتىم» دېگەن.

يەنە بىر قاتناش ۋەقەسىدە، ماشىنا بىر بالىنى سوقۇپ، پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتكەن. بالىنى ئاتا-ئانىسى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ، ھودۇقۇپ كەتكەن شوپۇرنىڭ ئۇنىماسلىقىغا قارىماستىن ئۆيىگە ئاپىرىپ چىرايلىقچە مېھمان قىلغان. چۈنكى ئۇلار شوپۇردىكى جىددىيلىشىش ۋە قورقۇشنى تۈگىتىپ خاتىرجەم قىلماقچى بولغان. ئەمەلىيەتتە بۇ گۈزەل بىر ئەخلاقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

خۇدىنى بىلمەستىن ماشىنىنى سۈرئەتتىن ئاشۇرۇپ ياكى قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ھەيدەش، ھەددىدىن ئاشقانلىق بولىدۇ. ماشىنىنى بۇ شەكىلدە ھەيدەپ ۋەقە سادىر قىلغۇچىغا قاتتىق ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، ئىسلامدا بەلگىلەنگەن شەكىلدە جازا بېرىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى دىيەتنى تۆلەپ، باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى زىيانغا ئۇچرىتىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدۇ ۋە ھەددىنى بىلىپ، قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىدىغان بولىدۇ.

شوپۇر بىگۇناھ ئەھۋالدا، بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ «قانۇن مېنى قوغدايدىغۇ!» دەپلا شوپۇرغا بېسىم ئىشلىتىشى، كەڭ قورساق بولۇشقا نىسبەتەن توغرا ئىش ئەمەس. باشقىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزمىگەن شەكىلدە بىر-بىرىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن يول قويۇش، ئىسلامدا تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر.

كەڭ قورساقلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى جەمئىيەت مېھىر-مۇھەببەتكە تولۇپ، ئىللىق بىر مۇھىت شەكىللەنسە، بۇنىڭدىن ھەركىم ئۆز نېسىۋىسىنى ئالىدۇ. بىر گۈزەل ئەخلاقنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرى ھەممەيلەنگە بولغىنىدەك، ناچار ئەخلاقنىڭ سەلبىي تەسىرىدىنمۇ ھەممەيلەن نېسىۋىمىزنى ئالىمىز. شۇڭا خاتالاشقان كىشىلەر پۇشايمان قىلىپ خاتالىقىدىن يانسا، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشىمىز، ئەمما تەكرار خاتالىقىغا قارىتا ھېچ پۇشايمىنى بولمىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارغا «توختا!» دېيىشىمىز كېرەك.




ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى «كەڭ قورساقلىق»تىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاققا ساھىب قىلسۇن! ھەممەيلەنگە ئىسلامىي جەمئىيەت بەرپا قىلىدىغان يۈكسەك ئىرادە ئاتا قىلسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قورقماسلىق




«قورقماسلىق» مىللىتىمىز روھىغا سىڭىپ، ئەنئەنىمىزگە ئايلىنىپ كەتكەن گۈزەل بىر ئەخلاقتۇر. ئەگەر ئۇ، ئىسلام روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئىنسان ھاياتىنى نۇرغۇن خېيىم-خەتەرلەردىن ساقلاپ، گۈزەل كەلگۈسىگە باشلاپ ئاپىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قورقماس، باتۇر ۋە شىجائەتلىك زات ئىدى. ئۇرۇش ئەۋجىگە چىققاندا، ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇداپىئەلىنەتتى.

ئىنسان كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇق ۋە قورقماس جۈرئىتىنى ئۆزى ئىشەنگەن پرىنسىپ ۋە قىممەت-قاراشتىن ئالىدۇ. بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن «ئىنساننىڭ ئەجىلى ئالدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، بىر سېكۇنت ئىلگىرى ۋە كېيىن بولمايدۇ» دېگەن ئىدىيە ۋە قىممەت-قاراش بىلەن ياشايمىز. باتۇرلۇق ئىنساننى بالدۇر ئۆلتۈرمەيدۇ ياكى ئۆلۈمدىن قورقۇش ئەجەلنى كېچىكتۈرمەيدۇ. ئىنسان ئەجىلىنىڭ مۇقىم بەلگىلەنگەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەنگەن ۋاقىتتا، ئاندىن قورقماس ۋە باتۇر بولالايدۇ.

ئىنساندىكى قورقماسلىقى، چوقۇم ھەق-ئادالەتنى بەرپا قىلىش ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى پىتنە سوئاللىرىغا قارشى شىجائەت بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇشىدىكى سەۋەب، ئەتراپىدىكى: «بۇ كىشى پىتنە سوئاللىرىدا قانداق مەۋقەدە بولار؟» دەپ كۆزىتىپ تۇرغان كىشىلەرنى خاتالىقتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭغا تۈرتكە بولغان نەرسە، ۋۇجۇدىدىكى مۇستەھكەم ئىسلامي قىممەت-قاراش ئىدى.




ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپ، قورقماس ئىرادىسى بىلەن قىممەت-قاراشلىرىنى قوغدايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىدۇ. ھاياتىمىز باتۇرلۇق ۋە شىجائەتتىن خالىي قالسا، قىممەت-قاراشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. بۇ قالاق جەمئىيەتنىڭ سۈپىتىدۇر. ھەقىقىي تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت، ئۆزىنىڭ قىممەت-قاراشلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەييار تۇرغان باتۇرلار ۋاستىسىدە بارلىققا كېلىدۇ.

## قورقماسلىق بىلەن سەۋەب قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقتىدا، ئۆز ئورنىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، مەككىدىن يوشۇرۇنچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى قانداق چۈشىنىمىز؟

www.uyghurkitap.com



رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز ئورنىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياتقۇزۇپ قويۇشى، مۇشرىكلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن تەتۈر يۆنىلىشكە مېڭىشى ۋە بۇنىڭدىن باشقا تەدبىرلىرى، مۇشرىكلاردىن قورققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىزگە سەۋەب تۇتۇشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى كۆپىنچە كىشىلەر باتۇرلۇق ۋە قورقماسلىقنى «سەۋەبنى تاشلاپ قويۇپ، ئىشلارغا قارامىلارچە مۇئامىلە قىلىش» دەپ چۈشىنىۋالغان.




ئاللاھ تائالا دۇنيانى سەۋەب قانۇنىيىتى بىلەن ياراتقان. مۇئمىننىڭ بەندىچىلىك ئىپادىسى، بۇ قانۇنىيەت بويىچە سەۋەب قىلىپ، ئۇنىڭغا ماس شەكىلدە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنداقتا مۇئمىن سەۋەب قانۇنىيىتىگە قانداق بويسۇنىدۇ؟ قانداق قىلغاندا بۇنىڭدىن ئىجابىي شەكىلدە پايدىلىنالايدۇ؟

قورقماسلىق ئەخلاقتا ۋە رىئاللىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ئەخلاقىي باتۇرانە ھالەت بىلەن رىئاللىق بىر-بىرىگە يۇغۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئاندىن مۇئمىن ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، نىشانىغا يېتەلەيدۇ. سەن باتۇر ۋە قورقماس بول، ئەمما قارام ۋە قارىغۇلارچە ئىش قىلىدىغان بولما! خۇددى پۈتۈن ئىش سەۋەبكە قاراشلىقتەك، سەۋەبلەرنى جايىدا قىل! ئالدىڭدا ھېچبىر توسالغۇ يوقتەك، قورقماستىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىل! بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن يۇغۇرۇلغاندا، ئاندىن ئوتتۇرىدىن ئىجابىي نەتىجە چىقىدۇ.

بۇ ئىككى نۇقتا خۇددى ئىككى تەرىپى ھاك بولغان تاغ ئۈستىدىكى يولغا ئوخشايدۇ. ئوڭ تەرىپىمىزدىكى ھاك پۈتۈنلەي سەۋەب، سول تەرىپىمىزدىكى ھاك بولسا، پۈتۈنلەي تايىنىۋېلىش ۋە قارىغۇلارچە تەۋەككۇل قىلىش. ئىنسان ئەگەر سەۋەبكىلا ئېسىلىپ: «دۇنيا سەۋەب بىلەنلا بولىدۇ، باشقا تاشقى كۈچ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىي سەۋەبلىرىنىلا قىلسا، غەلىبە قولغا كېلىدۇ» دېگەنىدەك ئويغا كېلىپ قالغاندا، بۇ شېرىك كەلتۈرۈش ۋە دىنسىزلارچە تەپەككۇر بولۇپ قالىدۇ.




ئۇنىڭ ئەكسىچە، ماددىي سەۋەبلەرنىڭ ھەممىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ شەكىلدە ئاللاھقا قارىغۇلارچە تەۋەككۇل قىلىپ، «ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلىدىغۇ» دېگەن مۇجمەل ئىدىيە بىلەن ماڭغىنىمىزدا، سول تەرەپتىكى ھاڭغا چۈشۈپ كېتىمىز. بۇنىڭدىكى توغرا يول، ئىككىلىسىنى تەڭ تۇتۇپ مېڭىشتۇر. يەنى، سەۋەبلەرنىڭ ھەممىنى قولۇڭدىن كەلگىنىچە قىلىپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىسەن-دە، قورقماستىن يولۇڭنى داۋام قىلىسەن.

بىر كىشى ئۇزۇن سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ: «ئاللاھ مېنى ساقلايدۇ، ئاللاھ نېمە ئىرادە قىلسا شۇ بولىدۇ» دەپ، زاپچاس ۋە يېقىلغۇلىرىنى تەكشۈرمەستىن ماشىنىنى ھەيدەپ ماڭسا، قانداقتۇر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغانلىق بولمايدۇ. شۇڭا ماشىنىنى سەپەرگە لايىق قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن زاپچاس ۋە يېقىلغۇلىرىنى تەكشۈرۈپ، سەپەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يارىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغان ۋاقىتتا، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ: «ئى ئاللاھ! سەپىرىمنى خەيرلىك قىلىپ بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلىپ مېڭىش، ھەقىقىي تەۋەككۇل دائىرىسىگە كىرىدۇ.

بىر ئوقۇغۇچى ئىمتىھانغا ھېچقانداق تەييارلىق قىلماي تۇرۇپ: «ئاللاھ ئىرادە قىلسا ئۆتىمەن، قىلمىسا ئۆتەلمەيمەن» دەپ قارىغۇلارچە ئىمتىھانغا كىرىپ ئۆتەلمىسە، بۇنىڭ سەۋەبچىسى پەقەت ئۆزى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمتىھانغا ئىمكانىيەتىنىڭ يېتىشىچە تەييارلىق قىلىپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش كېرەك. سەۋەب قىلىش بىلەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئوتتۇرىنى بىرلەشتۈرگەندىلا ياخشى نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ ئىنتايىن زۆرۈر شەرت بولۇپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەسى مۇشۇ بويىچە بولىدۇ.

ئىنسان سەۋەب تەرىپىگە ئەھمىيەت بەرمىسە، ئاللاھ ياراتقان دۇنيا قانۇنىيىتىگە قارشى ئىش قىلغان بولىدۇ. ئەكسىچە، پەقەت سەۋەبنىلا ئېتىراپ قىلسا، شېرىككە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: كېسەل كىشى: «ئاللاھ ئۆزى ساقايتىدۇ» دەپ دورا ۋە داۋالاشنى رەت قىلسا، يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا «مېنى مۇشۇ دورا ساقايتىدۇ» دېسە، شېرىككە چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. كېسەلنى ياراتقان ئاللاھ، دورىسىنىمۇ بىرگە ياراتتى. شۇڭا دورىنى يەپ: «ئى ئاللاھ! سىلى بەرگەن كېسەلنى سىلى بەرگەن دورا بىلەن داۋالىدىم،



كېسىلىمگە شىپالىق بەرسىلە!» دەپ شىپالىق تىلىسەك، توغرا يول تۇتقان بولىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە قىلغان ھىجرىتىدە تۇتقان سەۋەب ۋە ئىشلەتكەن تاكتىكىلىرىنىڭ ھەممىسى بىزگە بۇ نۇقتىنى روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنى مەدىنىگە ماڭىدۇ دەپ قاراپ، شۇ تەرەپكە ماڭىدىغان يوللارنى ئىز قوغلاپ ئاختۇردى. رەسۇلۇللاھ بولسا قارشى تەرەپكە مېڭىپ، سەۋرى غارىدا بىر نەچچە كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇردى. دېمەك، رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ۋە كەلگۈسىدە غەلىبە قىلىپ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان تۇرۇپمۇ، تەۋەككۇل قىلغاندا سەۋەب قىلىشنى ئۇنۇتمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز يولىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا نەقەدەر ئىشەنچىسى بارلىقىنى تۆۋەندىكى ۋەقەلىكتىن تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالالايمىز. قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ تىرىكى ياكى ئۆلۈكىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە يۈز تۆگە ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سۇراقە يۈز تۆگىگە ئېرىشىش نىيىتىدە ئىز قوغلاپ، رەسۇلۇللاھقا يېتىشىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ سۇراقەگە: «ساڭا كىسرانىڭ تاجى-تەختىنى بەرسەم نېمە دەيسەن؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدىن، ئۆزىنىڭ مەدىنىگە ساق-سالامەت بېرىپ، ئۇ يەردە ئىسلام دۆلىتى قۇرالايدىغانلىقى، شۇنداقلا بۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ پارسىتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىمپېرىيەنى فەتىھ قىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچى بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شۇنداق تۇرۇپمۇ رەسۇلۇللاھ يوشۇرۇندى، بارماقچى بولغان يېرىنىڭ قارشى يۆنىلىشىگە ماڭدى، ئۆزىگە يول باشلايدىغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارقىسىدىن ئىزىنى ئۆچۈرۈپ ماڭىدىغانلارنى پۇختا ئورۇنلاشتۇردى. ئەگەر بۇگۈنكى كۈندە بىزمۇ مۇشۇ روھنى ئۆزىمىزگە سىڭدۈرۈپ، بۇ قەدەر تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن كېتەرلىك بارلىق سەۋەبلەرنى تولۇق ھازىرلىساق، ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشەلەيمىز.

ئەتراپىتىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ: «ئەمدى بىز تۈگەشتۇق، ئالدىمىزغا ياكى كەينىمىزگە ماڭىدىغان يولىمىز قالمىدى» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالىمىز. بىزدە ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاللاھنىڭ كىتابى تۇرسا، قانداقسىگە تۈگىشىمىز؟! گەرچە ھەق تەرەپدارلىرى بىر مەزگىل ئاجىزلاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ يەنىلا ھەق بىلەن بىللە! شۇنىڭ ئۈچۈن سەۋەبنى تۇتقان ھالدا، ئىشەنچ ۋە شىجائەت بىلەن ھەق يولدا مۇستەھكەم مېڭىشىمىز لازىم.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۇتقان يولىنى بىرلەشتۈرۈش**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولۇپ يولغا چىققان ۋاقتىدا، باتۇرلۇق بىلەن: «مەن ھازىر مەدىنىگە ماڭدىم، كىم ئانىسىنىڭ يىغلاپ قېلىشىنى، خوتۇن-بالىلىرىنىڭ يېتىم قېلىشىنى خالىسا، ئالدىمغا چىقسۇن. پالانى يەردە ساقلايمەن» دەپ ئېلان قىلغان. ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەرخىل تەدبىرلەرنى ئېلىپ يوشۇرۇنچە مېڭىشى بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ خىل ئاشكارا شەكىلدە مېڭىشىنىڭ ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ئاشكارا ھىجرەت قىلغان بولسىمۇ، مەككىدىن سالامەت چىقىپ كېتەلەيتتى. لېكىن رەسۇلۇللاھ بىزگە دىنني پرىنسىپ ۋە تەلىماتلارنى يەتكۈزگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنداق قىلسا، سەۋەبنى تۇتۇش پرىنسىپى

نەزىرىمىزدە يوقاپ كېتەتتى. نەتىجىدە بىزمۇ: «رەسۇلۇللاھمۇ ھېچ تەدبىر ئالماستىن، تەۋەككۇل قىلىپ يولغا چىققانغۇ!» دەپ، قارامىلارچە تەۋەككۇل قىلىۋەرگەن بولاتتۇق.

رەسۇلۇللاھ دىنىنىڭ ئاللاھ نامىدىن قانۇن چىقارغۇچىسى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۈيۈك بىر ساھابە بولسىمۇ، قانۇن چىقارغۇچى ياكى شەرىئەت ساھىبىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەمسىلچى ئەمەس. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغىنى شەخسىي ئىجتىھاتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغىنى، دىنىي پىرىنسىپ ۋە قانۇن بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

### ئەمەل دەۋەتتىن بۇرۇن بولۇشى كېرەك

قورقماس بولۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، كىشىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن باتۇر ۋە جۈرئەتلىك بولۇشىدۇر. چۈنكى كىشى باشقىلارنى باتۇرلۇققا چاقىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزى باتۇر بولۇشى، باشقىلارنى دەۋەت قىلىشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال ئۆزى ئۈلگە بولۇشى كېرەك. دەۋەتچى ئۆزى ئۈلگە بولمىغان ئەھۋالدا، باشقىلارنى قانائەت قىلدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

دەۋەتچىنىڭ مۇئامىلىسى، ئەخلاقى ۋە شىجائىتى قاتارلىقلار دەۋەتنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر قۇلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆزى بىلەن ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر دەۋەتچىنىڭ قىلغان سۆزى بىلەن ئەمەللىرىنىڭ بىردەكلىكى، ھەرقانداق بېسىم ۋە تەھدىتلەردىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



قورقماستىن ھەق تەرەپتە مۇستەھكەم تۇرغانلىقنى كۆرگەندە، دەۋەتنى تېز قوبۇل قىلىدۇ.

## نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش

ئەگەر بىر كىشى «باتۇرلۇق ۋە قورقماسلىق پەقەتلا دۈشمەن بىلەن يۈزلەشكەندە لازىم بولىدۇ» دەپ قارىسا، خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاۋۋال باتۇرلۇق بىلەن ئۆز خاھىشى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان، قىلىشقا بەل باغلىغان ئىشلارنى ئۆزىگە قىلدۇرالايدىغان بىر ھالەتكە ئەكېلىشى كېرەك. مانا بۇ باتۇرلۇق ۋە قورقماسلىق ئىپادىسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدۇر.

ئەبۇ ھەنىفە (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) خەلىپە مەنسۇرنىڭ قېشىغا كىرگەن ۋاقىتتا، خەلىپە: «ئەبۇ ھەنىفە! نېمىشقا بىزنىڭ قېشىمىزغا پات-پات كېلىپ تۇرمايلا؟» دېگەندە، ئەبۇ ھەنىفە: «سىلەردىن قورقىدىغان بىر ئىشىم بولمىسا، قېشىڭلارغا نېمە دەپ كەلگۈدەكمەن؟ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا تولا كېلىپ، ئەتراپىڭلاردا چۆرگىلەپ يۈرىدىغانلار، سىلەردىن قورقىدىغانلار. ئەگەر سەن خەلىپە بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن مېنى ھۆرمەت قىلىپ يۇقىرى ماقامغا ئىگە قىلساڭ، مېنى بۇ ئارقىلىق ئازدۇرۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر مېنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇرساڭ، كۆزگە ئىلىنمىغان بولىسەن. ئىككىلىسى ماڭا نىسبەتەن پايدىلىق ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى قورقماستىن ئىپادىلىگەن. بۇ خىل قورقماسلىقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئادەم ئۆز نەپسىنى يېڭەلىشى كېرەك. بۇ مىسالدىن «ھاكىملار ئۆلىمالارنىڭ ئىشىكىدە بولۇشى كېرەككى، ئۆلىمالار ھاكىمنىڭ ئىشىكىدە بولمىسۇن!» دېگەن نۇقتىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

بەزى كىشىلەر مەنپەئەت كېلىشىنى كۈتكەن ئىقتىساد ئىگىلىرى ياكى زىيانكەشلىكىدىن قورققان ئەمەلدارلار ئالدىدا، ئەسلى ھالىتىنى يوقىتىپ، «خوش-خوش» دەپ ھىجىيىپ خۇشامەت قىلىدىغان، ئىدىيەسىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ نورمال ھالىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ۋۇجۇدىدىكى قورقۇنچاقلىق ۋە خۇشامەت خاھىشىنى يېڭىشى كېرەك.

ئۆلىمالار دىنغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، پايدا-مەنپەئەتنىڭ قۇلى بولۇپ قېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشى كېرەك. بايلار، باشلىقلار ياكى سىياسەتچىلەرنىڭ ئالدىدا خۇشامەت قىلىش، نۆۋەتتە كەلسە دىنىنىڭ بەزى تەلىماتلىرىنى ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ بېرىش، ئەڭ ئاۋۋال ئۆز نەپسىنى يېڭەلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾[1] «بوشاشماڭلار، قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر» دېگەن. دېمەك، مۆئمىنلەر ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۆئمىنلىك ھالىتىنى ساقلىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا: ﴿فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّىٰ إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُم بَغْتَةً فَإِذَا هُم مُّبْلِسُونَ﴾[2] «ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق. ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال-خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى» دېگەن. مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ تەلىماتىنى ئۇنتۇپ، پاراغەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇممەتكە خاپىلىق ۋە مۇسىبەتلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئەمما ئاللاھ

[1] سۈرە ئال ئىمران 139-ئايەت
[2] سۈرە ئەنئام 44-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى






تائالا ئۆزىنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىدىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزگە ئىنېرگىيە تولۇقلاپ، يولىمىزنى داۋام قىلىش ئۈچۈن، ئۈمىدسىزلىكنى يوقۇتۇپ، قورقماس مۆئمىنلەردىن بولۇشىمىز كېرەك.

دوختۇر كېسەلنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پەرھىز تۇتىدىغان يېمەكلىكنى دەپ بەرمەستىن: «خالىغىنىڭىزنى يەڭ» دېگىنى كۆڭۈل بۆلگىنىمۇ ياكى «سىز بۇلارنى يەپ، بۇلارنى يېمەيسىز. بۇ ئىشنى قىلىپ، بۇ ئىشنى قىلسىڭىز بولمايدۇ» دېگەندەك ھۆزۈرىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر بۆلۈك ئىشلارغا بۇيرۇغانلىقى كۆڭۈل بۆلگىنىمۇ؟ بىز ئاللاھنىڭ چەكلىمە ۋە سىناقلىرىنى مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشەنسەك، ئۈمىدسىزلەنمەيمىز.

ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى خاپىلىق ۋە مۇسىبەتلەر بىلەن سىناپ ئۆزىنى ئەسلىتىدۇ ۋە دۈشمىنىنىڭ كىملىكىنى تونۇتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، «ئاللاھ مۆئمىنلەرنى داۋالاۋاتىدۇ» دېگەن قاراشتا بولىمىز. قانداقتۇر، «ئاللاھ مۆئمىنلەرنى ئۇنتۇپ قالدى» دەيدىغان سەپسەتە ئەسلا پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەر ئىشنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ئورۇنلاشتۇرغۇچى بۈيۈك زاتتۇر.

مەسىلىنى سەۋەبكە باغلاش، بەزىلەرگە خۇددى تەۋھىدكە زىتتەك تۇيۇلىدۇ. تەۋھىد ئۇقۇمى ئېنىق چۈشىنىلمىگەندە، «نەتىجە ئاللاھتىن كېلىدۇ، سەۋەبكە باغلاشقا بولمايدۇ» دېگەندەك چۈشەنچىلەر كېلىپ

چىقىدۇ. ئەمما بۇ چۈشەنچە ئاللاھ تائالا ياراتقان دۇنيا قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

سەۋەب يوللىرىنى تۇتۇش، تەۋەككۇلغا زىت ئەمەس. بىز ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پۈتۈن دۇنيانى قانۇنىيەت بىلەن ياراتقانلىقىغا ئىشىنىمىز. سەۋەبنى ياراتقان ئاللاھ، نەتىجىنىمۇ ياراتقان. سەرەڭگىنى ياراتقان ئاللاھ، سەرەڭگە ئارقىلىق كېلىپ چىقىدىغان ئوتنىمۇ ياراتقان. شۇڭا سەۋەبنى قىلغىنىمىزنىڭ ئۆزى ئاللاھقا بويسۇنغىنىمىزدۇر.

بىز ئادەتتە: «كېسەللىمنى بۇ دورا ساقايتتى» دېگەن سۆزنى قىلغاندا، قەلبىمىزدىكى تەۋەككۇل ئەقىدىمىزگە زىت گەپ قىلغاندەك تۇيغۇدا بولىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز مۇسۇلماننىڭ ئېغىزىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، تەۋەككۇلغا زىت ئەمەس. چۈنكى دورىنى ئاللاھ ياراتقان ماددىلارنىڭ باشقىسىدىن ياسىغان بولسا ئىدى، ئۇنداق تۇيغۇدا بولساق بولاتتى. لېكىن دورىنى ۋە پايدا قىلىش رولىنى ئاللاھ ياراتتى. دېمەك، دورا كېسەللىككە پايدا قىلغان بولسا، ئاللاھ شىپالىق بەرگەن بولىدۇ. بارلىق مەسىلىلەر مۇشۇ شەكىلدە چۈشىنىلگەندە، سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ياخشى چۈشەنگەن ۋە نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەۋەبنى قىلغان ھالدا، قورقماسلىق بىلەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلالايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىيلەنگە مۇستەھكەم ئىرادە، قورقماس يۈرەك ۋە شىجائەت ئاتا قىلسۇن! ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشەنمەستىن، سەۋەبنى ئېنىق بەلگىلىمەستىن، قارىغۇلارچە تەلۋىلىكتىن ساقلىسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مىننەتدارلىق

**﴿وَإِن تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا﴾[1] «ئەگەر ئاللاھنىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېئمەتنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر».**

ئاللاھ بەرگەن سان-ساناقسىز نېئمەتلەرنى ساناپ بولالمىغان ئىكەنمىز، ئۇنىڭغا لايىق رەۋىشتە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، زىممىمىزگە چۈشكەن ۋەزىپە، ئىمكانىيىتىمىز يەتكەن مىقداردا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتۇر.




مىننەتدارلىق، نېئمەت بەرگۈچىگە خۇرسەنلىكنى ئىپادىلەيدىغان ھەقىقىي سادىق مۇئمىنلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بولۇپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿بَلِ اللَّهَ فَاعْبُدْ وَكُن مِّنَ الشَّاكِرِينَ﴾[2] «يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن» دەپ بۇيرۇق قىلغان.

ئىنسان مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ۋە شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك نېئمەتلەر ئىنتايىن كۆپ. بۇنىڭ ئەڭ روشەن بولغىنى، ئىنساننىڭ دۇنياغا

[1] سۈرە نەھل 18-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە زۇمەر 66-ئايەت

كەلتۈرۈلۈش نېئمىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بىزلەرگە بۇنى ئەسلىتىپ: ﴿هَلْ أَتَىٰ عَلَى الْإِنسَانِ حِينٌ مِّنَ الدَّهْرِ لَمْ يَكُن شَيْئًا مَّذْكُورًا﴾[1] «ئىنسان بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە ئەمەس ئىدى» دەيدۇ. ھەركىشى ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. چۈنكى ئوتتۇز ياشقا كىرگەن بىر كىشى، ئوتتۇز بىر يىل ئىلگىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەتراپىمىزدىكى تارىخى ئۇزۇن ئىمارەت، دەرەخ ۋە يېزىلغان كىتاب قاتارلىق نەرسىلەرگە قارىغىنىمىزدا، «ئۇلارنىڭ سېلىنغان، تىكىلگەن ۋە يېزىلغان ۋاقىتلىرىدا، مەن بۇ دۇنيادا يوق ئىكەنمەن» دەپ ئويلاپ قالىمىز. بۇ خىل ئويلىنىشلار ئىنسانغا «مىننەتدارلىق تۇيغۇسى» ھېس قىلدۇرىدۇ.




ئاللاھ تائالا بىزنى بۇ دۇنياغا ئەكېلىش ئارقىلىق مەرھەمەت قىلدى ۋە مەۋجۇدىيىتىمىزنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ئاتا-ئانىمىزنىڭ قەلبىدىكى مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت كاتتا نېئمەتنى ئاتا قىلدى. ئاللاھ تائالا: ﴿وَأَلْقَيْتُ عَلَيْكَ مَحَبَّةً مِّنِّي﴾[2] «ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم» دېگەن بولۇپ، ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ۋە باشقا بارلىق مېھىر-مۇھەببەت، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاشلانغان. شۇڭا ئاللاھنىڭ بىزنى ياراتقانلىقى ۋە ئاتا-ئانىمىزنىڭ قەلبىگە مېھىر-مۇھەببەتنى سالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. ئاتا-ئانا پەرزەنتىنىڭ

[1] سۈرە ئىنسان 1-ئايەت
[2] سۈرە تاھا 39-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



راھىتى ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئۆرلىشى ئۈچۈن ھېچنەرسىنى ئايىمايدۇ. ھەتتا بۇ مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدە، بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.

ئەسەرلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنغان: مەلۇم بىر پەيغەمبەر يولدا كېتىۋېتىپ، بىر ئايالنىڭ تونۇرغا نان يېقىۋاتقانلىقىنى، قېشىدا بالىسىنىڭ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئايال ھەربىر ناننى يېقىپ بولۇپ، بالىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتاتتى. پەيغەمبەر بۇ مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى ھەيران قېلىپ: «ئى ئاللاھ! نەقەدەر مېھرىبانلىق بۇ!» دەپ نىدا قىلغان. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىگە: «ئى بەندەم! بۇ مېنىڭ شۇ ئانىنىڭ قەلبىگە سالغان رەھمىتىمدۇر. مەن ئۇنى ھازىر تارتىۋالىمەن» دەپ ئىلھام قىلغان ۋە ئانىنىڭ قەلبىدىكى مېھرىبانلىقنى تارتىۋالغان. شۇ ئەسنادا بالا شۇنداق يىغلىشىغىلا، ئانىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، كۆتۈرۈپ ئېلىپلا تونۇرغا تاشلىۋەتكەن. دېمەك، مېھىر-مۇھەببەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن بۈيۈك نېمىتىدۇر.




ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ: ﴿أَلَمْ نَجْعَل لَّهُ عَيْنَيْنِ * وَلِسَانًا وَشَفَتَيْنِ * وَهَدَيْنَاهُ النَّجْدَيْنِ﴾[1] «ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟» دەيدۇ. ئىنسان بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر

[1] سۈرە بەلەد 8، 9، 10-ئايەت

ئېتىمىسا، تۈزكورلۇق قىلغان بولىدۇ. ئېرىشكەنلىرىمىزگە شۈكۈر ئېيتىش، ئادىمىيلىكنىڭ ئىپادىسى ۋە ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر.

## مىننەتدارلىق ئىپادىلىرى ۋە ياخشى ئەمەل

ئاللاھ بىزنى يارىتىپ، ياشىشىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن نېئمەتلەرنى بەرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ دۇنيا سىستېمىسىغا نامۇۋاپىق شەكىلدە ياشاپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاپىلىققا قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئەڭ بۈيۈك نېئمىتى بولغان ھىدايەت نېئمىتىنى ئاتا قىلدى. بۇلارنى ئەسلىگەن ۋاقتىمىزدا، بىزدە تۇنجى پەيدا بولىدىغىنى مىننەتدارلىق ۋە خۇرسەنلىك تۇيغۇسى بولىدۇ.




مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنىڭ بىرىنچى ئىپادىسى، قەلبتە بولىدۇ. بىر ئادەم ئىقتىساد ياكى باشقا ئىمكانىيەتلەردە ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىدىن ياردەمگە ئېرىشىپ، كۆڭۈلدىكى ئېھتىياجى قامدالغان بولسا، چىن قەلبىدىن تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، بارلىق نېئمەتلەرنى، ئەسلى ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەنلىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە، بىرىنچى بولۇپ قەلبىمىزدە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنىڭ ئىككىنچى ئىپادىسى، تىل ئارقىلىق بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلەش ئارقىلىق: «ئى ئاللاھ! مېنى ياراتتىلا، مەرھەمەت قىلدىلا، شۇنچە نېئمەتلەرنى بەردىلە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبە ئاتا قىلدىلا، ئەمدى مەن ئۆزلىرىگە تەشەككۇر ۋە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن» دەپ، تىل ئارقىلىق ئىچكى خۇرسەنلىك تۇيغۇمىزنى ئىپادىلەيمىز.

ئۈچىنچى ئىپادىسى، قەلب ۋە تىلدىكى مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنى ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿اعْمَلُوا آلَ دَاوُودَ شُكْرًا * وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ﴾[1] «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ئىشلەڭلار، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز» دېدى. ئايەتتە: «تەشەككۇر ۋە مىننەتدارلىقنى بىلدۈرمەكچى، ئېرىشكەن ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرماقچى بولساڭلار، ئىشلەڭلار!» دېيىلگەن. مۇئمىننىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىنى ياراتقانلىقىغا، دۇنيادا ھەر تۈرلۈك رىزىق ۋە نېئمەتلەرنى بەرگەنلىكىگە قايتۇرىدىغان جاۋابى، ئەتراپىدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ مىننەتدارلىقى «قەلبتىكى مىننەتدارلىق تۇيغۇسى، تىلدىكى ئىپادە ۋە ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەت» قاتارلىق ئۈچ باسقۇچ بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ. قەلبىدە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولغان كىشى، كىچىكلەرگە شەپقەت كۆرسىتىدۇ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئاچلارنى تويغۇزىدۇ، يالىڭاچلارغا




[1] سۈرە سەبە 13-ئايەت

كىيگۈزىدۇ، خاپىلىقتا قالغانلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە كېسەللەرنى يوقلايدۇ.

ئىنسان ئاللاھنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە جاۋاب قايتۇرۇش ئىستىكىدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ بىزنى بۇ دۇنياغا يارىتىپ، شۇنچە نېئمەتلەرنى بېرىپ توغرا يولغا باشلىشىدىن بولغان تۈپ مەقسەت، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىمىز ئۈچۈندۇر.




ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن تۇنجى ئۈمىد قىلىدىغان نەرسىسىنى بىزگە ئېپادىلەپ: ﴿رَبِّ ارْجِعُونِ * لَعَلِّي أَعْمَلُ صَالِحًا فِيمَا تَرَكْتُ﴾[1] «ئەي پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن، مەن قويۇپ كەلگەن مال-مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىۋالسام» دېگەن. چۈنكى ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى قىلالماي ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغان ئادەمنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى، دۇنياغا قايتۇرۇلۇش بولىدۇ.




ئىنسانغا ئەڭ ئاخىرىدا بېرىلىدىغان دەرىجە، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە قاراپ

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 99، 100-ئايەت

www.uyghurkitap.com



بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَلِكُلٍّ دَرَجَاتٌ مِّمَّا عَمِلُوا﴾[1] «ئاخىرەتتە ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ» دېگەن.

## سەۋر ۋە مىننەتدارلىقنىڭ ھەۋەس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى




ئىنسان نۇرغۇن ھەۋەس ۋە قىزىقىشلار بىلەن يارىتىلغان ۋە دۇنيادا شۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە ياشايدۇ. قىزىقىش ۋە ھەۋەسنى ئىجابىي يوللارغا سەرپ قىلىپ، ئۆزىنى سەلبىي يوللاردىن توسۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئىنساندا سەۋر ۋە مىننەتدارلىق بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمان ئىككى <يېرىم>دۇر. بىرى سەۋر، يەنە بىرى شۈكۈر (مىننەتدارلىق)»[2] دېگەن. ئىنسان ھەۋەسنى توغرا تەرەپكە بۇرىيالىغاندا، ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقان بولىدۇ ۋە ئىمانى پۈتۈنلىنىدۇ.

ئاللاھ قىزىقىش ۋە ھەۋەسلەرنى، ئىنساننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆزگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياراتقان. ئەگەر قىزىقىش توغرا ئورۇندا سەرپ قىلىنسا، ئىنساننى يۈكسەلدۈرىدۇ. خاتا ئورۇنغا ئىشلىتىلسە، ۋەيران قىلىدۇ. بۇ خۇددى بېنزىنغا ئوخشاش مۇناسىپ ئورۇنغا قۇيۇلسا، ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىزنى توغرا نىشانغا ئاپىرالايدۇ. ئەگەر مۇناسىپ ئورۇنغا قۇيۇلمىسا، بىزنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىدۇ.

[1] سۈرە ئەنئام 132-ئايەت

[2] رواه البيهقي في شعب الإيمان عن أنس

ئىنساندىكى ھەۋەس ۋە قىزىقىشلار قوش بىسلىق پىچاققا ئوخشايدۇ. بىز ھەۋەس ۋە قىزىقىشلارنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قوللانساق، نىشانىمىزغا يېتىمىز. ئەگەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن ئايرىپ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەك، ئۆزىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغان بولىمىز-دە، ئازغۇن ئىنسانلارغا ئايلىنىمىز.




ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن چەتنەپ، ئۆز خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنِ اتَّبَعَ هَوَاهُ بِغَيْرِ هُدًى مِّنَ اللَّهِ﴾[1] «ئاللاھ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟» دېگەن. مەسىلەن: ھەممە يەرگە مىنا كۆمۈلگەن ۋە سىم توسۇقلار بىلەن توسۇلۇپ، «خەتەرلىك! يېقىنلىششقا بولمايدۇ!» دەپ يېزىپ قويۇلغان رايوننى كۆرگەن ئادەم: «قەيەردە ماڭغۇم كەلسە شۇ يەردە ماڭىمەن. بۇلار مېنىڭ ئەركىنلىكىمگە دەخلى-تەرۇز قىلسا بولمايدۇ» دېيىشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟ تەبىئىيكى، بۇنداق چۈشەنچە ساراڭلىقتىن ئىبارەتتۇر. ھەۋەس ھىدايەتتىن ئايرىلىپ قالسا، ئىنساننى شۇنداق ئازدۇرىدۇ. ئىسلامنىڭ چەكلىمىلىرى ئەسلا ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىنى بوغمايدۇ، بەلكى يۈگەنسىز ھەۋەسنىڭ خەتەرگە تارتىپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

[1] سۈرە قەسەس 50-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىشىلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان قىزىقىشى، ئەگەر ساغلام نىكاھ بىلەن ھالال شەكىلدە ئۆز يولىغا سېلىنسا، ئىپپەتلىك ئائىلە روياپقا چىقىپ، ئەدەب-ئەخلاقلىق ئەۋلادلار مەيدانغا كېلىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل ئائىلىلەردىن ئىپپەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك بىر جەمئىيەت مەيدانغا كېلىدۇ. ئەگەر كىشى شەھۋىتىنى يۈگەنسىز قويۇۋەتسە، ئۆزىنى




بۇلغىغاندىن سىرت، قارشى تەرەپنىمۇ بۇلغايدۇ ۋە جەمئىيەتنى بۇزىدۇ.

ئىنسان قىزىقىش ۋە ھەۋەسلىرىنى ئۆز يولىغا كىرگۈزگىنىدە، پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىنى يارىتىشى ۋە ياراتقاندىن كېيىن بەرگەن نېئمەتلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىلەننى ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدىغان، ھەمدۇسانا ئېيتىدىغان ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان بەندىلەردىن قىلسۇن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چىدامچانلىق

**﴿وَالْعَصْرِ إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾[1] «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە چىدامچانلىقنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر».**

ئىسلامىي خىزمەتلەرنىڭ ئۇتۇقلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى چىدامچانلىقتۇر. بىز مەقسەت قىلىۋاتقان «چىدامچانلىق»، ئەرەبچىدە "الصَّبر" دېيىلىدۇ. بۇ ئۇقۇم تىلىمىزدا بۇرۇندىن تارتىپ «سەۋر قىلىش» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «مەسىلىلەرگە پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇش ۋە نۆۋەتتىكى ھالەتكە قانائەت قىلىش» ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ قالغان.




قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان "الصَّبر" ۋە ھەدىستە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان «سەۋر قىلىش» ئۇقۇمى، ئىنسان ھاياتتا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق، توسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئاتلاپ ئۆتۈش، ئاخىرقى

[1] سۈرە ئەسر

نىشانىغا قاراپ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەش، كەلگەن ئەزىيەت ۋە خاپىلىقلارغا ۋايسىماسلىقنى مەقسەت قىلغان. بۇ نۇقتىدىن "الصَّبر" كەلىمىسىنى، «چىدامچانلىق (بەرداشلىق بېرىش)» سۆزى بەكرەك يارقىن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «چىدامچانلىق بىلەن ياشاپ، ياخشىلىقنى ئېرىشتۇق» دېگەن. مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ۋايساش، ئاغرىنىش ۋە پاسسىپ ھالەتكە قانائەت قىلىش ئىنسان ھاياتىدىكى خارلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىززەت بىلەن ياشىماقچى بولغان ئادەم، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان چىدامچانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

## ئىنسان ۋەزىپە يۈكلەنگەن ھۆرمەتلىك مەخلۇق

ئىنسان ئاللاھتىن كەلگەن ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنسَانُ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرز ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىپ قىلدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى)دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى» دېگەن.

ئەگەر «زېمىننى ئاۋات قىلىش» ۋەزىپىسى بىزگە بېرىلمەستىن، باشقا مەخلۇقاتلارغا بېرىلسە ئىدى، بىز چوقۇم «زېمىننى ئاۋات قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلار»نىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلۇپ، ئېغىل ياكى كاتەككە سولىنىشىمىز مۇمكىن ئىدى. ئەمما زېمىندىكى ئاساسىي ۋەزىپە بىزلەرگە يۈكلەنگەن بولغاچقا، زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەر بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن يارىتىلدى ۋە بويسۇندۇرۇلدى.

---

[1] سۈرە ئەھزاب 72-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئىنسان ھاياتى ئاخىرلىشىشقا قاراپ كېتىۋاتقان بىر ھاياتتۇر

ئىنسان ھاياتى ھامان بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ ۋە دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىدىن تولۇق ھېساب بېرىدۇ. بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت. ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ: «ئىنسان قىسقىغىنا بىر ۋاقىتتىن ئىبارەت» دەپ تەرىپلىگەن. چۈنكى بىر كۈن ئۆتسە، ئىنساننىڭ ئۆمرىدىن بىر كۈن ئازىيىدۇ. چىكىلداپ مېڭىۋاتقان سائەتنىڭ ھەربىر ئىسترېلكىسى، خۇددى ئۆلجىسىنى پارچىلاۋاتقان چۈمۈلىلەرگە ئوخشاش بىزنى ئاستا-ئاستا يەپ تۈگىتىدۇ. مەسىلەن: مەندە بىر مىليون دوللار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەركۈنى يۈز دوللار كېمەيگەن ئەھۋالدا، مەن ئېسىل ياشاۋاتقان بولساممۇ، يەنىلا زىيان تارتىۋاتقان ئادەم ھېسابلىنىمەن. ئىنسان تۇغۇلۇشى بىلەن، ئاخىرقى بېكىتى ئۆلۈم بولغان ھايات پويىزىغا چىقىدۇ. ھەرقانچە ئۇزۇن مۇساپىلىك پويىزنىڭمۇ، ئېنىقلا يېتىپ بارىدىغان ئاخىرقى بېكىتى بار. سەپەرگە چىققان ۋاقىتتىن تارتىپ ئۆتۈۋاتقان ھەربىر مىنۇت، ئۇ كىشىنىڭ ئاخىرقى بېكەتكە يېقىنلىشىۋاتقان ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ.




سۇ قاپىقىنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈكتىن سۇ توختىماي ئېقىۋەرسە، سۇنىڭ ھامان تۈگەيدىغانلىقى ئېنىق. ئىنسان خۇددى تۆشۈك قاپاقتىكى سۇدەك ئۈزلۈكسىز خوراپ تۈگەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئۈزلۈكسىز كېمىيىپ، ھالاكەت تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى

ئىپادىلەپ: ﴿وَالْعَصْرِ * إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ﴾ «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر» دېگەن.




ئايەتتىكى "خُسْر" سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى «كېمىيىش، ھالاكەت ۋە زىيان تارتىش» بولۇپ، «ئىنسان كۈندىن-كۈنگە ھالاكەتكە يېقىنلاپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنساننىڭ بىردىنبىر دەسمايىسى بولغان ۋاقىت، توختىماي كېمىيىپ ماڭىدۇ. دېمەك، ئىنسان بۇ دەسمايىنى ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىدۇ ياكى بىرەر يەرگە مەبلەغ سېلىپ، پايدا يارىتىدۇ.

## ئىنساننىڭ قۇتۇلۇشىدىكى «تۆت ئاساس»

ئىنسان تۆت ئاساس بىلەن بۇ زىياندىن قۇتۇلۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ تۆت ئاساس، سۈرە «ئەسىر»دە تىلغا ئېلىنغان مۇنۇ تۆت ئىشتۇر: ﴿إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾[1] «ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا (ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر)». ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ بۇ تۆت ئاساسنى ئىشارە قىلىپ: «ئەگەر كىشىلەر بۇ سۈرىنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەنسە ئىدى، زىياندىن قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتى» دېگەن.

---

[1] سۈرە ئەسر 3-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com






بىرىنچى ئاساس: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «ئىمان ئېيتقان». دۇنيانى ياراتقان زاتنىڭ، ئىسلامنىڭ ۋە دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ ماھىيىتى توغرۇلۇق ئىزدەنگەن ۋە بۇنى چۈشىنىپ، ئاللاھ ئورناتقان ياشاش مەنھەجىنى قوبۇل قىلغان كىشى، بىرىنچى ئاساسنى ھازىرلىغان بولىدۇ.

دۇنيادا بەدەلسىز ئىش بولمايدۇ. بىر ئادەم خىزمەتكە ئېرىشىش ياكى ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ھاياتىنىڭ يىگىرمە-ئوتتۇز يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلىدۇ. ئەجەبا كەڭلىكى ۋە توغرىلىقى ئاسمان-زېمىندىنمۇ چوڭ بولغان، خىيالىمىزغا ھېچ كېلىپ باقمىغان نازۇ-نېمەتلەر ھازىرلانغان بىر




جەننەت، قانداقمۇ بەدەلسىز ۋە تەييارلىقسىز كېلىپ قالسۇن!؟ ئىنسان چىدامچانلىق بىلەن جەننەتنىڭ ساھىبى بولغان زاتنىڭ تەلىماتىنى ھاياتىغا تەتبىقلىماستىن، جەننەتنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.




ئىنسان تىجارەت ۋە باشقا شۇنچە ئىشلارغا ۋاقىت ئاجرىتىدۇ، ئەمما كەلگۈسى نىجاتلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسى بولغان ﴿الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «ئىمان ئېيتقانلار»نىڭ قانداق ياشىشى توغرىسىدىكى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتبىقلاشقا ۋاقىت ئاجراتتىمۇ؟!

ئىككىنچى ئاساس: ﴿وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ﴾ «ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان». ئىنسان بۇ دۇنيانىڭ جەننەت ئۈچۈن مەبلەغ توپلايدىغان ماكان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ: ﴿ادْخُلُوا الْجَنَّةَ بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾[1] «قىلغان ئىشلىرىڭلار سايىسىدە جەننەتكە كىرىڭلار» دېگەن.

ئۆزى، ئائىلىسى، مىللىتى ۋە دىنى ئۈچۈن تىرىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاساسىي تۈپ مەقسەت بولۇپ، بۇلار ئەمەلىيەتتە «ئىبادەت» ئۇقۇمىغا كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾[2] «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن. ياخشى ئىش قىلىشنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلانغاچقا، بۇ ئايەت بىزگە، ئىنسان بۇ دۇنياغا پۈتۈنلەي ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

[1] سۈرە نەھل 32-ئايەت
[2] سۈرە زارىيات 56-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۈچىنچى ئاساس: ﴿وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ﴾ «بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان». ئىنسان رەببىنى تونۇغاندىن كېيىن، ئۆزىگە بېرىلگەن ئىسلام نېئمىتىنى باشقىلار بىلەنمۇ ھەمبەھىرلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.




باشقىلارغا ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش پەرزدۇر. بىلمىگەن نەرسىنى يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاۋۋال بىلىپ، ئاندىن بىلگەن دائىرىدە ئائىلە، تۇغقان، دوست، خىزمەتداش ۋە ساۋاقداشلارغا يەتكۈزگەنلەر ﴿وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ﴾ «بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان»لارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەسجىدلەردە ئاڭلىغان، تەشۋىقات ۋىدىئولىرىدىن كۆرگەنلىرىدىن تەسىر قىلغان مەزمۇنى ساغلام، دىن ۋە ئەخلاققا چاقىرىدىغان ھەرنەرسىنى ئەتراپىتىكىلەرگە يەتكۈزۈش، پەرز ئەين ھېسابلىنىدۇ.

بەزى قېرىنداشلىرىمىز: «قانداقمۇ ھەممە ئادەمگە دەۋەت قىلىپ بولغىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. ھەر ئىنساننىڭ ئۈستىگە پەرز بولىدىغان دەۋەت، تونۇيدىغان چەكلىك كىشىلەرگە دەۋەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئەمما دەۋەتكە مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىش، ئۇنى ئۆز خىزمىتى سۈپىتىدە كۆرۈپ ئىزدىنىش، مەلۇمات توپلاش ۋە كەسپىيلىشىپ پۈتۈن ھاياتىنى دەۋەت خىزمىتىگە بېغىشلاش پەرز كۇپايىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەخسۇس كەسپىي دەۋەتچى ئاجرىتىلسا، بۇ پەرز باشقا كىشىلەردىن ساقىت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ نۇقتىنى بايان قىلىپ:

﴿وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ﴾[1] «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن» دېگەن.

بىلمىگەن دائىرىدە سۆزلەش، دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان ئامىلدۇر. شۇڭا ئۇچۇن بىلگەن ۋە چۈشەنگەن دائىرىدە، دىنىي چۈشەنچىلەرنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش كېرەككى، ھەرگىز بىلمىگەن دائىرىدىن خالىغانچە سۆزلىمەسلىك كېرەك.

تۆتىنچى ئاساس: ﴿وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ «سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشقان». دۇنيا، ئاخىرەت ۋە ئاللاھ ھەققىدە ئويلىنىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسنىڭ ھەممىسى ئىنساندىن مەلۇم دەرىجىدە زېھىن، ۋاقىت ۋە چىدامچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: بامدات ئوقۇش ئۈچۈن تاڭ ئاتماستا ئىسسىق يوتقاندىن تۇرۇپ، سوغۇقتا تاھارەت ئېلىش، ئىسسىق كۆڭلەرگە بەرداشلىق بېرىپ روزا تۇتۇش، زاكاتنى تولۇق ئايرىش، ھەج قىلىش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، قېرىنداشلار ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىش ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، ئىنساندىن نۇرغۇنلىغان ماددىي ۋە مەنىۋى بەدەللەرنى تەلەپ قىلىدۇ.




[1] سۈرە ئال ئىمران 104-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باشقىلارنى ياخشىلىققا تەۋسىيە قىلىپ، مەسخىرە ۋە ئىنكار قىلىنىشقا ئۇچرىغىنىڭدا، ئارقىغا چېكىنمەستىن تېتىك ھالدا يولنى داۋام قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەندىن بىر ئىغىز سۆز بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار»[1] دېگەن ھەدىسىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ۋە بىلگەن دائىرىدە باشقىلارغا ھەقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، سەۋر ۋە بەرداشلىق بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزگە ئەزىيەت بەرگەن كىشىلەرنىڭ كەينىدىن گەپ قىلغۇمىز ۋە ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ئاچقىمىز كېلىدۇ. بۇلاردىن تىلىمىزنى يىغىشىمىز، سەۋر تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسان ھېچ پەرۋاسىز شەكىلدە بەزى سۆزلەرنى قىلىپ سالىدۇ ۋە شۇ سۆز سەۋەبلىك دوزاخقا كىرىپ كېتىدۇ»[2] دېگەن.




ھاياتتا قاتناش ۋەقەسى، كۆز ۋە پۇت-قولدىن ئايرىلىپ قېلىش ... قاتارلىق تۈرلۈك مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا بولغان ئىمان بىلەن سەۋر قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا بۇ توغرىسىدا: «قازايى-قەدەرنىڭ ئەڭ يامىنىغا رازى بولۇش، ئىمان دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىسىدۇر» دەيدىغان سۆزمۇ بار.

---

[1] أخرجه البخاري و الترمذي عن إبن عمرو

[2] رواه الترمذي عن أبي هريرة

ئـاللاھ تائـالا: ﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ﴾[1] «مېنــى يــاد ئېــتىڭلار، (مېنــى يــاد ئەتســەڭلار) مەنمــۇ ســىلەرنى يــاد ئېــتىمەن» دېــگەن. ئــاللاھنى ئەســلەش زىكىــر-تەســبىھ ئېيتىشـــلا ئەمەس، بەلكــى يۇقىرىـــدا ئوقـــۇپ ئـــۆتكەن نىجاتلىقنىــڭ تــۆت ئاساســىنى ئورۇنــداش بىــلەن بولىــدۇ. بىــز ئــاللاھنى ئەنە شۇ شەكىلدە ئەسلىگەن ۋاقتىمىزدا، ئاللاھ بىزنى ئەسلەيدۇ.

ئــاللاھ تائــالا: ﴿وَقَدْ مَكَرُوا مَكْرَهُمْ﴾[2] «ئــۇلار ھەقىــقەتەن (پەيغەمــبەر ۋە مــۆئمىنلەرگە) مىكىــر ئىشــلەتتى» دېــگەن. مۇســۇلمانلارنىڭ ئەتراپــى سۇيىقەســت، ھىــيلە-نەيــرەڭ، توســالغۇ ۋە جاپــا-مۇشــەققەتلەر بىــلەن ئورالغــان بولىــدۇ. بــۇلارنى يېڭىشــنىڭ يــولىنى ئــاللاھ تائــالا: ﴿وَإِن تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا لَا يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْئًا﴾[3] «ئەگەر ســىلەر (ئۇلارنىــڭ ئەزىيــتىگە) ســەۋر قىلســاڭلار ۋە (ســۆزۈڭلار ۋە ھەرىكــەتىڭلاردا ئــاللاھتىن) قورقســاڭلار، ئۇلارنىــڭ ھىيلىســى ســىلەرگە قىلــچە زىيــان يەتكۈزەلمەيــدۇ» دېــگەن ئــايەتتە كۆرســىتىپ، مۇئمىنــدىن «بەرداشــلىق بېرىــپ ئــاتلاپ ئۆتــۈش ۋە ئــاللاھتىن قورقۇش»نى تەلەپ قىلغان.

ئــاللاھ تائــالا بىــزگە ئەمەل-ئىبــادەت ۋە قىيىنچىلىقلارغــا بەرداشــلىق بېرەلەيـــدىغان، ئىشـــلارنى ئـــاخىرىغىچە بەل قويـــۇۋەتمەي ئېلىـــپ ماڭالايـــدىغان، نىشـــانغا قـــاراپ ئۈزلۈكســـىز ئىلگىرىلىيەلەيـــدىغان چىدامچانلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى ئاتا قىلسۇن!

[1] سۈرە بەقەرە 53-ئايەت
[2] سۈرە ئىبراھىم 46-ئايەت
[3] سۈرە ئال ئىمران 120-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# راستچىللىق

«راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىشى راست گەپ قىلىۋېرىدۇ، ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە راستچىل دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىق كىشىنى گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. كىشى يالغان ئېيتىۋېرىدۇ، ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ»[1]، ﴿رَبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ﴾[2] يەنى، «ئىشىمنىڭ بېشىنى راستچىللىق بىلەن باشلىغىلى نېسىپ قىلسىلا ۋە ئىشىمنىڭ ئاخىرىدىمۇ مېنى شۇ ئىشتىن راستچىللىق بىلەن چىقارسىلا».

## راستچىللىقنىڭ بىرىنچى ئىپادىسى: گەپ-سۆزدىكى راستچىللىق




سۆزدىكى راستچىللىق، سۆزنىڭ قىلىۋاتقان ئىش ۋە يۈز بېرىۋاتقان ھالەتكە ماس كېلىشىدۇر. سۆزى ئەمەلىيىتى بىلەن بىردەك بولغان مۇئمىن، ئەسلا يالغان ئېيتمايدۇ.

مۇئمىن بەزىدە خاتالىق ئۆتكۈزۈشى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدا تېيىلىپ يولدىن

---

[1] متفق عليه عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه

[2] سۈرە ئىسرا 80-ئايەت

چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا مۇئمىن ئاللاھقا تۆۋبە قىلىپ، مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ھەرگىز يالغانچىلىق قىلىپ خاتالىقنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنمايدۇ. يالغانچىلىق كۈنىمىزدە ئاددىي قارىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەقىقەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ خىل ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىش، مۇئمىننىڭ تەبىئىتىگە يات بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدە ئەسلا يۈز بەرمەيدۇ.

مۇئمىندىكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن، بەزى ۋاقىتلاردا دېگەن سۆزلىرىدىن قىلغان ئىشلىرى ئاز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما قەستەنلىك بىلەن قىلمايدىغان ئىشنى «قىلىمەن»، قىلىدىغان ئىشنى «قىلمايمەن» دەپ ئۆز ئەمەلىيىتىگە قارشى سۆز قىلىش، مۇئمىندە ئەسلا كۆرۈلمەيدۇ.

ھەر ئىنساندا ئاجىزلىق بولىدۇ، شۇڭا دەۋەتچىلەرمۇ ئاجىزلىق ۋە خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس. دەۋەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى دىنىنىڭ ھەر تەرەپلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش بولۇپ، كىشىلەرنى كېچىدە قىيامدا تۇرۇش، قۇرئان ئوقۇش ۋە باشقا ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەمما شۇ ئىشلارنىڭ بەزىسى ئۆزىدە يوق ياكى ئاز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ھالەتتە دەۋەتچى ئۆزى قىلمايدىغان ئىشنى نورمال ھالەتتە (باشقىلار سورىمىغان ھالەتتە) سۆزلىمەسلىكى كېرەك. يەنى، ئۆزى كېچىسى قىيامدا تۇرمىسا، باشقىلارغا قىيام ھەققىدە سۆزلىمەسلىكى، ياخشى ئىش قىلمىسا، باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىش ھەققىدە سۆزلىمەسلىكى كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلىش راستچىللىققا ئۇيغۇن بولمايدۇ.

باشقىلار كېچىدە قىيامدا تۇرۇش ياكى باشقا بىر مەسىلە ھەققىدە سورىغان بولسا، ئۇ ئىشنى ئۆزى قىلمىغان بولسىمۇ، بىر دەۋەتچى ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەقىقەتنى ئەينەن شەكىلدە يەتكۈزۈشى كېرەك. ئەگەر «ئۆزۈم قىلمىغان ئىشنى دېسەم، باشقىلار مېنى ئەيىبلىمسۇن» دەپ ھۆكۈمنى يوشۇرسا، ئەڭ چوڭ يالغانچى بولىدۇ.

**راستچىللىقنىڭ ئىككىنچى ئىپادىسى: ئىش-ھەرىكەتتىكى راستچىللىق**




ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ قىلىنىش نىشانى ۋە شەكلى بولىدۇ. قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنى باشتىن-ئاخىر شۇ نىشان ۋە شەكىلگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن: بىر كىشى «ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بارلار ئۈچۈن ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدۇ» ياكى «پايدا كۆزلىمەيدۇ» دېگەندەك نام بىلەن بىر دوختۇرخانا سالغان بولسىمۇ، دوختۇرخانىنىڭ نورمال ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغانلىقتىن كېرەكلىك تەدبىر ئالسا، يالغانچىلىق قىلغان بولمايدۇ. ئەمما ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئېچىلغان ۋاقىتتىكى نىشانىنى ئۇنتۇپ، «پايدا ئالىدىغان» دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتىۋېلىش، «ئىش-ھەرىكەتتىكى يالغانچىلىق» بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە راستچىللىقنى ئۆگىتىپ: ﴿رَبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ﴾[1] يەنى، «پەرۋەردىگارىم! ئىشىمنىڭ بېشىنى

[1] سۈرە ئىسرا 80-ئايەت




راستچىللىق بىلەن باشلىغىلى نىيەت قىلسىلا ۋە ئىشنىڭ ئاخىرىدىمۇ مېنى شۇ ئىشتىن راستچىللىق بىلەن چىقارسىلا!» دېگەن. ئىشنى دەسلەپتە باشقىچە باشلاپ، ئاخىرىدا باشقىچە چىقىرىش ياكى ئىشنىڭ خاراكتېرىنى كىشىلەرگە باشقىچە كۆرسىتىپ، ئەمەلىيەتتە باشقىچە ئىلىپ بېرىش «ئىش-ھەرىكەتتىكى راستچىللىق» ھېسابلانمايدۇ.

## راستچىللىقنىڭ ئۈچىنچى ئېپادىسى: ئەھۋالدىكى راستچىللىق




باشقىلار يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بىر كىشىنىڭ بۈيۈك ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشىنى كۈتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشى ئۇنداق بۈيۈك ئىشلارنى قىلمىغان ۋە قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا چوڭ ئىشلارنى قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بۇنداق يالغانچىلىق قىلغان كىشى ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىگە قايتا قاراپ چىقىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com



ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئوخشاش قىياپەتكە كېلىشى، پۈتۈنلەي ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. بۇنىڭدىكى مۇھىم ھالقا ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ قانداق بولۇشىدۇر. ئۇ، ئاللاھ باغلىسا ئۇلىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلسا يېقىنلىشىدىغان ئالاقە بولۇپ، ئىنسان سىرتتا باشقىلارغا شۇنچە تەقۋادار ۋە كەمتەر كۆرۈنگىنىدەك، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىمۇ شۇنداق بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

ئاللاھ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ھۆرمەت ۋە ئورۇننى بىر كىشىگە بىكارغا بەرمەيدۇ. ئاللاھ بۇنى بەرگەن ئىكەن، ئۇ كىشى بۇنىڭغا لايىق شەكىلدە ئەمەللىرىنى ئىخلاس بىلەن قىلىپ، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ياخشى ئورنىتىشى كېرەك. ئىچكى دۇنياسىنى پەقەت شۇ ئىنسان بىلەن رەببىلا بىلىدۇ. دەل باشقىلار ئۇقمايدىغان مۇشۇ ئورۇننى، سىرتتا كۆرۈنگىنى كەبى بىر ھالەتكە ئەكېلىشىنىڭ ئۆزى «ئەھۋالدىكى راستچىللىق» بولىدۇ. مەسىلەن: كىشىلەر ئۇنى «ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان، دىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ئادەم» دەپ قارىغان ئەھۋالدا، كۆرۈنۈشتە شۇنداق كۆرۈنۈپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ۋاقتىنى ئۇخلاپ زايە قىلىپ ئۆتكۈزسە، بۇ «ئەھۋالدىكى يالغانچىلىق» بولىدۇ. بۇ يالغانچىلىق كىشىلەرگە ئاشكارىلانمىغىنى بىلەن، ئاللاھ بۇنىڭ ھېسابىنى چوقۇم ئالىدۇ.



### ئۆزى، رەببى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە راستچىل بولغان كىشىنى، ئاللاھ ھۆرمەتلىك قىلىدۇ

سۆزى، ئىش-ھەرىكىتى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىدا راستچىل بولغان ئىنسانغا ئاللاھنىڭ بېرىدىغان نېمىتى سان-ساناقسىزدۇر. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ۋە قەدىرلەشكە تېگىشلىكى، بۈگۈنكى كۈندە كۆپىنچىمىز يوقۇتۇپ قويۇۋاتقان تىنچلىق، خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر نېمىتىدۇر. ئاللاھنىڭ يەنە بۇنىڭدىن باشقا ساناپ بولالمىغىدەك نۇرغۇن نېمەتلىرى بار.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «توغرا يولدا مېڭىڭلار، ئېرىشىدىغان مۇكاپاتنى ساناپ بولالمايسىلەر»[1] دېگەن. دېمەك، ئەمەل-ئىبادىتىمىز ئارقىلىق ئاللاھقا سەمىمىي، ئەتراپىكىلەرگە راستچىل بولغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا لايىق بولىمىز. بۇ مۇكاپاتنىڭ تەسىرىدە، بىزدە يۈكسەك جۇشقۇن روھ ۋە ئاكتىپ ھالەت پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەتراپىمىزدا ئاللاھنىڭ بۇ مۇكاپاتىدىن خالىي قالغان روھى چۈشكۈن، ئىش خۇشياقمايدىغان ۋە خاتىرجەمسىز بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز.

### راستچىللىقنىڭ تەۋھىد بىلەن بولغان ئالاقىسى

[1] رواه ابن ماجه وأحمد والدارمي عَنْ ثَوْبَانَ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



راستچىللىقنىڭ ئىنسانغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە ئاللاھنىڭ راستچىللارغا بېرىدىغان مۇكاپاتىنى ھېس قىلماقچى بولساق، يالغانچىلىققا قارىساق بولىدۇ. چۈنكى شەيئىلەرنى ئۇنىڭ قارشىسى بىلەن تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. يالغانچىلىق، ئىنساندىكى تەۋھىد ئۇقۇمىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بەلكىم بۇ «راستچىللىق ۋە يالغانچىلىقنىڭ تەۋھىد بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟» دېگەن سوئالنى تۇغدۇرىشى مۇمكىن.

تەۋھىد - ئىنساننىڭ قەلبىدىكى «ئاللاھ مېنى ياراتقان، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان ۋە ھېساب ئالىدىغان بىر زات. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بېرىدىغىنى، بەرمەيدىغىنى، يۈكسەلدۈرىدىغىنى، چۈشۈرىدىغىنى، ئەزىز قىلىدىغىنى ۋە خارلايدىغىنىمۇ ئاللاھ!» دېگەن پىكىردىن ئىبارەت. بىر ئادەم ھەقىقىي راستچىللىقى بىلەن تەۋھىد ئىدىيىسىگە كەلسە، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن پايدا-مەنپەئەت كۈتمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقمايدۇ. ئۆزىگە ۋە رەببىگە نىسبەتەن ئاجايىپ مۇستەھكەم ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ ۋە ھەممە ئىشتا راستچىل بولىدۇ.



راستچىللىق - ئاللاھنى بىر بىلىش ۋە شېرىك كەلتۈرمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك

تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن قوراللانغان مۇئمىننىڭ باتۇرلىقى، قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ شەخسىيىتىدە ناھايىتى ئېنىق نامايەندە بولغان. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە: ﴿فَكِيدُونِي جَمِيعًا ثُمَّ لَا

تُنظِرُونِ﴾[1] «ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار» دېگەن. قەۋمى ئارىسىدا ھېچبىر ياردەمچىسى بولمىغان ھۇد ئەلەيھىسسالامنى بۇنچىۋالا جۈرئەتلىك قىلىۋەتكەن نەرسە نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان: ﴿إِنِّي تَوَكَّلْتُ عَلَى اللَّهِ رَبِّي وَرَبِّكُم ۚ مَّا مِن دَابَّةٍ إِلَّا هُوَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا ۚ إِنَّ رَبِّي عَلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾[2] «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا مەن تەۋەككۈل قىلدىم، ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ، ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ)» دېگەن ئەقىدىدۇر.

مۇئمىن ھەقىقىي تەۋھىد ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، ئۆزىگە كېلىدىغان پۈتۈن زىيان ۋە مەنپەئەتلەرنىڭ ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە ئۆز مەنپەئەتىنىڭ قولىدىن كېتىپ قېلىشىدىن ياكى ئۆزىگە كېلىۋاتقان زىيانلاردىن ئەنسىرەپ يولسىزلىق قىلمايدۇ. مەسىلىلەرگە سەممىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەقىقەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّ عَلَيْنَا لَلْهُدَىٰ﴾[3] «توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك-شۈبھىسىز بىز مەسئۇلمىز» ۋە ﴿وَعَلَى اللَّهِ قَصْدُ السَّبِيلِ﴾[4] «توغرا يول كۆرسىتىشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان» دېگەن. ئىنسان ھاياتىدا ماڭىدىغان يولنى تاللاشتىن تارتىپ، ئەڭ ئاددىيسى كىچىك مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىشكە قەدەر، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قولىدا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنگەن مۇئمىن، قەلبىدىكى تەۋھىد، ئىشەنچ ۋە ئىماندا

[1] سۈرە ھۇد 55-ئايەت
[2] سۈرە ھۇد 56-ئايەت
[3] سۈرە لەيل 12-ئايەت
[4] سۈرە نەھل 9-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



راستچىل بولسا، ھېچ ئىشتىن ئەنسىرىمەيدۇ، سۆزى ۋە مۇئامىلىسىدە ئىچى-تېشى ئوخشاش بولىدۇ. بۇ دەل راستچىللىق ۋە يالغانچىلىقنىڭ تەۋھىد بىلەن بولغان ئالاقىسىدۇر.

## «ئاللاھتىن سوراش»تىكى راستچىللىق

ئىجتىمائىي مۇئامىلە ياكى كىشىلىك ھاياتتا، ئىنسان ئېغىزىدىن نۇرغۇن سۆزلەرنى چىقىرىدۇ ۋە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ھەتتا بۇنى: «مەن مۇنداق قىلسامكەن» دەپ دۇئا قىلىدۇ. بۇ مۇئمىننىڭ راستچىل ياكى يالغانچى بولۇپ ئايرىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: بىر مۇئمىن مەلۇم ئىشنى قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، ئاللاھقا: «مەن قىلماقچى بولغان بۇ ئىشقا ئاسانلىق يارىتىپ بەرسىلە» دېگەن شەكىلدە دۇئا قىلىدى ياكى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا: «مەن مۇنداق ئىشلارنى قىلىمەن» دېگەن دەۋا بىلەن چىقتى. ئەگەر ئاغزىدا دەپ قويۇپ، ئەمەلىيىتىدە تىرىشمىسا، قىلغان دۇئاسى ياكى ئويلىغان ئويىدا يالغانچى بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشى ئېغىزىدىن چىققان سۆزىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىشى كېرەك.




ئىنسان دېگىنىگە يارىشا ئىش قىلمىسا، يالغانچى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسان پەرۋا قىلماستىنلا بىر سۆزنى قىلىدۇ-

دە، شۇ سۆزى سەۋەبلىك دوزاختا چۈشۈپ كېتىدۇ»[1] دېگەن. قاچانكى ئىنسان ئېغىزىدىن چىققان سۆزىنى ئۆز ئەمىلى قاتارىدىن ھېسابلىغىنىدا، ئاندىن ئۇتۇق قازىنالايدۇ.

## مۇئمىندە يالغانچىلىق ۋە خىيانەتتىن باشقا ھەرقانداق خاراكتېر تېپىلىشى مۇمكىن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئمىندە ھەرقانداق مىجەز تېپىلىشى مۇمكىن، لېكىن خىيانەت بىلەن يالغانچىلىق تېپىلمايدۇ»[2] دېگەن. مۇئمىننىڭ بەزىلىرى كىيىم-كېچەككە، يەنە بەزىلىرى يېمەك-ئىچمەككە ئامراق بولۇشى مۇمكىن. بەزىلىرى سېخىيراق بولسا، يەنە بەزىلىرى پۇلغا ئامراق بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىشلار ئاللاھ ۋە رەسۇلى بەلگىلىگەن پرىنسىپتىن چەتنىمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭ ئىمانىغا ۋە ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى دەرىجىسىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئەمما مۇئمىندە يالغانچىلىق ۋە خىيانەت ئەسلا تېپىلمايدۇ. چۈنكى يالغانچىلىق، ھەقىقەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ، مىللىتىنىڭ، دىنىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلىش قاتارلىقلار، (گەرچە ئۆزىنى مۇئمىن دەپ دەۋا قىلسىمۇ) كىشىنى دىنىدىن چىقىرىدۇ.




[1] رواه الترمذي عن أبي هريرة

[2] رواه أحمد عن أبي أمامة الباهلي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مۇستەھكەم ئىرادىگە كۈچلۈك ئىخلاس ئەگىشىشى كېرەك

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، بەزى كىشىلەر: «مەن مۇنداق ئىشنى قىلماقچى ئىدىم، ئاللاھ نېسىپ قىلمىدى، مۇنداق ئىشقا دۇئا قىلغان ئىدىم، ئىجابەت بولمىدى» دەپ قاقشايدۇ. ئىنسان ئەگەر قىلغان دەۋاسىدا، شۇ نىشانغا قاراپ مېڭىشىدا ۋە ئاللاھقا قىلغان دۇئاسىدا راستچىل بولسىلا، چوقۇم خالىغىنىغا ئېرىشكەن بولاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ﴾[1] «ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى» دېگەن. دېمەك، كىشى ئىرادە قىلغان ۋە ئاللاھتىن سورىغان نىشانغا چوقۇم يېتىدۇ.




«يېتەلمىدى» دېگەنلىك، ئۇ كىشىدە نىشانغا يېتىشكە كېرەكلىك ھەقىقىي سەممىيەتنىڭ تولۇق يېتىلمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَمَنْ أَرَادَ الْآخِرَةَ وَسَعَىٰ لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَـٰئِكَ كَانَ سَعْيُهُم مَّشْكُورًا﴾[2] «كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆئمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ» دېگەن. دېمەك، بىر ئادەم: «ئى ئاللاھ! مەن مۇنداق ئىشنى قىلماقچى ئىدىم، ماڭا ياردەم قىلسىلا!» دېگەن بولسا، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمەلىي سەۋەبلىرىنى

[1] سۈرە ئىبراھىم 34-ئايەت
[2] سۈرە ئىسرا 19-ئايەت

قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى دەپ، ئىرادىنى تىكلەپ، ھەتتا ئىشنى باشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي تەقەززالىرى ئورۇندالمىسا ۋە قىلىشقا تېگىشلىك سەۋەبلىرى قىلىنمىسا، نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ.

ئارزۇسى ئۈچۈن قەدەم ئالغان كىشى، كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، تىرىشچانلارنىڭ چوقۇم بەزى نەرسىلەردىن مەھرۇم قالدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھايات قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەلۇم ھوزۇرى ياكى باشقا مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك. ئەمما ئۇنداق قىلماستىن: «مەن بۇ ئىشنى ھوزۇرۇم بۇزۇلماستىن، جاپا تارتماستىن ۋە ماڭا كېلىۋاتقان باشقا مەنپەئەتلەردىن قۇرۇق قالماستىن قىلسام بولاتتى» دېسە، ئۇ كىشى ھايات قانۇنىيىتىنى چۈشەنمىگەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەندە ئاللاھنى دەپ بىر نەرسىنى تاشلىغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دىن ۋە دۇنيالىقىدا تاشلىغان نەرسىسىدىنمۇ ياخشىراقى بىلەن ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ»[1] دېگەن. ئىنسان ئېتىقادى، ۋەتىنى ۋە ئاخىرىتى توغرىسىدىكى بۈيۈك پىلان-مەقسەتلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ، ۋاقتى كەلسە جېنى ۋە مېلىدىن كېچەلىشى كېرەك. شۇلاردىن ۋاز كېچەلىگەندىلا ئاندىن دەۋاسىدا، خىزمىتىدە ۋە مېڭىۋاتقان يولىدا راستچىل بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان دەۋاسىدا راستچىل بولۇپ، تۆلەشكە تېگىشلىك پۇتۇن بەدەللەرنى تۆلىگەن ۋە قىلىشقا تېگىشلىك پۇتۇن سەۋەبلەرنى قىلغان ۋاقتىدا، نىشانغا يېتەلمەسلىكى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

راستچىللىق ئېغىزدىن چىققان ئاددىي بىر ئېغىز سۆزلا بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكىتى، ئىچكى دۇنياسى، ئىخلاسى ۋە

[1] الجامع الصغير عن ابن عمر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



دۇرۇسلۇقنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيادا كۆزلىگەن نىشانغا يېتىشتىن تارتىپ، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىشكە قەدەر، ھەممە ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرى راستچىللىقتۇر. شۇڭا ھەقىقىي مۇئمىن راستچىللىق ۋە سەمىمىيەتنىڭ يەر يۈزىدىكى نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ ھەممەيلەننى راستچىل بەندىلىرىنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئادالەت




﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ﴾[1] **«ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا ۋە (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ».** ئادالەت - ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى ۋە ئىسلامنىڭ مۇھىم پىرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر.

## ئادىللىق ئىبادەتنىڭ بىر تۈرىدۇر

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾[2] «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە يارىتىلىشىدىكى ئاساسىي مەقسەتنىڭ «ئىبادەت قىلىش» ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. بۇ يازمىدا ئىبادەتنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش ۋە ئىش-پائالىيەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان تەرىپى بولغان «ئادالەت» توغرىسىدا توختىلىمىز.

---

[1] سۈرە نەھل 90-ئايەت
[2] سۈرە زارىيات 56-ئايەت

ئاللاھ تائالا ئادالەتنى بۇيرۇق سۈپىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ﴾[1] «ئاللاھ ھەققەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا ۋە (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن. قۇرئان كەرىمدە بىۋاسىتە بۇيرۇق پېئىلى بىلەن كەلگەن نۇرغۇن بۇيرۇقلار بار. ئەمما بۇ ئايەتتە بۇيرۇق، خەۋەر شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. قۇرئان كەرىمدە بۇيرۇق پېئىلى بىلەن كەلگەن بۇيرۇقلار ئەھۋالغا قاراپ، بەزىسى پەرز، بەزىسى ۋاجىپ، بەزىسى مۇستەھەپ، ھەتتا بەزىسى مۇباھ مەنە ئىپادىلىسە، خەۋەر شەكلىدە كەلگەن بۇيرۇقلار، پەرزنى ئىپادىلەيدۇ.




بۇ بۇيرۇقلارغا ئەمەل قىلمىغىنىمىزدا، ئاخىرەتتە بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەيمىز. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ادْخُلُوا الْجَنَّةَ بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾[2] «ئەمەلىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دېگەن. ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئەمەل»، ئاللاھ بىزگە بۇيرۇغان ھەربىر بۇيرۇقنى ئەمەلىي ھاياتىمىزغا تەتبىقلاشنى كۆرسىتىدۇ.

## ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئادىللىق كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى

ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدىن غەسساسىنە پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى جەبىلە بىن ئەيھام دېگەن كىشى مۇسۇلمان بولۇپ مەككىگە كېلىدۇ.

[1] سۈرە نەھل 90-ئايەت
[2] سۈرە نەھل 32-ئايەت

www.uyghurkitap.com



مەلۇم رايون ياكى دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە چوڭ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەتتى، خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ كىشىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

بۇ پادىشاھ كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، ئەئرابىيدىن بىرى ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ پېشىغا دەسسەپ سالدى-دە، كىيىمى سېلىنىپ دولىسىدىن پەسكە چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان پادىشاھ، ئەئرابىينى ئۇرۇپ بۇرنىنى سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ئەئرابىي پادىشاھتىن ئۆز ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا شىكايەت قىلىپ باردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ پادىشاھتىن: «بۇ ئەئرابىينىڭ دېگەنلىرى توغرىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى پادىشاھ بولغانلىقى ئۈچۈن مەغرۇرانە قىياپەتتە:


ئىسلام باي بىلەن كەمبەغەلنى ئايرىمايدۇ

«بۇ ماڭا ئەدەپسىزلىك قىلىۋىدى، ئازراق ئەدەپ ئۆگىتىپ قويدۇم» دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سەن بۇنى رازى قىلسەن ياكى بۇمۇ سېنىڭ بۇرنۇڭنى سۇندۇرۇپ ئۆز ھەققىنى ئالىدۇ» دەيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزى پادىشاھقا خۇددى چاقماق چاققاندەك تۇيۇلۇپ، قاتتىق ھەيراندا قالدۇرىدۇ ۋە: «مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، مەن دېگەن بىر تاجۇ-تەخت ساھىبى تۇرسام، ئۇنىڭدەك بىر تۇپراقتا، مەندەك بىر يۇلتۇز قانداقمۇ ئېگىلىدۇ؟» دەيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سېنىڭ دەۋاتقانلىرىڭ جاھىلىيەتنىڭ قالدۇقلىرى، بىز جاھىلىيەتنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆمۈۋېتىپ،

ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى قورغاندىن بىرنى سالدۇق. بۇ يېڭى قورغاندا پادىشاھ بىلەن پۇقرا، باي بىلەن كەمبەغەل، قۇل بىلەن خوجايىن ئوخشاش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

## ئادالەت بىلەن ئېھسان ئارىسىدىكى پەرق

﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ﴾[1] «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا ۋە (جىمى خەلققە) ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئايەتتە، «ئادالەت» ۋە «ئېھسان» دېگەن ئىككى سۆز تىلغا ئېلىنغان.

ئادالەت - ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ئورنىدا قىلىش، ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بېرىش ۋە ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ھەققىگە ئېرىشىش دېمەكتۇر.




ئېھسان - باشقىلار ئۈچۈن ئۆز ھەققىدىن چۈشۈپ بېرىش ۋە باشقىلارغا ئاشۇرۇپ بېرىش دېمەكتۇر.

بىر شوپۇر ماشىنىنى بەلگىلەنگەن سۈرئەت ئۆلچىمىدە ۋە قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا ھەيدەۋاتقاندا، تۇساتتىن بىر بالا يۈگۈرۈپ چىقىپ ماشىنىغا سوقۇلۇپ زەخىملەندى ياكى ئۆلۈپ كەتتى. بىلگىنىمىزدەك، كۆپىنچە دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرى گەرچە شوپۇردا

[1] سۈرە نەھل 90-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھېچقانداق خاتالىق بولمىسىمۇ، يەنىلا مەسئۇلىيەتنىڭ كۆپ قىسمىنى شوپۇرغا ئارتىدۇ. شۇڭا شوپۇر بۇ ئەھۋالدا بالا ئۈچۈن تۆلەم ياكى باشقا بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ﴾[1] «كىمكى ئەپۇ قىلسا ۋە تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ» دېگەن ئايەتكە ئەمەل قىلىپ، شوپۇرنى ئەپۇ قىلسا، بۇ ئېھسان بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئېھساننىڭ ئادىللىققا قارىغاندا دائىرە جەھەتتە تېخىمۇ كەڭرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## راستچىللىق ۋە ئادىللىق

﴿وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ صِدْقًا وَعَدْلًا﴾[2] «پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى ئادىلدۇر» دېگەن ئايەتتە «راست» ۋە «ئادىل» دېگەن ئىككى سۆز قوللىنىلغان. راستچىللىق بىلەن ئادىللىق، ئاللاھ بىلەن ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئايەتتە: «ئەي بەندىلىرىم! سىلەر راستچىللىقىڭلار بىلەن مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئورنۇڭلارنى بەلگىلەيسىلەر، مەن بۇنىڭ قارشىلىقىدا سىلەرگە ئادىللىق قىلىمەن» دېگەندەك بىر مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندە راستچىل بولۇشى كېرەككى، ئاللاھ ئۇ بەندىگە ئادىل بولسۇن.




[1] سۈرە شۇرا 40-ئايەت
[2] سۈرە ئەنئام 115-ئايەت

بەندە بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەندىلىك ۋە پەرۋەردىگارلىق، ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتى بولغان جەننەتنى بېرىشتىن ئىبارەت بىر توختام بار. بەندە بۇ توختامدا ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىدە راستچىل بولغىنىدا، ئاندىن ئاللاھنىڭ ئادىللىقىنى كۆرەلەيدۇ.

## ئاللاھنىڭ ئادىللىقىنى چۈشىنىش، ئىلاھىي بىلدۈرۈش بىلەن بولىدۇ




بىز ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئاللاھنىڭ "العَدْلُ" «ئادىل» دېگەن سۈپىتىنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئاللاھنىڭ ئادىللىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن مەسىلىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىك سەۋەبىدىن بىزگە ناھەق كۆرۈنگەن بەزى ئىشلار، ئاللاھنىڭ ئۆزىلا بىلىدىغان ھېكمەتلىرى تۈپەيلى ئادىل ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ بەزىسىدىن قاقشىسا، بەزىسىدىن خۇشال بولىدۇ. لېكىن قايغۇرغان ئىشلىرىمىزنىڭ ئاخىرى خەيرلىك چىقىدىغان ۋە پەخىرلىنىپ كەتكەن ئىشلىرىمىزنىڭ ئاخىرى خەيرسىز چىقىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، ئاللاھنىڭ زېمىننى تەرتىپلەشتىكى ئادالىتى ۋە ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا قانداق پىلان بارلىقىنى بىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ بۈيۈك كائىناتتا، ھەربىر جانلىقتا ئۆزىگە خاس ھايات قانۇنىيىتى ۋە ياشاش ئۇسلۇبى بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com



ھېچقايسى بىرى ئاجىز بولغانلىقتىن ئۆلۈپ، يوقۇلۇپ كەتكەن ئەمەس ۋە كۈچلۈك بولغانلىقتىن ھايات قىلىپ، كۆپىيىپ كەتكەنمۇ ئەمەس. بۇنىڭ ئۆزى بىزگە ئاللاھنىڭ ئادىللىق سۈپىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزى ھەققىدە: ﴿وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا﴾[1] «پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ» دەپ خەۋەر بەرگەن. بىز ئاللاھ تائالانى چوقۇم مۇشۇ بويىچە تونۇشىمىز ۋە ئاللاھنىڭ ئادالىتىدىن ھېچ شۈبھە قىلماسلىقىمىز كېرەك. مەسىلەن: دۇنيادا ئاچارچىلىق، كەمبەغەللىك، ئۇرۇش ۋە كېسەللەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كېتىۋاتقان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم ھېكمەت بار. ئاللاھ ئۇ ھېكمەتنى بىزدىن يوشۇرۇپ قويغان بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا بىلىشىمىز قىيىن. لېكىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ مۇسىبەتلەرنىڭ خەيرلىكلىرى ئوتتۇرىغا چىققاندا ياكى ئاخىرەتتە مۇكاپاتىنى كۆرگەندە، ئاندىن بۇنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكمەتنى چۈشىنەلەيمىز.

## جەننەت مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ مۇتلەق مۇكاپاتى




ئاخىرەتتە ئىنسان ۋە جىنلار ئۈچۈنلا ھازىرلانغان، ئاسمان-زېمىننىڭ كەڭلىكىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ بولغان جەننەت بار. جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە قەلبلەرگە كېچىپ باقمىغان نېئمەتلەر

[1] سۈرە كەھف 49-ئايەت

بار. ئىنسان دۇنيادا زۇلۇم ۋە خاپىلىقلارغا ئۇچراش سەۋەبلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما جەننەتنى كۆرگەندە، دۇنيادا ئۇچرىغان خاپىلىقلارنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇ خاپىلىق، مۇشەققەت ۋە زۇلۇم دەپ بىلگەن ئىشلىرىنىڭ نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارغا سەۋر قىلىش ئارقىلىق دەرىجىسىنىڭ تېخىمۇ ئۈستۈن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ قالىدۇ.

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سىرىنى قىيامەت كۈنىگە كېچىكتۈرۈشىنىڭ سەۋەبىدۇر. بىز ئاخىرەتتە، تارتقان جاپا-مۇشەققەت ۋە مۇسىبەت-خاپىلىقلىرىمىزنىڭ مۇكاپاتلىرىنى ئالغان ۋاقتىمىزدا، ئاندىن دۇنيادا بولغان ئىشلارنىڭ ھېكمىتىنى، تارتقان مۇسىبەتلىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئادالىتىنى كۆرەلەيمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىنلەرنىڭ دائىملىق سۆيتى، ئالدىغا ھەرقانداق تۇسالغۇ ۋە مۇسىبەت كەلسە، مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾[1] «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!» ۋە «ھەر ئىشتا ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بار، ئاللاھ ئادىل، ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدۇ» دەپ، ئاللاھقا ئىشەنچ بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتىشتۇر.

### ئادىللىق باراۋەرلىكتىن ئىبارەت ئەمەس

بىزدە «ئادىللىق - باراۋەرلىكتىن ئىبارەت» دەيدىغان خاتا بىر چۈشەنچە بار. ئەر-ئايال، دادا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياكى باشقا ھەرقانداق بىر ساھەدە بولسۇن، «باراۋەر مۇئامىلە قىلىش،

[1] سۈرە يۇنۇس 10-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئـــادىللىق قىلغـــانلىق بولـــدۇ» دەپ چۈشـــۈنۈپلىنغان. ئەمەلىيەتـــتە باراۋەرلىك باشقا، ئادىللىق باشقا.

باراۋەرلــك - ھەرقانــداق شــارائىت ئاســتىدا، ئېھتىيــاجنى نەزەردىــن ســاقىت قىلىــپ تــۇرۇپ، تەڭ بېرىشــنى كۆرسەتســە، ئــادىللىق - ھەمــمە نەرسىگە ئۆزىگە لايىق شەكىلدە بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.




مەن بــرى باشــلانغۇچ مەكتەپــتە، يەنە بــرى ئــالىي مەكتەپــتە ئوقۇۋاتقان ئىككــى بالامغــا ئوخشــاش شــەكىلدە مېھرىبــانلىق كۆرســـتىمەن. ئەممــا بــۇ ئىككىســـگە «ئـــادىللىق بـــاراۋەرلىكتۇر» دېـــگەن چۈشـــەنچەمگە ئاساســـەن، خىراجەتنـــى ئوخشــاش بەرســەم، ئــادىللىق قىلغــان بولمــايمەن. بەلكــى چــوڭ ئوغلۇمغــا زۇلــۇم قىلــپ، كىچىكىــگە ئــارتۇق بېرىــۋەتكەن بــولىمەن. شــۇڭا ئــالىي مەكتەپــتە ئوقۇۋاتقىنىغا ئــۆزىگە لايىــق شــەكىلدە كــۆپرەك، باشــلانغۇچتا ئوقۇۋاتقىنىغا ئــازراق بېرىشــىم كېــرەك. دېــمەك، «ئــادىللىق» بــۇ ئىككىســگە ئوخشــاش بەرگىنىمــدە ئەمەس، بەلكــى ئۆزىگە لايىق شەكىلدە بەرگىنىمدە روياپقا چىقىدۇ.

### مۇتلەق ئادالەت ئاللاھقا خاس

مـــۇتلەق ئـــادالەت پەقەت ئاللاھقـــا خاســـتۇر. ئىنســـان پەقەت ئىمكـــانىيىتى يەتــكەن شـــەكىلدە ئـــادىللىق قىلالايـــدۇ. مەســـىلەن: مېنىــڭ ئىككــى بــالام بولســا، ئۇلارنىــڭ بىرىنىــڭ مىــجەزى ئوچــۇق، ماڭــا بەكــرەك




يېقىن، يەنە بىرى مەندىن سەل قېچىپ تۇرىدىغان بولسا، قەلبىم ماڭا يېقىنراق بالامغا بەكرەك مايىل بولۇشى مۇمكىن. قەلب ئىنسان ئۆزى باشقۇرىدىغان نەرسە بولمىغاچقا، بۇنىڭدا باراۋەر بولغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئامراق بالامغا كۆپرەك پۇل بېرىپ ياخشىراق مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، يەنە بىرىگە ئاز پۇل بېرىپ ئادەتتىكىچە مەكتەپتە ئوقۇتسام، ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىمەن.

بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، ئۇلارغا ۋاقىت ئاجرىتىش، خىراجەت قىلىش ۋە باشقا جەھەتتە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قەلبى بىرسىگە بەكرەك مايىل بولغان تەقدىردە، بۇ ئادالەتسىزلىك بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىنساننىڭ تاقىتىدىن سىرتقى ئىش. بۇ نۇقتا دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى ئاللاھ! بۇ ئۆزۈمنىڭ تاقىتىمدە بولغان دائىرىدىكى قىلغان تەقسىماتىم، تاقىتىمدىن سىرت ئىشلاردا مەندىن سورىمىسلا»[1] دەپ قىلغان دۇئاسىدا نامايەن بولغان.

ئادىللىقنىڭ چېكى ئىنسان قىلالايدىغان دائىرىدە بولىدۇ. ئەمما قەلب ئىنساننىڭ تاقىتىدىن سىرتقى ئىش بولغاچقا، ئىنسان ھەرقانچە قىلسىمۇ قەلبىنى ئۆزى باشقۇرالمايدۇ. شۇڭا ئىنساندىن تەلەپ قىلىنغان ئادىللىق، مۇئامىلىدە بولىدۇ.

[1] أبو داود والترمذي والنسائي عن عائشة أم المؤمنين

www.uyghurkitap.com



## ئادىللىق - ئاللاھ بىلەن ئىنساننىڭ ئارىسىدا بولىدۇ

ئىنسان ئۆز تاقىتىدىن سىرتقى ئىشلارغا ئەسلا تەكلىپ قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾[1] «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ» دېگەن.

گەپدان كەمسۆز بىلەن دەۋالىشىپ قالسا، ئۆزىنىڭ ناھەق بولسىمۇ، گەپدانلىقىدىن پايدىلىنىپ يۈتۈنلەي ھەقتەك كۆرۈنەلەيدۇ. كەمسۆز ئۆزىنىڭ ھەق بولسىمۇ، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە مەنىسى ئىنتايىن زىل بىر ھەدىس بار. بىر كۈنى ئىككى ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا دەۋالىشىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىيلەننىڭ دەۋاسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: «بىرىڭلار يەنە بىرىڭلاردىن گەپدان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ئەگەر مەن (گەپدانلىق قىلىپ ئۆزىنى ھەق كۆرسەتكەن) ھەرقانداق بىر كىشىگە، يەنە بىر بۇرادىرىنىڭ ھەققىنى (ناھەق) ھۆكۈم قىلىپ قويغان بولسام، بۇ بىر ئوتتىن ئىبارەت. ئۇ كىشى ئۇ ئوتنى ئالمىسۇن!»[2] دېگەن.




ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىۋاتقان كىشى رەسۇلۇللاھ بولغان تەقدىردىمۇ، ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە ئاللاھقا بولغان سەممىيەت مەخپىي ھالدا تۇرۇۋېرىدۇ. بىر كىشى گەپدانلىقى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ

---

[1] سۈرە بەقەرە 286-ئايەت
[2] متفق عليه عن أم سلمة

ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، مەسىلىنى باشقا شەكىلدە كۆرسەتسە ۋە ئۆلىمالار شۇ بويىچە ھۆكۈم چىقارسا، «بۇ ھۆكۈمنى ئۆلىمالار چىقاردىغۇ» دەپ خاتىرجەم بولماسلىق كېرەك.

نۇرغۇن كىشىلەر دەۋالىشىپ، سوتخانىغا ئوخشاش ئورگانلارنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ھۆكۈم، قائىدە بويىچە كۆرسىتىلگەن دەلىل-ئىسپاتقا قاراپ چىقىرىلىدۇ. لېكىن دەۋادا ناھەق ئورۇندا تۇرۇپ، قولىدىكى بىر قىسىم يالغان دەلىل-پاكىتلار بىلەن ئۆز پايدىسىغا ھۆكۈم چىقىرىۋېلىپ: «سوتتىن ھۆكۈم ئاشۇنداق چىقتى» دەپ، ئۆزىنى راھەت ھېس قىلىدىغان كىشىلەر بار. ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئۆزىنىڭ توغرا-خاتاسىنى ئۆزى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ.

ھەقىقىي ئادىللىق ئىنسان بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىدا بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇ نۇقتىدا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى ۋە سەممىيەتنى ئۆزىگە ئۆزگەرمەس پرىنسىپ قىلىشى، يالغان سۆز ياكى يالغان دەلىل-ئىسپاتنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنى ئىمان ۋە ۋىجدان تارازىسىدا دەڭسەپ بېقىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەنگە ئادالەت، سەممىيەت ۋە راستچىللىق ئاتا قىلسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىززەت

﴿وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ﴾[1] **«ئىززەت ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ».** ئىززەت - ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى مۇستەقىللىق ۋە غالىبلىق تۇيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىززەت مەلۇم سۈپەت بولۇپ، ئۇنى ئۆز تەبىئىتىگە ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن ئىشلىرىدا ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن ئادەم ئىززەتلىك بولىدۇ.




## ئىنسان قانداق قىلغاندا ئىززەتلىك بولالايدۇ؟

ئىنسان يۈگەنسىز قويۇۋېتىلسە، قارىغۇلارچە مېڭىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان پروگراممىسىنى لايىھەلەپ ھەرخىل تەبىئەتلىرىنى قويغان زات، ئۇنىڭغا بىر كۆرسەتمە (يەنى ئىشلىتىش قوللانمىسى) بەرگەن. ئۇ كۆرسەتمە بولسا، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ياشىشىمىز ئۈچۈن پىرىنسىپ شەكلىدە ئەۋەتكەن دىنىمىزدۇر.

ئەگەر ھاياتىمىزنى دىنىمىزغا ئۇيغۇنلاشتۇرساق، بىزدە مۇستەقىللىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، توغرا يولنى ئۆزىمىز تېپىپ

[1] سۈرە مۇنافىقۇن 8-ئايەت

ماڭالايمىز. چۈنكى دىنىمىزنى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاش ئارقىلىق نەدىن كەلگەنلىكىمىز، نەدە كېتىۋاتقانلىقىمىز ۋە كەلگۈسىدە بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان يەنە بىر دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى بىلىمىز. نەتىجىدە بىزدە قورقماسلىق ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. بۇلار ئىنساننىڭ ئىززەتلىك بولۇشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدۇر.

## ئىززەت ۋە خارلىق ئاللاھ تەرەپتىندۇر

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغىنىمىزدا، داۋاملىق "العَزِيْز" «غالىب» ۋە "الحَكِيْم" «ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى» دېگەن ئىككى سۈپەتنىڭ بىللە كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ «ئىززەت لازىم بولسا، ھېكمەتلىك بول!» دېگەن نۇقتىغا ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىش، ئىنساننىڭ ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالغان بىرىنچى قەدىمىدۇر.

ھېكمەت - ھەر قەدەمنى ئويلىشىپ، ئەڭ لايىق رەۋىشتە بېسىش، ھەر ئىشقا ئۆز ھەققىنى بېرىش، ئاتا-ئانا، ئايال-بالا، دوست-يارەن ۋە قولۇم-قوشنىلارغا ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ئىنسانغا ئاللاھ تەرىپىدىن ھېكمەت بېرىلگەن بولسا، بۇ ھېكمەت ئىززەتنى ئېلىپ كېلىدۇ.




ئاللاھ تائالا ئىززەت ھەققىدە: ﴿تُؤْتِي الْمُلْكَ مَن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تَشَاءُ وَتَنزِعُ الْمُلْكَ مِمَّن تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَاءُ﴾[1] «خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن» دەپ، ئاندىن: ﴿بِيَدِكَ الْخَيْرُ﴾[2] «ھەممە ياخشىلىق(نىڭ خەزىنىسى ياлغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر» دېگەن.

ئايەتتە دەسلەپتە «پادىشاھلىق ۋە ئىگىدارچىلىقنى بېرىسەن» دەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن: «ئېلىۋالىسەن» دېيىلگەن ۋە يەنە «ئەزىز قىلىسەن» دەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن: «خار قىلىسەن» دېيىلگەن. بىزنىڭچە بولغاندا، ئاللاھنىڭ بىزلەرنى مال-مۈلۈك ۋە ھوقۇققا ئىگە قىلىشى ياخشىلىق، ئېلىۋېلىشى يامانلىق. ئەزىز قىلغىنى ياخشىلىق، خار قىلغىنى يامانلىق. ئەمما ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى: «ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدە» دېگەن بۆلەكتىن، «ئاللاھنىڭ بەرگىنىمۇ، ئېلىۋالغىنىمۇ، ئەزىز قىلغىنىمۇ ۋە خار قىلغىنىمۇ ياخشىلىق» دېگەن ئۇقۇم چىقىدۇ.

ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگىنى ۋە بىزدىن ئالغىنى، ئەزىز قىلىشى ۋە خار قىلىشى، ئەتە تېخىمۇ كاتتىسىنى بېرىش ۋە ئەزىز قىلىش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى مەسىلە كەڭرى نەزەر-دائىرە ۋە مەسىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىش مەسىلىسى بولۇپ، ئىنسان مەسىلىلەرنى دانالىق ۋە ھېكمەت كۆزى بىلەن




[1] سۈرە ئال ئىمران 26-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ئال ئىمران 26-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

كۆزتەلىگىنىدە، ئاندىن ئىززەتنى تاپىدۇ.

## مۇئمىن، قېرىنداشلىرىغا ئىززەت دائىرىسى ئىچىدە مۇئامىلە قىلىدۇ

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى: ﴿أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾[1] «مۇئمىنلەرگە خار (كۆيۈمچان)، كاپىرلارغا شەپقەتسىز» دەپ سۈپەتلىگەن. بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە بۇنىڭ ئەكسىچە، مۇئمىن-مۇسۇلمان، يۇۋاش-يۇمشاق ئادەملەرگە يوغانچىلىق قىلىدىغان، ئەمما ھوقۇق ۋە ئىقتىساد ئىگىسى بولغان دىنسىز-پاسىقلارنى كۆرسە، خۇشامەت قىلىدىغان، ئاللاھ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ ئالدىدا شىر كەبى، ئەمما سىرتتا مۈشۈك بولۇپ كېتىدىغان ئىنسانلار بار. بۇ ئىشلار ئىززەتنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقانلار، بىر يۇرت ۋە ئوخشاش مۇھىتتا ياشايدىغانلاردا ئوخشاش ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ. ئەمما




ئەڭ كۆپ ئالاھىدىلىك ۋە ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە كىشىلەر، يەنىلا بىر ئىدىيەدىكى كىشىلەردۇر. مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئىدىيەدىكى كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلاردا ئىنتايىن كۆپ ئورتاقلىق بولىدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، سۆيگۈ-نەپرىتى

---

[1] سۈرە مائىدە 54-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە قاراش-چۈشەنچىلىرى بىر-بىرىگە ئىنتايىن ئوخشايدۇ. شۇڭا مۇئمىنلەر بىر-بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ.

بۇ نۇقتىدىن، ئەگەر مۇئمىن ھەقىقىي مۇئمىن، چۈشەنچىسى ھەقىقىي توغرا چۈشەنچە بولسا، قېرىنداشلىرىنىڭ ئىززىتىنى قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر» دېگەن. ئايەتتە نېمە ئۈچۈن «بىر ئانىدىن تۇغۇلغانلار قېرىنداش بولىدۇ» دېيىلمەي، «مۇئمىنلەر قېرىنداشتۇر» دېيىلىدۇ؟

ئوخشىمىغان ئىككى ئىدىيە-پىكىرگە ئىگە بىر تۇغقانلارنىڭ ئورتاقلىقى مەلۇم دەرىجىلەردىلا بولىدۇ. ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ بىرى مەشرىقتە، يەنە بىرى مەغرىبتە ياشىسىمۇ، ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتتە «مۇئمىنلەر قېرىنداشتۇر» دەپ ئېلان قىلىنغان. بۇ قېرىنداشلىقنىڭ نەتىجىسىدە، مۇئمىن مۇئمىنگە تەكەببۇرلۇق قىلماستىن، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، قېرىنداشلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ.


ئورتاقلىقى كۆپ ئىككى كىشى ئارىسىدا دوستلۇق شەكىللىنىدۇ

## باشقىلارنىڭ قولىغا كۆز تىكمەسلىك، ئىززەتنىڭ ئىپادىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئمىننىڭ شەرىپى، كېچىدىكى قىيامىدا. ئىززىتى، باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە كۆز

تىكمەسلىكىدە»[1] دېگەن ھەدىسىدە، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە كۆز-قىرىنى سالماسلىقنىڭ «ئىززەت» ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھتىن: «سەن بۇ قەدەر ئىززەتلىك ماقامغا قانداق ئېرىشتىڭ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ زات: «كىشىلەر بىلىمىمگە ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مال-دۇنياسىغا كۆز-قىرىمنى سالمىغانلىقىم سەۋەبلىك ئېرىشتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۈگۈنكى رېئاللىقىمىز دەل بۇنىڭ ئەكسى بويىچە داۋام قىلماقتا. يەنى، ئاۋام-خەلق ئالىملارنىڭ ئىلمىدىن ئۆزلىرىنى بىھاجەت ساناۋاتىدۇ. ئالىم-ئۆلىما ۋە زىيالىيلار بولسا، ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ مال-مۈلكىگە كۆز تاشلاپ، ئۇلارنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئەھۋال ئېغىرلاۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئىززەتنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەچكە، نەتىجىدە ئىززەتكە ئېرىشىشكە تېگىشلىك كىشىلەر ئىززىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ.

كىم باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە كۆز تاشلايدىكەن، ئىززىتى شۇ ھامان يوقىلىدۇ. ھەتتا «قاچانكى بىر ئادەمنىڭ مال-مۈلكىنى كۆزلەپ، قېشىدا ئولتۇرىدىكەنسەن، دىنىڭنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى قولدىن كېتىدۇ» دەيدىغان گەپمۇ بار.




**ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى ياخشىلاش ئىززەتنى ئېلىپ كېلىدۇ**

---

[1] الطبراني عن سهل بن سعد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇئمىنگە ھەقىقىي ئىززەت بېغىشلايدىغىنى، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىدۇر. مۇئمىن قاچانكى ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ، ئاللاھ بىلەن مۇستەھكەم ئالاقە ئورناتسا ۋە ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىبادەت قىلىپ، ئاللاھ كۆرسەتكەن بويىچە مېڭىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ھېچكىمنىڭ ئالدىدا خار بولمايدۇ. شۇندىلا ئاللاھنىڭ "العزِيز" «ئىززەت» سۈپىتىدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممەيلەنگە ئىززەت ماقامىغا يېتىدىغان پۇرسەتلەرنى بەرسۇن! ھەممەيلەننى ئەزىز قىلسۇن!



www.uyghurkitap.com

# ئىپپەت

نەجاشى رەسۇلۇللاھ ھەققىدە سورىغان ۋاقىتتا، جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز جاھالەتتە قالغان كىشىلەر ئىدۇق، بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتۇق، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنى يەيتتۇق، يامان ئىشلارنى قىلاتتۇق، تۇغقانلار ۋە قېرىنداشلار ئارا مۇناسىۋەتنى ئۈزەتتۇق، قولۇم-قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتمەيتتۇق، ئارىمىزدىكى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتى. بىز مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا، ئاللاھ تائالا بىزگە شۇنداق بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتىكى، بىز ئۇنىڭ نەسەبىنى ئوبدان بىلىمىز، راستچىل، ئامانەتدار ۋە ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز»[1] دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇ زاتنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئىسلامنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە بايان قىلغان.




## ئىپپەت چۈشەنچىسى

ئىپپەت - ئىنساننىڭ ھەۋەس ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئۆز يولىغا ئىشلىتىشىدۇر. بەزى كىشىلەر «ئىسلام مۇسۇلمانلارنى ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇش ئارقىلىق، ئىنتىلىش ۋە ئېھتىياجلىرىدىن مەھرۇم قويغان» دەپ خاتا

[1] رواه إمام أحمد عن أم سلمة

چۈشــىنىۋالىدۇ. ئــاللاھ تائــالا ئىنســاندا مــال-مۈلــۈك، ئايــاللار، نــام-شــۆھرەت ۋە ئابرۇيغــا ئېرىشــىش قاتــارلىق نۇرغــۇن ھەۋەســلەرنى ياراتقــان. ئــاللاھ تائالانىــڭ ئىنســاندا بــۇ خىــل ھەۋەس ۋە قىزىقىشــلارنى يارىتىشــى، ئىنســاننىڭ بــۇ ئــارقىلىق يۈكسىلىشــى ئۈچۈنــدۇر. ئەممــا بــۇ ھەۋەســلەر قــوش بىســلىق بولــۇپ، تــوغرا يۆلىنىشــكە بۇرالغانــدا ئىنســاننى يۈكسەلدۈرســە، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەندە ھاڭغا تارتىدۇ.

ئىســلام تەلىمــاتى، ھەۋەســلەرنى ئەڭ تــوغرا يولغــا يېــتەكلەش ئــارقىلىق، ئىنســاننى يۈكســەلدۈرۈش ۋە ھەۋەس-قىزىقىشــلارنى تــوغرا شــەكىلدە ئىشــلىتىش ئۈچــۈن، ئىپپەتنــى ئىســلامنىڭ گــۈزەل ئەخلاقــى ســۈپىتىدە بېــزىگە ســۇنغان. چــۈنكى ئىنســاندا مــال-مۈلــۈككە قارىتــا قــىزىقىش بولمىســا، دۇنيانىــڭ ئىقتىســادىي ئەســلا تەرەققىــي


ئىنسان ئىپپەت ئارقىلىق ھاۋايى-ھەۋىسىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ

قىلمــايتتى. ئايالالرغــا قارىتــا قــىزىقىش بولمىســا، نەســىل قالدۇرۇشــتىن ئىبــارەت بۈيــۈك ۋەزىــپە ئورۇنــدالمايتتى. نــام-ئابرۇيغــا بولغــان قىزىقىشــى بولمىســا، يۈكســەك ئەخــلاق ۋە غــۇرۇر ئوتتۇرىغــا چىقمــاي، ھەمــمە ئــادەم پەسكەشلىشىپ كەتكەن بولاتتى.

ئىنســان ۋۇجۇدىــدىكى پۈتــۈن ھەۋەس، قــىزىقىش ۋە ئىنتىلىشــلارنىڭ ئــاللاھ كۆرســەتكەن تــوغرا يــولى ۋە يۈگەنســىز قويۇۋېتىلگەنــدە كىرىــپ قالىــدىغان تۇيــۇق يــولى بــار. ئىسلام بىزنــى ئــاللاھ كۆرســەتكەن يولغــا سېلىش ئارقىلىق، بىزنى يۈكسەلدۈرۈشنى خالايدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئىنسان مال-مۈلۈككە ۋە ئاياللارغا بولغان قىزىقىش يۈزىسىدىن، باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىشى ۋە ھەۋىسىنىڭ غالىب كېلىشى تۈرتكىسىدە، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان ئاياللار بىلەن ئالاقە باغلىشى مۇمكىن. بۇ ئاللاھ تائالا ئىنساندا ياراتقان تەبىئىي خاراكتېر بولغاچقا، ئىنساننى ئۇ قىزىقىشلىرىدىن پۈتۈنلەي توسۇپ قالغىلى ياكى مەھرۇم قالدۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئىنتىلىش، ھېرىس ۋە قاندۇرمىسا بولمايدىغان ئېھتىياجلارغا، ئىسلام ئىپپەتلىك ۋە بەختەر يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن.




## يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ياشلارنىڭ ئۈلگىسى

قۇرئان كەرىمدىكى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ، شەخسىيىتى بايان قىلىنغان «يۈسۈف» سۈرىسى، بىزگە «ئىپپەت» تېمىسىدا ياخشى نەمۇنە بولالايدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكىنى ئوقۇش ۋە بىلىش ئارقىلىق، «كۈنىمىزدىكى ياشلار، ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق مەزگىلىدە نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مىسىرغا قۇل قىلىنىپ ئاپىرىلىدى ۋە مىسىر ئەزىزىنىڭ قەسرىگە سېتىلدى. ئۇ يەردىكى مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالى، خالىسا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئىشلىتەتتى، خالىسا زىندانغا

تاشلىيالايتتى ۋە خالىسا نۇرغۇنلىغان دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلالايتتى. مۇشۇنداق بىر ھالەتتە، ئۇ ئايال يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئىنتايىن گۈزەل شەكىلدە: ﴿إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ رَبَّ الْعَالَمِينَ﴾[1] «مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.




مىسىرغا قۇل سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنگەن بىر ياش، ئىپپەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن دەرىجىسى يۈكسىلىپ، مىسىردا ھۆكۈمدار بولدى. قارشىسىدىكى ئايال، گۇناھى تۆپەيلىدىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشتى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زور بىر كارۋاندا كېتىۋاتقىنىدا، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى: «بىر قۇلنى ئاللاھتىن ھەقىقىي قورققانلىقى تۆپەيلىدىن ھۆكۈمدار قىلغان ۋە گۇناھى سەۋەبلىك ھۆكۈمدارنى قۇل قىلغان زات ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر» دېگەن. بۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىپپەتلىك بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

يىگىتلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئوتتەك قىزغىن ھېسسىياتى ۋە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياشلىق باھارىنىڭ ۋەسۋەسىسى كەينىگە كىرمەي، ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتسا، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. ئۇنداقتا يىگىتلەرگە نىسبەتەن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل مۇكاپات نېمە؟ يىگىتلەر ئاللاھنىڭ ھارام قىلغان چېگرالىرىدىن ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يىراق

[1] سۈرە ھەشر 16-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تـوُروُپ ئىپپەتلىـك بولسـا، «ھەرقانـداق مۇكاپـات قىلغـان ئىشـنىڭ ئـۆز تۈرىـدىن بولىـدۇ» دېـگەن قائىـدىگە ئاساسـەن مۇكاپـات بېرىلىـدۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام: «دۇنيانىـڭ ھەممىسـى ئىنسـانغا بېـرىلگەن نېئمەت، بـۇ نېئمەتلەرنىـڭ ئەڭ ياخشىسـى سـالىھ ئايـال»[1] دېـگەن. دېـمەك، يىگىـتلەر ئـۆزىنى ئىپپەتلىـك تۇتقـانلىقى سـەۋەبىدىن ئېرىشـىدىغان ئەڭ چـوڭ مۇكاپـات، قارىسـا ھـۇزۇر بېرىـدىغان، قېشـىدا يـوق بولغىنىـدا ئامـانەتلىرىنى جايىـدا سـاقلايدىغان ۋە بۇيرىسـا ئىتـائەت قىلىـدىغان سـالىھ ئايالغا ئېرىشىشتۇر.

## ئاللاھنىڭ ھارام قىلغانلىرىدىن كۆزىنى يۇمۇش

قۇرئـان كەرىمـدە ئىپپەتنـى سـاقلاش ھەققـدە: ﴿وَلْيَسْتَعْفِفِ الَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا﴾[2] «ئۆيلىنەلمەيـدىغانلار ئـۆزلىرىنى ئىپپەتلىـك تۇتسـۇن» دېيىلگەن. ئەمەلـي شـارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشـى تۈپەيلىـدىن، زامـانىمىزدىكى ياشـلارنىڭ تـوي قىلىشـى كېچىكىۋاتىـدۇ. بۇنىڭغـا نىسـبەتەن ئوغـۇل-قىزلىرىمىـز "وَلْيَسْتَعْفِفِ" «ئـۆزلىرىنى ئىپپەتلىـك تۇتسـۇن» دېـگەن بـۇيرۇقنى ئىجـرا قىلىـش ئۈچـۈن، تىرىشـچانلىق كۆرسىتىشـكە تـوغرا كېلىـدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ جىھادنىڭ بىر تۈرىدۇر.

قۇرئـان كەرىـم «ئىپپەتلىـك بولۇش»نىـڭ ئەمەلـي رويابقـا چىقىشـى ئۈچـۈن: ﴿قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَزْكَىٰ لَهُمْ﴾[3] «مـۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكـى، (نـا مەھـرەملەرگە) تىكىلىـپ قارىمىسـۇن، ئەۋرەتلىرىنـى (زىنـادىن) ساقلىسـۇن، مۇنـداق قىلىـش ئـۇلار ئۈچـۈن ئەڭ ياخشـىدۇر» دېـگەن بـۇيرۇقنى ئوتتۇرىغـا قويغـان.

---

[1] رواه النسائي عن عمرو بن العاص

[2] سۈرە نۇر 33-ئايەت

[3] سۈرە نۇر 30-ئايەت

نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق، ئىپپەتلىك بولۇشنىڭ ئالدىنقى قەدىمىدۇر.




ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچى ياشلار بىلەن پەخىرلىنىپ: «ئەي مالائىكىلىرىم، بۇ بەندەمگە قاراڭلار! ئۇ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياشلىق باھارىدا، قېنى قىززىق ۋاقىتلىرىدا مېنى دەپ كۆزىنى يۇمۇۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلارنى ھازىرلايمەن» دەيدۇ. ياش يىگىتلەرنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق دەرىجە بولماس!؟

## مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇرمۇش ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى




ئايالىنىڭ سالىھ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىللىق بولماسلىقى، ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەتتۇر. ئۇتۇقلۇق ھالدا ئىللىق بىر ئائىلە قۇرۇش، ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ زور بەخت ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتۇپ، نامەھرەملەرگە قارىمىغان

www.uyghurkitap.com



ياش يىگىتلىرىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە تولغان ئىللىق بىر ئائىلە چوقۇم ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە ئۇلار چوقۇم شۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.

### قىزلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىبادىتى ئوغۇللارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىغا ياردەمدە بولۇش

ياش يىگىت-قىزلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن بىر-بىرىنىڭ ۋە ئەتراپتىكىلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مەسئۇلىيىتى بار. قىزلارغا نىسبەتەن ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىبادەت، يىگىتلەرنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىغا بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشتۇر. بۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئورۇنلىرىنى يۆگەپ ھىجابلىنىش ئارقىلىق، يىگىتلەرنىڭ ئىپپەت يولىدىن چىقماسلىقىغا ياردەمدە بولۇش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى ئايال كىشى ھەممە ئادەم كۆرسە بولىۋېرىدىغان ئەرزان باھالىق مال ئەمەس. قىز-ئاياللار پەقەت ئەرلىرى ۋە مەھرەملىرى ئالدىدا ئېچىلسا بولىدۇ.


قىزلارنىڭ ھىجابلىنىشى، يىگىتلەرنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن قوشىدىغان ئەڭ چوڭ تۆھپىسىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى خالاپ، شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشسا، ئاللاھ ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ»[1] دېگەن. ئىنسان دۇنيادا تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ھەۋەس ۋە ئىنتىلىشلارغىمۇ ئىگە. تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن ئىنسان، مۇشۇ

[1] متفق عليه عن أبي سعيد الخدري




ئىنتىلىشلار بىلەن تۇرۇپ ئىپپەتنى تاللىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئىپپەتلىك قىلىدۇ. ئىپپەتلىك قىلىش، قانداقتۇر ئىنساننىڭ ھېسسىياتىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھەرخىل ناشايان خىياللارنى قىلىشتىن ساقلايدىغان گۈزەل نىيەت «ئىللىق ئائىلە» ئاتا قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بۇ ياش، «ئائىلە نېمىتى» ئارقىلىق ئىپپەتلىك بولۇپ، گۇناھتىن ساقلىنىدۇ.

## ياشلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىدىكى ئاتا-ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئاتا-ئانىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ياشلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىغا ناھايىتى چوڭ ياردەمدە بولىدۇ. ئاتا-ئانا بۇ نۇقتىدا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇشى كېرەك.

بىر بۆلۈك ئاتا-ئانىلار «قىزىمىزنىڭ ئىززىتىنى قىلىمىز» ياكى «تويلۇقنى كۆپ ئالمىساق، ئائىلە داۋاملاشماي ئاجرىشىپ كېتىش ئېھتىمالى يۇقىرى» دېگەن سەپسەتە بىلەن، يۇقىرى باھادا تويلۇق تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، قىزلارنىڭ باھاسىنى مال-مۈلۈك ئورنىدا بەلگىلەپ قويغانلىق بولىدۇ. بۇ سەۋەبلىك توي ئىشلىرى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، ئوغۇل-قىزلار مەلۇم ياشقا يەتكۈچە توي قىلالمايدىغان ھالەت كېلىپ چىقىپ، ياشلىرىمىزدا ئىپپەت كىرزىسى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توي قىلىش ۋە ئۇنى

uyghurkitap.com



قولايلاشتۇرۇش، ئىمان ۋە ئەخلاقى ياخشى بولغان يىگىت سوراپ كەلسە، قىزنى بېرىش ھەققىدىكى سۆزىدىن كېيىن، ئەگەر تويى قىيىنلاشتۇرۇلسا، كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتتىن ئەسكەرتىپ: «ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار (تويى ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرمىساڭلار)، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغىنى بۈيۈك بىر پاساتچىلىقتۇر»[1] دېگەن. بەزى ئەسەرلەردە كېلىشىچە، ھەتتا بۇ ھەقتە دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنغان قىز: «مەندىن ئىلگىرى دادام كىرسۇن، چۈنكى دادام ماڭا سەل قاراپ، يولدىن چىقىشىمغا پەرۋا قىلمىدى» دەيدىكەن. دادا قىزىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇنى دوزاختىن قوغداشتا ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشى كېرەك.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۇنىڭ دىنى ۋە ئەخلاقىغا رازى بولىدىغان بىر كىشى (قىزىڭلارنى سوراپ) كەلسە، ئۇنىڭغا بېرىڭلار»[2] دېگەن. يۇقىرىدىكى ھەدىسنى بۇ ھەدىس بىلەن بىرلەشتۈرسەك، «ئەگەر تويى قىلىش يوللىرى قىيىنلاشتۇرۇلسا، جەمئىيەتتە چوڭ پاساتچىلىق ۋە ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ» دېگەن مەزمۇننى ئالالايمىز.

ئاياللارنىڭ ئەڭ بەرىكەتلىك بولغىنى، تويلۇقى ئاز بولغان ئايالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلارنىڭ زېھنىدىكى «يۇقىرى تويلۇق

---

[1] رواه الترمذي عن أبي هريرة

[2] الترمذي عَنْ أَبِي حَاتِمٍ الْمُزَنِيِّ




ئېلىش پايدىلىق» دېگەن خاتا ئۇقۇم چوڭ تاشلىنىشى كېرەك. چۈنكى «مېنىڭ قىزىم ئەرزان تويلۇققا بېرىلسە بولمايدۇ» دېگىنى، «مەن قويغان باھا قىزىمنىڭ باھاسى شۇ» دېگىنى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە قىزلىرىمىز بىباھادۇر. ئاتا-ئانا ئۆزى توي قىلغان ئەينى ۋاقىتنى ئەسلىسە، بولغۇسى كۈيئوغلىغا قويغان «ئۆيى، ماشىنىسى، مۇقىم خىزمىتى ياكى مۇقىم كىرىمى بولسۇن» دېگەندەك تەلەپلەرنىڭ، ئۆزلىرىمۇ ھازىرلىمىغان شەرتلەر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ قانداقسىگە بۇ ئېغىر تەلەپلەرنى قويۇپ، بۈگۈنكى كۈندە تويلارنى قىيىنلاشتۇرىدۇ؟!

﴿وَلَا تُكْرِهُوا فَتَيَاتِكُمْ عَلَى الْبِغَاءِ إِنْ أَرَدْنَ تَحَصُّنًا﴾[1] «ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنە مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار» دېگەن ئايەت، قول-دېدەكلەر ھەققىدە چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئايەتنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسى تېمىمىزغا ماس كېلىدۇ. بۇ ئايەتتىن: «ئەگەر قىزلىرىڭلار ئۆزىنى پاك تۇتماقچى بولسا، ئۇلارنى يامان ئىشلارغا مەجبۇرىي ئاپىرىپ قويماڭلار» دېگەن مەزمۇن چىقىدۇ. شۇڭا ئەلچى كېلىپ قىزىڭلارنى سورىسا، قىزىڭلارنىڭمۇ توي قىلىشقا رازىلىقى بولسا، زىيادە شەرتلەر بىلەن توي قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇلارنى يولدىن چىقىشقا مەجبۇرلىماسلىقىڭلار كېرەك.

[1] سۈرە نۇر 33-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىغا ئەلچى بولدى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قىزىنى بېرىشكە ماقۇل بولغان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: ﴿وَمَا أُرِيدُ أَنْ أَشُقَّ عَلَيْكَ﴾[1] «سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن» دېگەن. بىز «قۇرئان كەرىم بۇ سۆزنى نېمىشقا ھېكايە قىلىدۇ؟ بۇ گەپلەرنى دېيىشتىكى مەقسەت نېمە؟» دېگەنلەرنى ياخشى ئويلىنىپ باقايلى!

تويلۇقنى كۆپ تەلەپ قىلىپ، توي ئىشلىرىنى قىيىنلاشتۇرۇش، زېمىنىدىكى پاساتچىلىقنىڭ يولىنى ئاچىدۇ. شۇڭا پاساتچىلىقنى ئازايتىش ۋە ياش يىگىت-قىزلىرىمىزنىڭ ئىپپىتىنى ساقلىشى ئۈچۈن، ھەربىر ئائىلە ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ۋە بالىلىرىمىزنى پىتنىلەردىن ساقلىسۇن! ھەممەيلەنگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن!

---

[1] سۈرە قەسەس 27-ئايەتنىڭ بىر قىسمى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەپۇ قىلىش

**﴿وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا﴾[1] «ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسۇن ۋە كەچۈرسۇن» ۋە ﴿فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ﴾[2] «كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ».**

## ئەپۇ قىلىش ۋە كەچۈرۈۋېتىش

ئىنسانىنىڭ ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇشى ۋە ھاياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى ئۈچۈن، ئىنسان ۋۇجۇدىدا بىر بۆلۈك ئىنتىلگۈچى ئامىللار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىنسان بۇ ئامىللار تۈرتكىسىدە ھەرىكەتلەنگىنىدە، (ئىنسان بولغانلىق سەۋەبىدىن) گەپ-سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەتتە خاتالىشىپ، باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا زىيان سېلىپ قويىدىغان ياكى كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر مۇئمىنلەر ئىسلامنىڭ «ئەپۇ قىلىش» ئەخلاقى بىلەن زىننەتلەنمىگىنىدە، كۆڭۈل ئاغرىقى كېلىپ چىقىدۇ.



ئەپۇ قىلىش سالىھلارنىڭ بەلگىسى

[1] سۈرە نۇر 22-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە شۇرا 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

مۇئمىن قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنتَصِرُونَ﴾[1] «مۇئمىنلەر، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغان كىشىلەردۇر» دەپ سۈپەتلەنگەن. قارشى تۇرۇش، ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئاشۇرۇپ ئىنتىقام ئېلىش شەكلىدە بولماستىن، بەلكى قىلىنغان زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزنىڭ ھەجمى بىلەن ئوخشاش شەكلىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَجَزَاءُ سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِّثْلُهَا﴾[2] «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىق بىلەن بولىدۇ» دەپ بولغاندىن كېيىن: ﴿فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ﴾ «كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ» دېگەن. قىساس ئېلىشتا مۇئمىنگە رۇخسەت قىلىنغان ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم، ئاشۇرۇۋەتمەستىن پەقەت ئوخشىشى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتۇر. ئەگەر ئىسلاھ بولۇش ئۈمىدى بايقالسا، مۇئمىننىڭ ئەپۇ قىلىۋېتىش يولىنى تۇتۇشى ئەۋزەلدۇر.




ئەرەبچىدە «ئەپۇ قىلىش»نى ئىپادىلەيدىغان "غَفَرَ"، "عَفَا" ۋە "صَفَحَ" دېگەن پېئىللار بار.

غَفَرَ: بىر ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسا، شۇ گۇناھى ئىسپاتلىنىپ بولغاندىن كېيىن كەچۈرۈۋېتىش.

---

[1] سۈرە شۇرا 39-ئايەت

[2] سۈرە شۇرا 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



عَفَا: قىلغان گۇناھنى قىلمىغان قاتاردا ساناپ، پۈتۈنلەي ئەپۇ قىلىۋېتىش.

صَفَحَ: خۇددى كىتابنىڭ بېتىنى ئۆرۈۋەتكەندەك، مەسىلىنى ئۆتكۈزىۋېتىش ئارقىلىق كەچۈرۈۋېتىش.

﴿فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ﴾ دە، "عَفَا" ۋە "أَصْلَحَ" دېگەن ئىككى پېئىل بىللە كەلگەن. "أَصْلَحَ"نىڭ مەنىسى، «ئىشلارنى ئوڭشاش ۋە ئىسلاھ قىلىش» بولۇپ، ئەگەر زۇلۇم قىلىپ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالغان ياكى باشقا ھەق-ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلغان ئادەم كەچۈرۈلسە، ئوڭشىلىدىغان ياكى ياخشىلىنىدىغان ئېھتىماللىق بولسا، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىپ ئەجرىنى ئاللاھتىن تىلەش لازىم. ئەگەر ئەپۇ قىلىنسا، «بۇ بوزەك قىلىپ ھەققىنى يەپ، ئىززەت-ئابرۇيىغا چېقىلساقمۇ گەپ قىلالمايدىغان يۇۋاشكەن» دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدىغان ئەھۋال بولۇپ قالسا، ئەپۇ قىلماستىن شەرىئەتنىڭ جازالىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. مەسىلەن: ماشىنىنى سۈرئەتتىن ئاشۇرۇپ ھەيدەپ، ئۆزى ۋە ئەتراپتىكىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەتئىي كاللىسىغا كەلتۈرۈپ قويمايدىغان بىر بۆلۈك ياشلار بار. ئۇلار قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا ماشىنىنى تېز سۈرئەتتە ھەيدەپ، بىر كىشىنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئەھۋالدا، ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ۋەلىسى ئىسلامنىڭ ئەپۇ قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقىنى تۇتۇپ ئەپۇ قىلىۋەتسە، شوپۇر ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا پۇشايمان قىلماستىن، يەنىلا



قىلغۇلۇقنى قىلىۋېرىش پوزىتسىيەسىدە بولسا، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش مەقستى روياپقا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەپۇ قىلىشقا بولمايدۇ.




ھەق-ھوقۇقى باشقىلار تەرىپىدىن تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان ياكى مەلۇم مۇسىبەتلەر تۈپەيلى قەلبى ئاچچىق دەرتكە تولۇپ، قىساس ئېلىشقا تەرەددۇت قىلغان كىشىلەر: «كەچۈرسەم ئەھۋال ياخشىلىنىدىغان ياكى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلار چىن كۆڭلىدىن تەۋبە قىلىپ، ياخشى ئادەمگە ئايلىنىدىغان ئىش بولسا، كەچۈرەي! لېكىن مېنىڭ روھىي ۋە ماددىي جەھەتتىن تارتقان زىيانلىرىمچۇ؟» دېيىشى مۇمكىن.

بۇ كىشىلەرگە ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ﴾ «ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئەگەر سىلەر باشقىلارنىڭ ئىسلاھ بولۇشىنى ئويلاپ ئەپۇ قىلساڭلار، تارتقان پۈتۈن زىيىنىڭلار، ئاللاھ تەرىپىدىن تولۇقلاپ بېرىلىدۇ. ھەق-دەۋا مەسىلىسىدە، ئىشەنچلىك ئادەمدىن بىرى: «بۇ مەسىلىنى مەن ئۈستۈمگە ئالدىم، سىلى بىلەن ئۆزۈم دېيىشىۋالاي» دېسە، بىز دەرھاللا قارشى تەرەپنى قويۇۋېتىپ، ئۆزىمىزگە ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىشىنىپ مەسىلىنى تۈگىتىمىز. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلىشنىڭ ئەجرىنى ئۆزى بېرىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ. شۇڭا ئەپۇ قىلغۇچى بۇ نۇقتىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەستەنلىك بولمىغىنىدا ياكى ئەپۇ قىلساق ئۆگىشىلىش ئېھتىمالى كۆرۈلگەندە، ئەپۇ قىلىش ياخشى نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بىر شوپۇر قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ھالەتتە ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىدا، يولنىڭ بىر تەرىپىدىن بىر بالا تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ چىقىپ ماشىنىغا سوقۇلۇپ ئۆلۈپ كەتسە، قانۇن يەنىلا ئاساسلىق گۇناھنى ماشىنىنىڭ شوپۇرىغا قويۇپ، زور سوممىدىكى جەرىمانىنى زىممىسىگە ئارتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ دادىسى، خاتالىقنىڭ بالىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ: «بالام ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن شوپۇرنى كەچۈرۈۋېتەي» دېسە، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەرتىۋىسى ھەسسىلەپ يۇكسىلىدۇ. چۈنكى «ئاللاھ مېنىڭ رەببىم، مەن ئۇنىڭ بەندىسى» دەۋاتقان بىر ئىنسان، بەندىلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىش ئارقىلىق كەڭچىلىك قىلىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنى، تاقىتى يېتىشىچە ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئاللاھنىڭ كامالىتى «ئەپۇ قىلىش» بىلەن بولغان ئىكەن، تەبىئىيكى مۆئمىننىڭ كامالىتىمۇ «ئەپۇسىز» مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى مۆئمىننىڭ ئەپۇ قىلماسلىقى، ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلغۇچى سۈپىتى بىلەن زىت كېلىدۇ. ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئەپۇچان ئاللاھنى «مېنىڭ رەببىم» دەپ تونۇغان بەندىنىڭ ئەپۇ قىلماسلىقى، ئۇنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەپۇچانلىقى

قۇرەيش رەسۇلۇللاھقا 20 يىل دۈشمەنلىك قىلىپ، ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇل-چارىلەرنى قوللاندى ۋە چوڭ-كىچىك نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلدى. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نۇسرەت بېرىپ مەككە فەتھە قىلىنغاندا، ئۇن مىڭلارچە قىلىچ يالىڭاچلىنىپ، پەقەت بىر

ئىغىز بۇيرۇق بىلەنلا رەسۇلۇللاھقا قارشى چىققان پۈتۈن دۈشمەنلەرنى جازاغا تارتىش تامامەن مۇمكىن بولغان بىر ھالەت شەكىللەندى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن: «سىلەر ئەمدى مېنى نېمە قىلىدۇ، دەپ ئويلاۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار جاۋابەن: «ئۆزلىرى ئېسىل كىشى، ئېسىل كىشىلەرنىڭ نەسلىدىن» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «كېتىڭلار! ھەممىڭلار ئەركىن» دېدى ۋە ئەپۇ قىلىۋەتتى.

ئەپۇ قىلىش - رەسۇلۇللاھ دۈشمەنلىرىنى نېمە قىلسا قىلالايدىغان بىر ھالەتتە مەيدانغا چىقتى. شۇڭا «ئەپۇ قىلىش» قارشى تەرەپكە تولۇق كۈچى يېتىدىغان، ھەققىنى ئېلىشقا قادىر بولالايدىغان ۋاقىتتا بولىدۇ. ئەكسىچە كۈچى يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئامالسىزلىقتىن: «مەيلى ئەمدى كەچۈرۈۋېتەي» دەپ قويۇش، «ئەپۇ قىلىش» ھېسابلانمايدۇ.

## كەچۈرۈمنىڭ دەرىجىلىرى

«كەچۈرۈم» ئۈچ خىل مەرتىۋىگە تىزىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇنى: ﴿وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ ۗ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾[1] «(ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» دېگەن شەكىلدە بايان قىلغان.

بىرىنچى: «ئاچچىقىنى يۇتۇش»، كەچۈرۈمنىڭ ئالدىدىكى باسقۇچ بولۇپ، كىشى باشقىلار تەرىپىدىن ئىغۋاگەرچىلىككە، ھەق-ھوقۇقى زىيانغا ۋە مەنپەئەتى تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاچچىقلىنىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئاچچىقىنى يۇتۇپ سەۋر قىلىش، كەچۈرۈمنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر.

[1] سۈرە ئال ئىمران 134-ئايەت

uyghurkitap.com



ئىككىنچىسى: «كىشىلەرنى كەچۈرۈۋېتىش». ھەق-ھوقۇقنى قوغداشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپ كەچۈرۈۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچىسى: «ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ». كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاداۋەت تۇتماستىن ياخشىلىق قىلىش، كەچۈرۈمنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

## ئەپۇچانلىق ئۆزىنى كونترول قىلىشنى بىلىشتە ئىپادىلىنىدۇ




ئىنسان ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولدۇرغان ۋە روھىيىتىنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتى بىلەن قورۇپ چىققان ۋاقىتتا، پۈتۈن كونتروللۇقى ئاللاھنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ ۋە ئاللاھ «قىل» دېگەننى قىلىدىغان، «قىلما» دېگەندىن يانىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسان ئۆزىگە ئىگە بولالايدۇ.

سابىق ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل، روھىيىتىدىكى چاڭقاشنى تەسۋىرلەپ: «بىز دۇنياغا ئىگە بولدۇق، لېكىن ئۆزىمىزگە ئىگە بولالمىدۇق» دېگەن ئىدى. ئىنسان بۈيۈك قوماندان بولۇپ نۇرغۇن زېمىننى كونترولىغا ئېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ئۆزىنى كونترول قىلىشتۇر. يەنى، ئۆزىنى «قىلىمەن» دېگەن ئىشنى قىلدۇرالايدىغان، «قىلمايمەن» دېگەن ئىشتىن چەكلىيەلەيدىغان، ئەقلى ۋە پىكرىنى ئۆزى كونترول قىلالايدىغان ھالەتكە ئەكىلىشتۇر. شۇڭا

كۇنىلار: «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن. بۇ سۆز ئىنساننىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىشىنىڭ قىيىن ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ مۆئمىندىن تەلەپ قىلغىنى، ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان، «ئەپۇ قىلىمەن» دەپ ئەپۇ قىلالايدىغان بولۇشتۇر.

## ئەپۇ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قايتا تىلغا ئالماسلىق

بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز باشقىلارنى ئەپۇ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۇرسەت تاپسىلا شۇ خاتالىقنى داۋاملىق ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. بۇ كەچۈرۈم دائىرىسىگە كىرسىمۇ، ئەمما ئاللاھ تەلەپ قىلغان كەچۈرۈم ھېسابلانمايدۇ. ﴿فَاصْفَحِ الصَّفْحَ الْجَمِيلَ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد! نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، ئۇلارغا) چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغىن» دېگەن ئايەتتە، "اصْفَح" «يېپىۋېتىش، قاتلىۋېتىش» سۆزى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، «مەسىلىنى بىر بەت ئۆرۈۋەت، ئۆتمۈشتە قالسۇن، ئۇنى قايتا ئاچما! ئەسلەتمە!» دېگەن مەنە مەقسەت قىلىنغان.

ئىنسان باشقىلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كەچۈرگەن بولسا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بۈيۈك بىر دەرىجىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئەمما: «ماڭا ئەسكىلىك قىلغان بولساڭمۇ، سېنى كەچۈرۈپ يەنە نۇرغۇن ياخشىلىق قىلدىم» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مىننەت قىلىش، دەرىجىنى تۆۋەنلىتىپ، ئېرىشىپ بولغان ياخشىلىقلارنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلاندى. شۇ سەۋەبتىن قۇل قىلىپ سېتىلدى ۋە بېشىغا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار كەلدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەزىز قىلىشى بىلەن، دۆلەت رەئىسى سۈپىتىدە قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندا، ئۇلاردىن تولۇق

[1] سۈرە ھىجر 85-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.uyghurkitap.com






ھېساب ئالالايتتى. لېكىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە: ﴿وَقَدْ أَحْسَنَ بِي إِذْ أَخْرَجَنِي مِنَ السِّجْنِ وَجَاءَ بِكُم مِّنَ الْبَدْوِ مِن بَعْدِ أَن نَّزَغَ الشَّيْطَانُ بَيْنِي وَبَيْنَ إِخْوَتِي﴾[1] «پەرۋەردىگارىم مېنى زىنداندىن چىقىرىش بىلەن، قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامنى شەيتان بۇزغاندىن كېيىن، سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى» دېيىش ئارقىلىق، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىغىنى ۋە شۇ سەۋەبلىك بېشىغا كەلگەن پالاكەتچىلىكلەرنى تىلغا ئالماستىن، ئۆزىنىڭ ھۆرلۈككە، بەختكە ۋە بۇ يۇقىرى ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن يېرىدىن باشلاپ سۆزلىدى. كەچۈرۈمنىڭ شەكلى مۇشۇنداق باشقىلارغا ئەسلەتمەسلىك بىلەن بولىدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىننەتخور پەسكەش كىشىلەر ھەققىدە ئىككى قېتىم قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: «ماڭا نىسبەتەن يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولاش، بوران چىققان كۈندە پۈتۈن ھىجاز زېمىنىنى بىر پەي بىلەن سۈپۈرۈش، ئىككى دېڭىزنىڭ سۈيىنى قۇملۇققا يۆتكەش ۋە قاپقارا ئىككى دانە قۇلنى يۇيۇپ ئاقارتىش قاتارلىق ئىشلار، پەسكەش ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر نەرسە سوراشتىن ئاسان» دېگەن.

مۇئمىن ئۆزىدىكى جىمى گۈزەللىكنى ئاللاھنىڭ كامالىتىدىن ئالىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان

---

[1] سۈرە يۈسۈف 100-ئايەتنىڭ بىرقىسمى

ئالاقىسىغا باغلىق. مۇئمىننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، شۇنچە گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئىنسان يامان تەرەپكە يۈزلىنىپ، پۈتۈن ناچارلىقلارغا چۆكۈپ كېتىدۇ. دېمەك، ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى ياخشى بولغاندا، "عَفُوٌّ" «ئەپۇ قىلغۇچى» زاتنىڭ بەندىسى بولۇش بىلەن، باشقىلارنى كەچۈرۈم قىلىدىغان ھالەتكە يېتىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھتىكى كامالىي سۈپەتلەرنىڭ تەسىرى ۋە نۇرى ئىنساندا شەكىللىنىدۇ.

### ئەپۇ قىلىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى

ئەپۇ قىلىشنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغۇچىدىن بەكرەك، كەچۈرگۈچىگە ئىجابىي تەسىرى بولىدۇ. مەسىلەن: ماڭا زۇلۇم قىلغان ۋە ئىززەت-ئابرويىمنى چەيلىگەن كىشىدىن بىرنى كەچۈرسەم، ئۆچمەنلىكنىڭ يىپىنى كەسكەن بولىمەن. ئۆچمەنلىك، قارشى تەرەپتىن بەكرەك ئۆز ساھىبىنى ئازابلايدۇ. ئىنسان باشقىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكنى كەچۈرۈم ۋە ئەپۇ قىلىش بىلەن كېسىۋەتسە، ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋاتقان ئوت شۇ ھامانلا ئۆچىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، قەلب ھوزۇر ۋە راھەت ھېس قىلىدۇ.

ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىگە يامانلىق قىلغان كىشى كەچۈرۈلمەسلىكى كېرەك. لېكىن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، قارشى تەرەپنى ئەپۇ قىلىۋېتىش، ئىككىلى تەرەپنىڭ قەلبىدىن ئاداۋەتنى چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ-دە، ئەرشنىڭ سايىسىدە سايىدايدىغان يەتتە خىل كىشىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئەپۇ قىلىشنىڭ ئىجابىي تەسىرى ۋە ئىنتىقام ئېلىشنىڭ سەلبىي تەسىرى، شۇ شەخسنىڭ ئۆزىدىلا توختاپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى






تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كەچۈرۈم قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى بىر-بىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتسە، ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرىمۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، بىر يەرگە كېلىدۇ. ئەكسىچە كەچۈرمەستىن ئىنتىقام ئالسا، ئەتراپىدىكىلەرمۇ بىر-بىرلەپ بۇ سەپكە قوشۇلىدۇ. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە قارشى چوڭ قوشۇن بولۇپ شەكىللىنىپ، دۈشمەنلىك تېخىمۇ ئەۋجگە چىقىدۇ.

ئاددىي قارىلىدىغان ئىككى مۆئمىننىڭ ئارىسىدىكى ئازارلىق، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن «ئەپۇ قىلىش»نى تەرك ئەتكەن ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەشكە كۆڭۈل بۆلمىگەن كىشىلەر، قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازابتىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

## ئەپۇ قىلىش، خاتالىقنىڭ تەكرار يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى كېرەك

ئەگەر ئەپۇ قىلىش، خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ خاتالىقتا داۋاملىششىغا سەۋەب بولسا، ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، كەچۈرمەسلىك كېرەك. بەزى رىۋايەتلەردە كېلىشىچە، بىر قىسىم ئەسىرلەر رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ قاتتىق يالۋۇرۇپ: «ئۆيىمىزدە كىچىك بالىلىرىمىز بار ئىدى، بىزنى قويۇۋەتكەن بولساڭ» دەپ تۇرۇۋالغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى قويۇۋەتكەن. كېيىن ئۇلار يەنە جەڭگە

چىقىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، يەنە بىر قېتىم ئەپۇ قىلىنىشىنى ئۆتۈنگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىز دىگەن مۇھەممەدنى ئىككى قېتىم ئالدىۋەتكەن، دىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئەپۇ قىلمايمەن» دىگەن.

## يوشۇرۇش - ئەپۇنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر

بىراۋنى كەچۈرۈش كاتتا بىر پەزىلەت بولۇپ، كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يوشۇرۇش تېخىمۇ كاتتا پەزىلەتتۇر.

يوشۇرۇش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى: بىراۋنىڭ خاتالىقىنى يوشۇرۇپ، كۆرمەسكە سېلىش. ئىنسان بەزىدە خاتالىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنى يوشۇرۇپ، كۆرمەسكە سالغان ياكى كۆڭۈلگە ئالمىغاندا، قارشى تەرەپ ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ۋە خىجىل بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.




ئەمما پۇرسەت بەرمەي، بىرىنچى خاتالىقىدىلا ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش، نارازىلىق كەيپىياتى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا باشقىلارنىڭ تۇنجى خاتالىقىنى يوشۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

ئىككىنچى: كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى يوشۇرۇش. يەنى، خاتالىقلارنى تەكرار ئەسلىتىپ: «سەن ئىلگىرى مۇنداق ئىشلارنى قىلغان ئىدىڭ» دېيىشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئـــاللاھ تائـــالا ھەممەيلەنـــگە ئەپۇچـــانلىق ئاتـــا قىلســـۇن! شـــۇنىڭغا باغلانغـــان شـــەكىلدە ئىســـلام ئەخلاقلىرىنـــى ســـۆز، ئىـــش-ھەرىـــكەت ۋە كۆڭۈلدىكى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاشقا نېسىپ قىلسۇن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دۇرۇس بولۇش

﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر، دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا (دۇرۇس) بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، دەيدۇ».




دۇرۇسلۇق - ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىپ، چەكلىمىلىرىدىن قايتىشتۇر. يۇقىرىسى شىركەت ۋە گۇرۇھلاردىن تارتىپ ئاددىيسى بىر يايمىچىغىچە، تىجارەتنىڭ ھەممە تۈرىنى «تىجارەت دېگەن پايدا ئېلىشتۇر» دېگەن كەلىمىگە




[1] سۈرە فۇسسىلەت 30-ئايەت

يىغىنچاقلىيالايمىز. چۈنكى تىجارەت قىلغانلارنىڭ چوڭ-كىچىك ھەممىسى پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر پايدا ئالمىسا، ئۇنىڭ قىلغىنى تىجارەت ھېسابلانمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، دىننى يۇقىرى قاتلاملىرىدىن تارتىپ، ئەڭ تۆۋەن ساھەسىگىچە بولغان پۈتۈن تەرەپلىرىنى تەمسىل قىلالايدىغان بىر كەلىمىگە يىغىنچاقلىساق، ئۇ ئەلۋەتتە «دۇرۇس ئادەم بولۇش»تۇر.

ئاللاھ بىزنى ئۆزىنى تونۇپ قۇللۇق قىلىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئاسماندىن چۈشكەن ۋەھيي، ياراتقۇچىنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن تەلىماتى ۋە بەخت-سائادەت يولىمىز بولغان ئىسلام دىنىمىز بىزگە ئاللاھنى تونۇتۇش ئارقىلىق، كەڭرىلىكى ئاسمان-زېمىنچە بولغان جەننەتكە ئىگە قىلىدۇ. خۇددى «پايدا ئالمىسا، تىجارەتچى ھېسابلانمايدۇ» دېگىنىمىزدەك، ئەگەر ئىنساندا دىنىنىڭ ئاساسىي روھى ھېسابلانغان «دۇرۇسلۇق ۋە توغرا يولدا مېڭىش» بولمىغىنىدا، ئۇ كىشىنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ. توغرا يولدا ماڭمىغان ۋە دۇرۇس بولمىغان كىشى گەپ-سۆز، مۇئامىلە ۋە ئىلىم-بىلىم قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلغانلىقىنى دەۋا قىلسىمۇ، پەقەت تارىخىي مىراس ۋە ئۆرپ-ئادەتكە ۋارىس بولۇپ قالغان ھېسابلىنىدۇ.




مالائىكىلەر تائەت-ئىبادەت ۋە بويسۇنۇش پىرىنسىپى بىلەن يارىتىلغان. ھايۋانلارمۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى قىلالايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىقتىدار ۋە ئىمكانىيەت بىلەن تۇغۇلىدۇ ۋە ھېچكىمدىن ئۆگەنمىسىمۇ، ھاياتىدا ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىپ دۇنيادىن كېتىدۇ. ئەمما ئىنسان ھېچبىر ئىقتىدارى بولمىغان ھالدا تۇغۇلغاچقا، توغرا يولنى تېپىپ مېڭىش ئۈچۈن ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن دىندىن ئىبارەت «خەرىتە»گە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

دۇرۇسلۇق سەلبىي نەرسىلەرنى تاشلاش ۋە ئىجابىي ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى نۇقتا مۇئەييەنلىشىپ، ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىلەردىن ۋاز كەچكەن، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى جايىدا قىلغان ۋاقىتتا، ئىنسان ھاياتىدا دۇرۇسلۇق ۋە توغرا يول ئۇقۇمى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.

## ھەق پەقەت بىر، باتىلنىڭ بولسا سانى يوق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سىزىق سىزىپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر قانچىلىغان سىزىقلارنى سىزدى ۋە ئاللاھنىڭ: ﴿وَأَنَّ هَٰذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ ۖ وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن سَبِيلِهِ﴾[1] «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ، توغرا يول (دۇرۇسلۇق)نىڭ پەقەت بىرلا ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي سىزىپ كۆرسىتىپ بەرگەن.




[1] سۈرە ئەنئام 153-ئايەت

دۇرۇس ۋە توغرا يولدىن چەتنەپ، باشقا يولنى سىناپ بېقىش ياكى ھەرخىل باھانىلەرنى سەۋەب قىلىپ يولدىن چىقىش، ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان پەقەت دۇرۇس ياشاپ توغرا يولنى ھايات مەنھەجى قىلسىلا، ئىككى دۇنيالىق زىياندىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

قۇرئان چۈشمىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەن تەقدىردىمۇ، دۇرۇسلۇق ئىنسانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەمما ئاللاھ بىزگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ، قۇرئاننى چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىي ھاياتى ئارقىلىق، دۇرۇسلۇقنىڭ ھاياتقا قانداق تەتبىقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

## دۇرۇسلۇق نىسپىي بولمايدۇ

توغرا يول ۋە دۇرۇسلۇقنىڭ دائىرىسى، ئازىيىپ كۆپەيمەيدىغان مۇئەييەن چەك-چېگراغا ئىگە ئېنىق بىر ئۇقۇمدۇر. خۇددى ئۆلۈم ھەقىقىتىنىڭ يېرىمى بولمىغىنىدەك، دۇرۇسلۇقنىڭمۇ يېرىم ياكى چارىكى بولمايدۇ. بىر ئادەم توغرا يولدا مېڭىپ دۇرۇس بولىدۇ ياكى توغرا يولدىن تېيىلىپ دۇرۇسلۇقنى يوقىتىدۇ.




بەندە ئاللاھ ۋە رەسۇلى بەلگىلىگەن توغرا يولنى تاللاپ، ئۇنى ئۆزىگە پىرىنسىپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمكانىيىتى، ئىقتىدارى ۋە بىرىلگەن شارائىتىغا قاراپ، قۇدرىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەتكىنىچە ئەمەل قىلىسا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾[1] «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار» دېگەن.

ئاللاھ تائالا توغرا يولنى: ﴿فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ﴾[2] «(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن» دەپ سۈپەتلىگەن. شۇڭا بەندە توغرا، دۇرۇس يولدا بۇيرۇلغان پېتى مېڭىشى كېرەك. توغرا يول ۋە دۇرۇسلۇق ئۇقۇمى بەندىدىن يوقالغان ھامان، ئۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ تەلىماتىدىن يىراقلاشقان قالىدۇ.

## توغرا يولدا مېڭىش ۋە دۇرۇس بولۇشنىڭ نەتىجىسى

ئىسلامنىڭ دۇرۇس بولۇش ۋە توغرا يولدا مېڭىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزى بىلەن رەببى ۋە ئەتراپىدىكىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىدە دۇرۇس بولغان كىشىنىڭ قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «دۇرۇس بولۇڭلار، ئاللاھنىڭ (بۇنىڭ قارشىلىقىدا بېرىدىغان) نېئمەتلىرى ۋە ئىجابىي نەتىجىلىرىنى ساناپ بولالمايسىلەر»[3] دېگەن ھەدىسىدىن بىلەلەيمىز.

بۇ نەتىجىلەر قاتارىدىن خاتىرجەملىك، ئەقىل-ئىدراك، رازىمەنلىك، مۇۋەپپەقىيەتكە نائىل بولۇش، ئائىلىدىكى خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر، دوست-يارەنلىرى بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەت ۋە ئىمتىياز... قاتارلىقلارنى ساناپ بولالمايمىز. دېمەك، ئىنسان توغرا يولدا مېڭىپ دۇرۇس ئادەم بولغاندا، روھىي، جىسمانىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا تۈرلۈك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

---

[1] سۈرە تەغابۇن 16-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ھۇد 112-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] رواه ابن ماجة عن ثوبان

دۇرۇس بولۇش ۋە ھاياتتا توغرا يولنى ئۆزىگە مەنھەج قىلىپ تاللاش ئۈنسىز دەۋەت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «دۇرۇس ئادەم بولۇڭلار، باشقىلار سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن دۇرۇس ئادەم بولىدۇ»[1] دېگەن. بەندىنىڭ ئۈستىدىكى دىنغا دەۋەت قىلىپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسى، ئالىم بولۇش ياكى كىتاب يېزىشنى ئەمەس، بەلكى دۇرۇس بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى كىشىلەر قۇلاقتىن بەكرەك كۆز بىلەن ئۆگىنىدۇ.




كىشى ئاتا-ئانىسى ۋە ئائىل-بالىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىدە نالايىق سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىپ، ئائىلىدە دۇرۇس بىر مۇھىت شەكىللەندۈرسە، بالىلىرىنى تەربىيەلەشتە ھېچ قىينالمايدۇ. چۈنكى بالا دۇرۇس مۇھىتتا، دۇرۇس كىشى بولۇپ يېتىلىدۇ. دېمەك، بىر كىشىنىڭ دۇرۇس بولۇشى، ئەتراپىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ-دە، ئۇ ئۈنسىز دەۋەتچىگە ئايلىنىدۇ.




[1] رواه الطبراني عن سمرة بن جندب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۇرۇسلۇق ھەققىدە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋالىيلاردىن بىرىگە خىتاب قىلىپ: «بىز بۇ ماقامغا ئاچ قالغانلارنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇش، يالىڭاچلارنىڭ كىيىمىنى پۈتۈنلەش ۋە ئۇلارنىڭ باشقا ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن چىقتۇق. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ ۋەزىپىلىرىنى جايىدا ئىجرا قىلالىساق، ئۇلارنىڭ تەشەككۈرىگە لايىق بولىمىز. چۈنكى بۇ قول ئىشلەش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئەگەر بۇ قولنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىشلىتەلمىسەڭ، يامان ئىش ئىزدەيدۇ. شۇڭا بۇ قولنى يامان ئىشلارغا تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئىشلارغا ئىشلەت» دېگەن.

دۇرۇسلۇقنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر نەتىجىسى: ﴿تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ﴾[1] «پەرىشتىلەر چۈشۈپ: قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار» دېگەن ئايەتتىكىدەك، قورقۇنچ ۋە غەمنى كۆتۈرۈۋېتىش بىلەن بولىدۇ. قورقماسلىق كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئۈچۈن بولسا، بىئارام بولماسلىق ئۆتمۈشتىكى ئىشلار ئۈچۈن بولىدۇ. ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىن خاتىرجەم بولۇشنىڭ كاپالىتى دۇرۇسلۇق بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسى جەننەتتۇر.




[1] سۈرە فۇسسىلەت 30-ئايەت

بىر كۈنى ساھابىلەردىن بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلام ھەققىدە بىر ئىبغىز سۆز قىلىپ بەرسىلە، شۇ بىر ئىبغىز ماڭا كۇپايە قىلسۇنكى، ئىككىنچى بىر ئادەمدىن بۇ ھەقتە سورىماي» دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇ كىشىگە: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم، دېگىن ۋە دۇرۇس بولغىن»[1] دېدى. دېمەك، بىر ئادەم ئىمان ئاساسىنى تىكلەپ بولغاندىن كېيىن، توغرا يولدا ماڭسا، دۇنيا-ئاخىرەتلىكىدىن خاتىرجەم بولسا بولىدۇ. دىنىنىڭ پۈتۈن تەلىماتلىرى، ئىنسانىيەتكە چۈشۈرۈلگەن پۈتۈن كىتابلار، ئەۋەتىلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى، ئىنسانلارنىڭ دۇرۇس بولۇپ، توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىيلەننى دۇرۇس ۋە توغرا يولدا ماڭىدىغان، ئاخىرىغىچە بۇ يولدىن چىقىپ كەتمەيدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن! قىسقىغىنە ئۆمرىمىزدە ھاياتىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ئۇستىمىزدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغىلى نېسىپ قىلسۇن!

---

[1] مسلم عن سفيان بن عبدالله الثقفي

www.uyghurkitap.com

# تەۋبە

**﴿أَلَمْ يَعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ هُوَ يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ﴾[1] «ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟».**




تەۋبە - ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىكنىڭ قورغانى، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قالغان ھەر كىشىگە نىسبەتەن خۇشخەۋەر ۋە چىقىش يولىدۇر. ئۇ ئاللاھ تائالا بىلەن ئارىنى ياخشىلاش، ئاللاھقا يۈزلىنىپ رازىلىقىنى كۆزلەش ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە، غەزىپىدىن قورقۇپ ئاللاھ تەرەپكە تامامەن قايتىشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قايتىش دۇرۇس بولۇش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بىر ئەسەردە ئاللاھ تائالا: «ئەگەر مەندىن يۈز ئۆرۈپ يولۇمدىن چەتنەپ كەتكەنلەر، مېنىڭ ئۇلارنى كۈتۈۋاتقانلىقىمنى ۋە ئۆتكۈزۈۋاتقان شۇ جىنايەتلىرىنى تاشلىشىغا بولغان ئىنتىلىشىمنى بىلسە ئىدى، مۇھەببىتىمدىن پەيلىرى پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن (يەنى، ماڭا بولغان ئىشتىياقىدىن ئۆلگەن) بولاتتى. ئەي داۋۇد! مانا بۇ يولۇمدىن يۈز

[1] سۈرە تەۋبە 104-ئايەت

ئــۆرۈگەنلەرگە قارىتــا پوزىتســيەم، (بۇلارغــا تۇتقــان پوزىتســيەم بۇنــداق بولغــان يەردە) ئىبــادەت قىلىــش بىــلەن ماڭــا يۈزلىنىــپ كېلىۋاتقانلارغــا نىســبەتەن پوزىتســيەم قانــداق بــولار!؟»[1] دېــيىش ئــارقىلىق، تەۋبىنىــڭ ئورنىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

## خالىس تەۋبىنىڭ شەرتلىرى

دۇنيــادىكى پۈتــۈن ئىنســانلاردا ئورتــاق تېپىلىــدىغان بىــر قــانۇنىيەت بــار. بــۇ قــانۇنىيەت مۇنــۇ ئــۈچ باسقۇچتىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى: ئىــدراك (مەلۇمــات يــاكى ئۇقــۇم). ئىككىنچــى: شــۇ ئىــدراكنىڭ ئىنســانغا تەســىر كۆرسىتىشــى. ئــۈچىنچى: ئىــدراكنىڭ كۆرســەتكەن تەســىرى تۈرتكىســىدە شــۇ كىشــىنىڭ ئىش-پائالىيىتــىدە كۆرۈلىــدىغان ئۆزگىرىشــلەر. مەســىلەن: بىــر كىشــى يولــدا يىلانــدىن بىرنــى كۆرســە، بىرىنچــى بولــۇپ كاللىســىدا «يىــلان ئــادەم چاقىــدۇ» دېــگەن مەلۇمــات پەيــدا بولىــدۇ. ئانــدىن بــۇ مەلۇمــات تەســىرىدە ئــۆزىنى دالــدىغا ئېلىش تۇيغۇســى شــەكىللىنىدۇ-دە، بــۇ تەســىر تۈرتكىســىدە يىلانــدىن ئــۆزىنى قوغدايــدۇ يــاكى قاچىــدۇ. ئەگەر ئــۇچراتقىنىمىز قويىنىــڭ قوزىســى بولســا، كــاللىمىزدا ئۇنىــڭ ئىنســانلارغا ھېچقانــداق زىيىنــى يوقلۇقىــدىن ئىبــارەت مەلۇمــات كېلىــپ، بىــزدە ھېچقانــداق قارشــى ئىنكــاس پەيدا بولمايدۇ.




[1] ورد في الأثر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تەۋبە ھەققىدە سۆزلەپ: «پۇشايمان قىلىش تەۋبىدۇر»[1] دېدى. ئاۋۋال بەندىدە «قىلىۋاتقان بۇ ئىشىم خاتا» دەيدىغان بىر ئۇقۇمنىڭ ھاسىل بولۇشى، بۇ ئۇچ باسقۇچنىڭ بىرىنچىسى بولغان ئىدراكتۇر. ئاندىن قىلغان خاتالىقىغا ھەقىقىي پۇشايمان قىلىش شۇ ئىدراكنىڭ تەسىرىدە بولىدۇ. ئاخىرىدا قىلىنغان پۇشايماننىڭ تەسىرىدە ئۇ كىشىنىڭ گەپ-سۆز ۋە ئىش-پائالىيەتلىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەدىس بىزگە، تەۋبە قىلغۇچىغا نىسبەتەن خاتالىقىنى تونۇش، ھەقىقىي پۇشايمان قىلىش ۋە شۇ پۇشايماننىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئۇچ باسقۇچ بىلەن ھەقىقىي تەۋبىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن.




ئىنساندا ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا نىسبەتەن توغرا مەلۇمات بولغىنىدا، خاتا ئىشنىڭ خاتالىقىنى تۈنجى قېتىمدىلا بايقىيالايدۇ ۋە ئۇ ئىشتىن دەرھال يانغىنىدا، تەۋبە قىلغان بولىدۇ. ئەگەر بىرىنچى قېتىم يانمىسا، ئىككىنچى قېتىم يېنىشى سەل تەسكە چۈشىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا، تېخىمۇ تەس بولىدۇ. ئەگەر تەكرار-تەكرار يۈز بېرىۋەرسە، ئاخىرى بۇ ئادەمدىكى گۇناھ تۇيغۇسى يوقىلىدۇ. نەتىجىدە مەلۇماتنىڭ ئۇ ئادەمگە نىسبەتەن ھېچ ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

---

[1] أحمد وابن ماجه عن عبد الله بن مسعود

ئىنسان قەستەن قىلغان خاتالىق ۋە ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆتكۈزۈپ قويغان كەمچىلىكلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلىدۇ. قىلغان خاتا ئىش ياكى كەمچىلىكلەرنىڭ بەندىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى بىلەن ئاللاھقا مۇناسىۋەتلىك بولغىنىنىڭ ئوتتۇرىدا ئالاھىدە پەرق بار. ئاللاھقا قارىتا ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىق ۋە جىنايەتلەرنى، بەندە چىن قەلبىدىن ھەقىقىي تەۋبە قىلىپ: «ئى رەببىم، مېنى كەچۈرسىلە!» دېسە، ئاللاھ كەچۈرىۋېتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا ھەرقانداق جىنايەتنى كەچۈرىدۇ. ئەمما بەندىلەر ئارىسىدىكى مەنىۋى ياكى ماددىي ھەقلەردە، زىيانغا ئۇچرىغۇچىدىن كەچۈرۈم سورىماي ۋە ھەققى ئادا قىلىنماي تۇرۇپ كەچۈرۈلمەيدۇ.




﴿ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُوا﴾[1] «ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى» دېگەن ئايەتتە، ئاللاھنىڭ تەۋبە بېرىشى بەندىنىڭ تەۋبە قىلىشىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلدى. بۇ نۇقتىنى قانداق چۈشىنىمىز؟

ئىنسان بەزىدە غاپىللىشىپ نۇرغۇن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ ۋە شۇ جىنايەتلىرىدە داۋام قىلىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ بۇ بەندە تەۋبە قىلمىغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭغا تەۋبە پۇرسىتى بېرىش ئۈچۈن، بەزىبىر مۇسىبەت-خاپىلىقلارغا دۇچار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ئۆتكۈزگەن

[1] سۈرە تەۋبە 118-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com






خاتالىقلىرىنى ئەسلەپ، ئەس-ھوشىنى يىغدۇ ۋە قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىنىئالا بەرگەن مۇسىبەت-خاپىلىقلىرى، بەندە ئۆزى تەۋبە قىلىشتىن ئىلگىرى بېرىلگەن تەۋبە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىزمۇ ئۆزىمىزگە كېلىۋاتقان مۇسىبەت-خاپىلىقلار ياكى قىيىنچىلىقلارغا توغرا قاراپ، بۇنى ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى دەپ قوبۇل قىلىشىمىز ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىمىزنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

## تەۋبىنى كەينىگە سۈرمەسلىك

ئاللاھ تائالا تەۋبىنىڭ شەكلىنى بايان قىلىپ: ﴿إِنَّمَا التَّوْبَةُ عَلَى اللَّهِ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السُّوءَ بِجَهَالَةٍ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٍ﴾[1] «ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە، يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن دەرھال تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر» دېگەن. خاتالىقنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تەۋبىنى ئارقىغا سۈرەش توغرا بولمايدۇ. بەلكى قىلغان قىلمىشىنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، دەرھاللا تەۋبە قىلىش، شۇ كىشىدىكى سەممىيەتنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر ئادەم كىشىلىك ئالاقە ۋە مۇئامىلىدە بىلىپ تۇرۇپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن

[1] سۈرە نىسا 17-ئايەت




كەينىگە سۆرەپ يوشۇرىدۇ. ئەمما بىلمەي قىلىپ سالغىنىدا، ئاگاھلاندۇرۇشنى قوبۇل قىلىپ، دەرھال خاتالىقنى تۈزىتىدۇ. بىر ئەسەردە: «(ئىنشائاللاھ تەۋبە قىلىمەن ياكى خۇدايىم كەچۈرەر! - دەپ،) تەۋبىنى داۋاملىق ئەتىگە سۆرەيدىغانلار تۈگەشتى» دېيىلگەن. چۈنكى بۇ سەمىمىي تەۋبىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. سەمىمىي تەۋبە ئايەتتە دېيىلگەنىدەك، خاتالىقنى ئۇقماي قىلىپ سېلىپ، بىلگەن ياكى ئەسكەرتىلگەن هامان، ئۇ ئىشتىن قول ئۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسان ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن دائىم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالىدۇ. ئەمما مۇئمىنىنىڭ سۈپىتى دەررۇ تەۋبە قىلىشتۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلەر "التَّوابُون" «بەك تەۋبە قىلغۇچى» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن. بۇ سۆز «ئاشۇرما سۈپەت» بولۇپ، «بەك تەۋبە قىلىدۇ، ھاياتىدا تەۋبە قىلىپلا ئۆتىدۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَىٰ أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار» دېگەن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا تەۋبە ئىشىكىنىڭ ھەر ۋاقىت ئوچۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، گۇناھتا ھەددىدىن

[1] سۈرە زۇمەر 53-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاشــــقان ۋە خاتالىققــــا پېتىــــپ كەتــــكەن بەنــــدىلەرنىڭمۇ ئاللاھنىــــڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىكىنى ئەسكەرتىۋاتىدۇ.

بىــر ئەســەر قۇدســىيدا، ئــاللاھ تائــالا: «ئەگەر ئــۇلار تەۋبە قىلســا، مەن ئــۇلارنى ياخشــى كــۆرىمەن. ئەگەر تەۋبە قىلمىســــا، ئــۆزۈم ئۇلارنىــــڭ دوختــۇرى. مەن ئــۇلارنى گۇنــاھ ۋە ئەيىــپ-نۇقســانلاردىن پــاكلاش ئۈچــۈن بەزى مۇســىبەتلەرگە گىرىپتــار قىلــىمەن. قىلغــان ياخشــىلىق ئــون ھەسســە يــاكى ئۇنىڭــدىن ئــارتۇق ھېســابلىنىپ ماڭىــدۇ. ئۆتكــۈزگەن جىنــايىتى بولســا، ئوخشــــاش شــــەكىلدە ھېســــابلىنىدۇ، ھەتتــــا ئەپــــۇ قىلىــــۋېتىمەن. مەن بەندەمگە ئانا بالىسىغا كۆيۈنگىنىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىمەن»[1] دېگەن.

تەۋبە قىلىــش، ئــاللاھ تائــالا بەنــدىلىرىنىڭ قىلىشــىنى خالايــدىغان ۋە ئــۆزى ئەڭ خۇرســەن بولىــدىغان ئىســلام ئەخلاقلىرىنىــڭ بىــرى بولغاچقــا، مۇئمىن تەۋبىگە سەل قارىماسلىقى كېرەك.

## جامــــائەت شــــەكلىدە تەۋبە قىلىــــش، ئاللاھنىــــڭ بــــۇيرۇقىنى ئورۇنداشنى قولايلاشتۇرىدۇ




ئــاللاھ تائــالا: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ﴾[2] «ئــى مــۇئمىنلەر! ھەممىڭــلار ئاللاھقــا تەۋبە قىلىڭــلار» دېــگەن. جامــائەت شــەكلىدە تەۋبە قىلىــش، ئاللاھنىــڭ بــۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشــنى تېخىمــۇ قولايلاشــتۇرىدۇ.

---

[1] رواه البيهقي و الحاكم عن معاذ، والديلمي وابن عساكر عن أبي درداء

[2] سۈرە نۇر 31-ئايەت

مەسىلەن: ئائىلە، قولۇم-قوشنا ۋە دوست-يارەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يامان ئىشلارنى ئورتاق قىلىۋاتقان ھالدا، مەن توغرا يولنى تېپىپ تەۋبە قىلغان بولسام، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ يەكلىشى، بېسىمى ۋە مەسخىرە قىلىشىغا ئۇچراپ، تەۋبەدە مۇستەھكەم تۇرالماسلىقىم مۇمكىن. تەۋبە جامائەت شەكلىدە بولغىنىدا، ھەممەيلەن ئورتاق شەكىلدە توغرا يولنى تېپىپ، بىر-بىرىمىزگە ياردەمچى ۋە ئەسلەتكۈچى بولىمىز.

يەر شارىدىكى يەتتە يېرىم مىليارد ئىنساننىڭ ئىچىدىن يالغۇز بىر ئادەم ئىمان ئېيتىپ، ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپىسىنى جايىدا قىلىپ ماڭسا، قىيامەت كۈنى بۇ بىر ئادەم نىجات تېپىپ جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئەمىلى كەملەپ كەتمەيدۇ ۋە باشقىلارنىڭ جىنايىتى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿مَا يَفْعَلُ اللَّهُ بِعَذَابِكُمْ إِن شَكَرْتُمْ وَآمَنتُمْ﴾[1] «ئەگەر (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە) (مەيلى يەككە ياكى جامائەت شەكلىدە بولسۇن) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟» دېگەن. ئىسلام يەككە ھالەتتىن باشلىنىپ، بىر ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنى، ئاندىن ئائىلىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۆزگىرىش بۇ شەكىلدە داۋاملىشىپ، ئاخىرىدا پۈتۈن جەمئىيەت ئىسلاھ بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنتَ فِيهِمْ * وَمَا كَانَ اللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾[2] «سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا، ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ» دېگەن. دېمەك، بىر جامائەتنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرىماسلىقىنىڭ ئىككى چارىسى بار. بىرىنچىسى، رەسۇلۇللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئېلىپ كەلگەن يولى ئارىمىزدا

---

[1] سۈرە نىسا 147-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە ئەنفال 33-ئايەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى






تەتبىقلانغان مۇددەت ئىچىدە ئاللاھ بىزنى ئازابلىمايدۇ. ئىككىنچىسى، ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ، ھەرۋاقىت تەۋبىنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلغىنىمىزدا، ئاللاھ بىزنى ئازابلىمايدۇ.

### ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن، تەۋبە قوبۇل بولمايدۇ

بىر ئوقۇغۇچى ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلمىغاچقا، قەغەزنى كومىسسىيەگە ئاق ھالەتتە تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇيەرگە قايتقاندىن كېيىن، كىتابلىرىنى قولىغا ئېلىپ: «ئەسلىدە بۇنىڭ جاۋابى مۇنداقكەن ئەمەسمۇ؟!» دەپ، يازالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. لېكىن ئىمتىھان ئاللىقاچان تۈگىگەن بولغاچقا، قايتا ئىمتىھان بېرىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، تەۋبىنىڭمۇ قىلغىلى بولىدىغان مەلۇم مۇددەت-چېكى بار. مۇددەتتىن ئېشىپ كەتسە، تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَلَيْسَتِ التَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ حَتَّىٰ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ إِنِّي تُبْتُ الْآنَ وَلَا الَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ﴾[1] «داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى، ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ» ۋە ﴿يَوْمَ يَأْتِي بَعْضُ آيَاتِ رَبِّكَ لَا يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِن قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا﴾[2] «پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى

[1] سۈرە ئەھزاب 18-ئايەت
[2] سۈرە ئەنئام 158-ئايەت

ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە، ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ» دېگەن.




ئاللاھ تائالا بەندىگە تەۋبىنىڭ ئىشىكىنى شۇ قەدەر ئاچتىكى، ئىنساننىڭ جېنى ھەلقۇمغا كەلگۈچە تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بولىدۇ. ئەمما جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان ۋە ئىمكانىيەت قولدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا، تەۋبە قىلىش پۇرسىتى يوقىلىدۇ. ﴿فَقَالَ أَنَا رَبُّكُمُ الْأَعْلَىٰ﴾[1] «پىرئەۋن: مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن - دېدى» ۋە ﴿يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ مَا عَلِمْتُ لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرِي﴾[2] «پىرئەۋن: مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن - دېدى» دېگەن ئايەتلەردە دېيىلگىنىدەك، پىرئەۋن ئىمان ئېيتمىغانلىقنىڭ سىرتىدا، ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئېلان قىلغان. ئەمما ئۇ دېڭىزغا چۆكۈپ، جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ: ﴿آمَنتُ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا الَّذِي آمَنَتْ بِهِ بَنُو إِسْرَائِيلَ﴾[3] «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگىنىدە، ئاللاھ تائالا جاۋابەن: ﴿آلْآنَ وَقَدْ عَصَيْتَ قَبْلُ وَكُنتَ مِنَ الْمُفْسِدِينَ﴾ «(ھاياتتىن ئۈمىد

[1] سۈرە نازىئات 24-ئايەت
[2] سۈرە قەسەس 38-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] سۈرە يۇنۇس 90-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزگىنىشىدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟)، ئىلگىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ» دېگەن.

### تەۋبىنىڭ نەتىجىسى

بىر بەندە تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ بىلەن ئارىسىنى ياخشىلىغاندىن كېيىن، ئېرىشىدىغان نەتىجىلىرى ھەققىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «توغرا يولدا مېڭىڭلار! (بۇنىڭ نەتىجىسىدە) ئېرىشىدىغان نېئمەتلەرنى ساناپ بولالمايسىلەر»[1] دېگەن.

ئىنساندىكى خاتىرجەملىك ۋە كۆڭۈل ھۇزۇرى، دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم نېئمەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ نېئمەتكە ئىنسان ھەر زامان ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئىقتىساد ئىگىسى ياكى ھوقۇق ساھىبى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەلبى خاتىرجەم بولالمىسا، بەختسىز ئىنسان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەتراپىمىزدا ماددىي ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىغان، كۆڭلى بىسەرەمجان كىشىلەرنى كۆرۈۋاتىمىز.



مۇئمىن گەرچە مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، كۆڭۈل ھۇزۇرى بىلەن بەختلىك بولالايدۇ

ئاللاھ تائالا خاتىرجەملىك نېئمىتى ھەققىدە: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ أُولَـٰئِكَ لَهُمُ الْأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾[2] «(ئازابتىن ئەمىن بولۇش، خاتىرجەملىك) ئىمان

[1] ابن ماجه وأحمد والدارمي عن ثوبان

[2] سۈرە ئەنئام 82-ئايەت

ئېيتقان، ئىمانغا شېرىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر» دېگەن.

### تەۋبە قىلغۇچى ياش، ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر

ياش ھالىتىدە تەۋبە قىلغانلار بىلەن ياشانغاندا تەۋبە قىلغانلار ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ پەرق بار. ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ جىنايىتىنى تونۇغان ياشتىنمۇ سۆيۈملۈك ئادەم بولمايدۇ. ئاللاھ مالائىكىلىرىگە تەۋبە قىلغان ياش بىلەن پەخىرلىنىپ: «بەندەمگە قاراڭلار! ئۇ مېنى دەپ ئۆزىنىڭ ھەۋەس ۋە قىزىقىشىنى تاشلىدى» دەيدۇ. ئىنسان ياشتا چوڭىيىشقا ئەگىشىپ، قىزىقىش، ئارزۇ-ئۈمىد ۋە ئىنتىلىشلىرى سۇسلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ خاتالىشىدىغان ئىمكانىيەتلىرى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. ياشلارنىڭ قېنى قىزىق، ئارزۇ-ئارمانلىرى بۈيۈك ۋە ئىنتىلىشى يۇقىرى تۇرۇپمۇ، ئۆزىنى كونترول قىلىپ، توغرا بولغان ھايات پىرىنسىپلىرىدىن چەتنىمىگىنىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ يۇقىرى سۆيگۈسىگە ئېرىشىدۇ.


ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچى ياشلارنى ياخشى كۆرىدۇ

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ وَنَهَى النَّفْسَ عَنِ الْهَوَىٰ*فَإِنَّ الْجَنَّةَ هِيَ الْمَأْوَىٰ﴾[1] «پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى

[1] سۈرە نازىئات 40، 41-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ» دېگەن. يەنى، ئاللاھتىن قورقىدىغان ۋە ئۆز خاھىشىغا بېرىلمىگەن ياشقا، ئاللاھ تائالا مۇكاپات سۈپىتىدە، سالىھ ئايال، مۇئمىن دوستلار، ئىسلامىي جەمئىيەتتە ياخشى ئىش-پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىت ۋە شەرەپلىك خىزمەت ياكى ھۈنەر-كەسىپ ئاتا قىلىپ، جەمئىيەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇ ۋە ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى تەۋبىدىن ئايرىمىسۇن! ھەممەيلەنگە تەۋبە پۇرسىتىنى ئاتا قىلسۇن! بىلىپ-بىلمەي قىلغان جىنايەتلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈلمەي دۇنيادىن كېتىپ قېلىشىمىزدىن ساقلىسۇن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۈزەل ئۈلگە

**﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾[1] «سىلەرگە -ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە- رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر».**

ئۆلىمالار «سۈننەت» ئۇقۇمىنى، فىقھى بابىدىكى «ۋاجىبتىن تۆۋەن ئەمەللەر» دەپ ئەمەس، بەلكى «رەسۇلۇللاھ ھاياتىغا تەتبىقلىغان ئىسلامنىڭ ئەمەلىي شەكلىنىڭ ھەممىسى» دەپ قارىغان. چۈنكى سۈننەتنىڭ دائىرىسى فىقھى بابىدىكى تار دائىرىگە يىغىنچاقلانغان بولماستىن، بەلكى كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. شۇڭا رەسۇلۇللاھنىڭ: «سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى مەندىن ئەمەس»[2] دېگەن ھەدىسى، «رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى ئىسلامنىڭ يارقىن، ئەمەلىي ۋە جانلىق كۆرۈنۈشى بولغاچقا، بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈگەنگە ئوخشاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.




---

[1] سۈرە ئەھزاب 21-ئايەت

[2] رواه البخاري

ئاللاھ تائالا بۇنى ئىپادىلەپ: ﴿وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا﴾[1] «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار» دېگەن. رەسۇلۇللاھ بىز ئۈچۈن پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك بولغاچقا، رەببىمىز ئاللاھقا گۈزەل شەكىلدە ئۇچرىشىشنى خالىغان ھەرقانداق كىشى، رەسۇلۇللاھنى ئۆرنەك قىلسا ۋە تەلىماتلىرىنى ھاياتىغا تەتبىقلىسا، مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.




رەسۇلۇللاھ ئائىلىسى، ساھابىلىرى ۋە قول-قوشنىلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ باللىرىنى قانداق تەربىيەلىدى؟ قىيىن كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈپ، پاراغەتلىك كۈنلەردە قانداق ياشىدى؟ جەڭلەردە قانداق سابىت تۇردى؟ باشقىلارغا بىر نەرسە بەرسە قانداق شەكىلدە بېرەتتى؟ بەرمىسە قانداق شەكىلدە رەت قىلاتتى؟ ئاچچىقلانغان ۋە خۇشال بولغان ۋاقىتلىرى ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۈننەت ۋە بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۈلگىلىك ئىش-پائالىيەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

## سۈننەت

«سۈننەت - ئىسلامنىڭ رەسۇلۇللاھتا نامايان بولغان ئەمەلىي تەتبىقاتى ۋە ھايات كۆرۈنۈشىدۇر» دېگەن ئۇقۇمغا ئاساسەن، ئۆلىمالار

[1] سۈرە ھەشر 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۈننەتكە رەسۇلۇللاھنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى، قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرى، باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قارىتا بىلدۈرگەن (قوشۇلغان ياكى قوشۇلمىغان) ئىپادىلىرى[1] ۋە رەسۇلۇللاھ ئۆزىدە شەكىللەندۈرگەن سۈپەتلەر (ئەخلاق-مىجەزلىرى) دەپ تەبىر بەرگەن.

مەلۇم ئىشلار رەسۇلۇللاھنىڭ «سۆزى» ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بىزگە سۆز ئارقىلىق قالدۇرغان سۈننىتى ھېسابلىنىدۇ. سانىسىزلىغان ھەدىسلەر بۇنىڭ مىساللىرى بولالايدۇ.

مەلۇم ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىۋاستە قىلىشى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، بۇ ئىش-ھەرىكەتتى ئارقىلىق قالدۇرغان سۈننىتى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ كۆرۈشكەن ۋاقىتتا، باشقىلار قولىنى تارتمىغۇچە قولىنى تارتمايتتى. رامىزان كەلسە ئەڭ سېخىي، ئەڭ مەرت بولۇپ كېتەتتى.

بىر ئادەم بىر سۆزنى قىلغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ جىم تۇرغانلىقىنىڭ ئۆزى شۇ ئادەمنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغانلىقى بولۇپ، بۇمۇ سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆز توغرا بولمىغان بولسا، رەسۇلۇللاھ جىم تۇرمايتتى. مەسىلەن: «ئەبۇ ساھىب» ئىسىملىك بىر ساھابە ۋاپات تېپىپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ۋاقىتتا، ئايالى پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ: «ئەي ئەبۇ ساھىب! ساڭا ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن. ئاللاھنىڭ سېنى ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سۈكۈت قىلماستىن: «ئاللاھنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلەپ جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ مەن

[1] قوشۇلسا شۇ ئىشنىڭ توغرىلىقى، قوشۇلمىسا چەكلەنگەن ئىش ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

پەيغەمبەر تۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ نېمە بولۇشۇمنى بىلمەيمەن. سەن بۇنىڭ ئاخىرەتتە نېمە بولۇشىغا ھۆكۈم قىلىشنى نەدىن تاپتىڭ؟»[1] دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالنىڭ مۇسىبەت ئىچىدە ئىكەنلىكىگە قارىماستىن، خاتا سۆزنى ئىنكار قىلدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھنىڭ مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەت ياكى سۆزنى ئىنكار قىلغانلىقى، بۇ ئىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، سۈكۈت قىلغىنى شۇ سۆزنى تەستىقلىغىنى بولىدۇ-دە، ئۇنى قىلىش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى مىسالدىن كەلگۈسىگە قارىتا كېسىپ ھۆكۈم قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ بەندىچىلىك ئەخلاقلىرىنىڭ بىرىدۇر. كەلگۈسىگە كەسكىن ھۆكۈم قىلىش، ئاللاھ بىلەن ئارىمىزدىكى ئەدەبكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز باشقىلارغا باھا بەرگەندە: «مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن! ئاللاھ ئۇ كىشىنى مۇنداق قىلىپ بەرگەي!» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىمىز كېرەك. ئەكسىچە كېسىپلا: «ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ دېگەن دوزىخىي» دېيىشىمىز، بەندىچىلىك ئەخلاقىغا زىتتۇر. بۇ نۇقتىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنىڭ بىزگە نىسبەتەن ئەگىشىشكە تېگىشلىك سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ﴾[2] «سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» دېگەن. بۇ ئايەتتىن «رەسۇلۇللاھ سىلەرنىڭ بۈيۈك ئۈلگەڭلار، ھايات ماياكىڭلار، ئۇنىڭغا ئەگىشىسىلەر ۋە ھاياتىڭلارنى شۇنىڭغا قاراپ چىقىسىلەر» دېگەن مەزمۇن ئەكس ئېتىدۇ. تۆۋەندە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ بىز ئۈچۈن ئۈلگە ئىكەنلىكىگە بىر نەچچە مىسال ئالىمىز.

---

[1] رواه الحاكم عن أم العلاء الأنصارية

[2] سۈرە ئەھزاب 21-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ سورۇنىغا كىرىپ: «مۇھەممەد دېگەن قايسىڭلار؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دەل تاپتىڭ، مانا مەن!» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، ساھابىلەردىن بىرى رەسۇلۇللاھنى كۆرسىتىپ قويغان. دېمەك، رەسۇلۇللاھ باشقا ساھابىلەردىن شۇ دەرىجىدە پەرقسىز بولۇپ، ئولتۇرىدىغان مەخسۇس ئورنى ۋە ئالاھىدە بەلگىسى يوق ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەپەردە ساھابىلەر بىلەن بىر قوينى پىشۇرۇپ يېمەكچى بولغاندا، بىر ساھابە: «مەن بوغۇزلاي» دېدى، يەنە بىر ساھابە: «مەن سويۇپ پارچىلاي» دېدى. يەنە بىر ساھابە: «مەن پىشۇراي» دېدى. رەسۇلۇللاھ بولسا: «مەن ئوتۇن يىغىپ كېلەي» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز بولغاندىكىن بولدى ئەمەسمۇ!» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بارلىقىڭلارنى بىلىمەن. ئاللاھ بەندىنىڭ ئۆز ھەمراھلىرىدىن ئالاھىدە بولۇۋېلىشىنى يامان كۆرىدۇ» دېدى.

رەسۇلۇللاھ مىڭ ساھابە بىلەن يۈرۈشكە چىقتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاران 300 گە يېقىن تۆگىسى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۈچ ئادەم بىردىن تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنسۇن. مەن، ئەلى ۋە ئەبۇ لۇبابە ئۈچىمىز بىر تۆگىگە مىنىمىز» دېدى. ئۆزى قوشۇننىڭ قوماندانى، يېتەكچىسى تۇرۇپ، ئۆزىنى ئاددىي ئەسكەر بىلەن ئوخشاش بىر ئورۇندا قويدى. دەسلەپتە

رەسـۇلۇللاھ تـۆگـىگە مىنىـپ بـۇ ئىككىـيلەن پىيـادە ماڭـدى. مـىنىش نـۆۋىتى ئۇلارغـا كەلگەنـدە، ئـۇلار پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامغا يـالۋۇرۇپ: «ئـى رەسـۇلۇللاھ! سـىلى مىنىۋەرسـىلەر، بىـز پىيـادە ماڭسـاقمۇ بولىـدۇ» دېگەنـدە، رەسـۇلۇللاھ: «مەنـدىمۇ مـاڭغۇدەك كـۈچ ۋە ئاللاھنىـڭ ئەجـرىگە ئېرىشـىش ئىسـتىكى بـار. سـىلەر بـۇ ئـارقىلىق ئاللاھنىـڭ ئەجـرىگە ئېرىشـمەكچى بولسـاڭلار، بـۇ ئەجـىر مـاڭىمۇ لازىـم» دەپ جـاۋاب بەردى. بـۇ قەدەر ئادىللىق ۋە مېھرىبانلىق، رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدا بەك كۆپ ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش

رەسـۇلۇللاھ دۇنيـا-ئاخىرەتلىـك ئـۈلگىمىز بولـۇش سـۈپىتى بىـلەن، ئـۈممەت دۇچ كېلىـدىغان پۈتـۈن خـاپىلىق-مۇسـىبەتلەرنىڭ ھەممىسـىگە دۇچ كەلـگەن. بۇنىـڭ سـەۋەبى، ھايـاتلىق يـولىمىزدا دۇچ كەلـگەن شـۇ مۇسـىبەتلەرگە: «بـۇلار رەسـۇلۇللاھنىڭ بېشـىغىمۇ كەلـگەن، رەسـۇلۇللاھ ئۇنىڭغـا قارىتـا مۇنـداق قىلغـان ئىـدى» دەپ، رەسـۇلۇللاھنى ئـۈلگە تۇتـۇپ، يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ھەممىـگە قـادىر زات بولغـان ئـاللاھ تائـالا رەسـۇلۇللاھنىڭ خـالىغىنىنى دەرھـاللا قىلىـپ بېرەلەيتتـى. ئەممـا ئۇنـداق قىلسـا ئۈممىتىنىـڭ: «رەسـۇلۇللاھ دېـگەن پەيغەمـبەر بولغاچقـا، ئىشـلىرىنى ئـاللاھ قىلىـپ بەرگەن. بىزنىـڭ ئىشـلىرىمىز ئۇنـداق بولمايـدۇ» دېگەنـدەك باھـانىلىرى چىقىـپ قـالاتتى. شـۇنىڭ ئۈچـۈن رەسـۇلۇللاھتا نۇرغـۇن مـۆجىزىلەر يـۈز بەرگەن بولسـىمۇ، لـېكىن بېشـىغا كەلـگەن ئىشـلارنىڭ ئومـۇمىي تەرتىپـى ئىنسـانلىق خاراكتېرىـدىن ھالقىـپ كەتمـىگەن ئىـدى. رەسـۇلۇللاھ ئىنسـان دۇچ كېلىدىغان پۈتۈن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەسۇلۇللاھ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلۈكى ياكى تىرىكىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە 100 تۆگە بېرىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى (بۈگۈنكى پۇلغا سۇندۇرساق، بۇ بىر يېرىم مىليونچە پۇل بولىدۇ). بۇ مۇكاپات تاماسىدا سۇراقە بىن مالىك رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىگە چۈشۈپ يېتىشىۋالدى. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىمۇ قۇتۇلدۇرالمايۋاتقان مۇشۇنداق بىر ھالەتتە تۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى غەلىبىگە بولغان ئىشەنچى بىلەن ئۇنىڭغا: «ھەي سۇراقە!


پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاجىز ھالىتىدە سۇراقەگە كىسرانىڭ بىلەيزۈكىنى ۋەدە قىلغان ئىدى

كەلگۈسىدە كىسرانىڭ بىلەيزۈكىنى تاقىشىڭغا قانداق قارايسەن؟» دېگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگە كېلىپ، كىسرانىڭ بايلىقلىرى غەنىمەت ئېلىنغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سۇراقە قېنى؟» دەپ، ئۇنى چاقىرىپ ئەكېلىپ كىسرانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى بەردى ۋە: «قاراڭلار، بەنى تەمىمدىن بولغان بۇ ئەئرابىي كىسرانىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى تاقىدى» دېدى.

بۈگۈنكى پىكىر ۋە ئاخبارات ھۇجۇملىرى تەسىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچ تۈيغۇسى تۆۋەنلەپ: «بىز تۈگەشتۇق، ئەمدى ئىسلام دۇنياسى ۋە مۇسۇلمانلار ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. دۇنيا تەرەققىي قىلىپ بىر يەرگە كەتتى، دۈشمەنلەر بىزنىڭ نەچچە يۈز يىل ئالدىمىزدا» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ بىزنى ئەمەلىي مەغلۇپ بولۇشتىن ئىلگىرىلا مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى. رەسۇلۇللاھنىڭ سۇراقەگە دېگەن سۆزىدىن،

ئۆزىنىڭ مەدىنىگە ساق-سالامەت بارىدىغانلىقى، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ قوشۇن تەشكىللەيدىغانلىقى، دۇنيادىكى بۈيۈك كۈچ سانالغان پىرىسسىيە ئىمپېرىيەسى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، كىسرانىڭ قىممەتلىك زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئولجا ئالىدىغانلىقى قاتارلىقلارغا ئىشەنچىسى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.




ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا شۇ قەدەر ئىشەنچ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنچە چوڭ فەتھلەرنى قىلىشقا كۆزى يەتكەن ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇ قەدەر جاپالارنى تارتىپ، ھەر تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچرىشى، بىزگە نىسبەتەن قىيىنچىلىقلارنى قانداق يېڭىش، مۇشەققەتلەرگە قانداق بەرداشلىق بېرىش ۋە مۇسىبەتلەر ئۈستىدىن قانداق ئاتلاپ ئۆتۈشنى ئۆگىتىشتە ئۈلگە بولىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئىنساندا تېپىلىشقا تېگىشلىك پۈتۈن ئالاھىدىلىكلەر تېپىلىدۇ

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزى ھەققىدە: «مەن بىر ئىنسان» دېگەنلىكى، ئىنسانلىق سۈپىتىمىز بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ قىلالايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تىرىشساقلا رەسۇلۇللاھ ھاياتىدا ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققان ھەربىر ئىشنى، ئاللاھنىڭ تەۋپىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز، ئىنشائاللاھ!

www.uyghurkitap.com



رەسۇلۇللاھ پۈتۈن ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بىر زات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاللاھ ۋە مالائىكىلەر تەرىپىدىن ھەر ۋاقىت ياردەمگە ئېرىشىدىغان تۇرسىمۇ، قىيىنچىلىقلارنى مۆجىزىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلىغان شەكىلدە ھەل قىلغانلىقى، بىزنىڭمۇ شۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەنلىكتۇر.

رەسۇلۇللاھ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچىسى تۇرۇپ: «مەن ئاللاھ يولىدا شۇنچىلىك ئەزىيەتلەرنى چەكتىم، ھېچكىمگە بۇنداق ئەزىيەتلەر بېرىلمەس. ئاللاھ ئۈچۈن شۇنچىلىك قورقتۇم، ھېچكىم بۇنداق قورقماس. ئوتتۇز كۈن بويىچە، بىلالنىڭ قولتۇقى ئاستىدا ساقلاپ قالغان ئازغىنە يېمەكلىكى بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇق»[1] دېگەن سۆزلىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ نەقەدەر قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. دېمەك، دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، قورساق توق ۋە كىيىم پۈتۈن ھالەتتە روياپقا چىقمايدۇ. بىر مىللەتنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش، كېچە-كېچىلەپ كىرپىك قاقمىغاندا، قورساقنىڭ ئاچ قېلىشىغا پىسەنت قىلمىغاندا ئاندىن روياپقا چىقىدۇ. خەلقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان رەھبەرلەر خەلقىنىڭ كىيىمى پۈتۈن



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزىيەتلەرنىڭ ھەممە تۈرىگە ئۇچراپ باققان

[1] رواه الترمذي عن أنس بن مالك

بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى ياماپ كىيدۇ. مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئۈلگىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھ كەمبەغەللىكنىڭ دەردىنى شۇنچىلىك تارتقىنى بىلەن، باشقىلارغا ناھايىتى سېخىي ئىدى. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر جىلغا توشقىچە قويلارنى كۆردى. ئاندىن جىلغىدىكى قويلارنىڭ ھەممىنى ئۆزىگە بېرىشنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ ئادەم خۇشاللىقىدا ئۆزىنىڭ قەۋمىگە بېرىپ: «ئى قەۋم، مۇسۇلمان بولۇڭلار. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ قالماستىن بىر نەرسە بېرىدىكەن»[1] دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ساھابىلەر، ھېچقاچان كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورققان ئەمەس. چۈنكى ئىنسان ئاللاھقا تولۇق ئىشەنگەن ۋاقىتتا، كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقمايدۇ. يانچۇقى تۇوم ئادەم، پۇلغا ئىشىنىپ كەلگۈسىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. ئەگەر بەندە ئاللاھقا يانچۇقىدىكى پۇلغا ئىشەنگەنچىلىك ئىشەنسە ئىدى، كەمبەغەللىكتىن ھېچ قورقمىغان بولاتتى.

مۇشرىكلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن خەندەك كولىغان ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ كۆپ قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ھەتتا شۇ ۋاقىتتىكى مۇناپىق ياكى ئىمانى ئاجىز كىشىلەر: «مۇھەممەد، كىشىلەر ھاجەتكە خاتىرجەم بارالمايۋاتقاندا، قەيسەر بىلەن كىسرانىڭ دۆلەتلىرىنى فەتھە قىلىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ» دەپ مەسخىرە قىلىشتى. ئەينى ۋاقىتتا كىسرا ۋە قەيسەرنىڭ دۆلەتلىرىنى فەتھە قىلىش، خۇددى بۈگۈنكى ئامېرىكا بىلەن روسىيەنى فەتھە قىلىش

[1] رواه المسلم

www.uyghurkitap.com



دېگەندەك بىر گەپ ئىدى. رەسۇلۇللاھ شۇنچىلىك ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدىمۇ، يەنىلا بۈيۈك ئۈمىد-ئارزۇ بىلەن ياشىغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر مۇسىبەتلەرنىڭ بىرى، كىشىلەرنىڭ ئائىشە ئانىمىز ھەققىدە قىلغان سۆز-چۆچەكلىرىدۇر. ئىززەت-ئابرويى ۋە نام شەرىپى بولغان ئايالى ھەققىدە سۆز-چۆچەكلەرنى ئاڭلاش، ئەر كىشىگە ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ. بەزى كىشىلەر: «ئائىشە ئانىمىز پاك ئىدىغۇ! ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن رەسۇلۇللاھقا بۇ كۈننى كۆرسەتتىدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە، ئەگەر پەيغەمبەر ئۈممىتى مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا ئۈلگە بولۇشتۇر.

رەسۇلۇللاھ كەمبەغەللىكنىڭ دەردىنى تارتىش بىلەن بىرگە، كۆپ بايلىقلارنىمۇ كۆردى. مەككىنى فەتھە قىلىش بىلەن ئىززەت ۋە غەلىبىنىڭ تەمىنى تېتىدى. مەككە ئەھلىنىڭ رەسۇلۇللاھقا 20 يىل دۈشمەنلىك قىلغانلىقىغا قارىماستىن، مەككىگە تۆگىسىنىڭ ئېگىرىنىڭ ياغىچىغا پىشانىسى تېگىپ قالغۇدەك دەرىجىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كەمتەرلىك بىلەن كىردى.




بەزى كىشىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى ۋە سۈننەت ئاتالغۇسىنى نەزەرىيەۋى چۈشەنچە بىلەن دەرىجىگە ئايرىپ: «رەسۇلۇللاھنىڭ

سۈننىتىنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايە» دەپ، ئۇنىڭغا سەل قارايدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئۆزىنى تونۇپ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ياراتتى. لېكىن ئىنسان ئاللاھنى كۆز بىلەن كۆرەلمەيدۇ ۋە بىۋاسىتە ئالاقە قىلالمايدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ ئاللاھنى تونۇشى ئۈچۈن بىر يېتەكچىگە ئېھتىياجى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنى بىزگە يېتەكچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ھەق بىلەن سۆزلەتتى ۋە ھەق بىلەن ياشاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇغىنى ۋە توسقىنىمۇ ھەق، ئاچچىقلانغىنى ۋە خۇشال بولغىنىمۇ ھەق، رازى بولغىنى ۋە نارازىلىقىمۇ ھەقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر مۇسۇلمان رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىنىشى كېرەك.

### دىنىي تەتبىقلاش ئەمەل بىلەن بولىدۇ، «سەلبىي شەكىلدىكى ئەگىشىش» بىلەن ئەمەس

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى ھەربىر مۇسۇلماندا، پەرقسىز شەكىلدە پۈتۈنلەي تەتبىقلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلىماي تۇرۇپ: «دىنىمىز ئەڭ بۈيۈك دىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ سەييىدى، قۇرئان ئەڭ ئۇلۇغ كىتاب» دەپ، قانچىلىك پەخىرلىنىپ كەتسەكمۇ، كۆپ ئەھمىيىتى بولمايدۇ ۋە بۇ "إعجاب سلبي" «سەلبىي شەكىلدىكى ئەگىشىش» دېيىلىدۇ.




«سەلبىي شەكىلدىكى ئەگىشىش» - ئېغىزىمىز ۋە دەۋايىمىزدا ئەگىشىپ، ئەمەلىي ھاياتىمىزدا ئەگەشمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ خىل

www.uyghurkitap.com



كىشىلەرگە تەھدىد شەكلىدە: ﴿فَخَلَفَ مِن بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا﴾[1] «ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى. ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» دېگەن. ئايەتتە دىنىنىڭ ئاساسىي ئىبادەتلىرى بولغان ناماز ۋە باشقا تەلىماتلىرىنى زايە قىلىپ، ئۆز خاھىشىغا ئەگەشكەنلەر دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

### باشقىلارنى دەۋەت قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزى ئۈلگە بولۇش

جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن دەۋەتچى ئۆلىما، زىيالىي ۋە تەربىيەچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈلگىلىك رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپىتى ھەققىدە سورالغاندا: «ئۇنىڭ ھايات ئۇسلۇبى ۋە ياشاش شەكلى قۇرئان ئىدى»[2] دەپ جاۋاپ بەرگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىن، ئۇنىڭ «تىرىك قۇرئان» ئىكەنلىكىنى قانداق تونۇغان ۋە ھاياتىمىزغا قانداق تەتبىقلىغان بولساق، بىزمۇ باشقىلارغا ئۆزىمىزنىڭ «تىرىك قۇرئان» ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرەلەيدىغان شەكىلدە ياشىشىمىز كېرەك.



دەۋەت قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزى ئۈلگە بولۇش لازىم

[1] سۈرە مەريەم 59-ئايەت
[2] رواه البخاري

كىشىلەر قۇلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆزى بىلەن ئۆگىنىدىغان بولغاچقا، بۇ دىنىدىن پەقەت «مېڭىۋاتقان تىرىك قۇرئان»نى كۆرگىنىدىلا ئاندىن تەسىرلىنىدۇ. يەنى، سۆزلىسە راست سۆزلەيدىغان، مۇئامىلىدە ئىشەنچلىك، قىزىقىش ۋە ھەۋەسلىرىدە ئىپپەتلىك بولغان مۇئمىن، باشقىلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ.

بۇ ھەقتە لوندوندا يۈز بەرگەن ھەقىقى بىر ۋەقەلىك بار. بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى، مەسچىتكە كوچا ئاپتوبۇسىدا بېرىپ كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇ بېلەت ئۈچۈن پۈتۈن پۇل بەرگىنىدە، شوپۇر قالدۇقىنى قايتۇرۇپ بەرگەن. ئىمام ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ پۇلنى سانىغاندا، مەلۇم مىقداردىكى پۇل ئارتۇق چىققان. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىدا «ئاپتوبۇس شىركىتى نەچچە مىليارد مەبلىغى بار چوڭ شىركەت تۇرسا، بۇنچىلىك پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمىگەنگە نېمە بولاتتى» دېگەن پىكىر بىلەن «سەن دېگەن بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى، بىر تىيىن چاغلىق پۇل بولسىمۇ كىشىنىڭ ھەققى، بۇنى قايتۇرۇپ بېرىشىڭ كېرەك» دېگەن ئىككى خىل ئىدىيە كۈرەش قىلىشقا باشلىغان. ئاخىرىدا ئىمام شوپۇرغا ئارتۇق قىسمىنى قايتۇرۇپ بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا شوپۇر ئىمامنىڭ چىرايىغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن. بۇ كۈلۈمسىرەش ئىمامنى سەل جىددىيلەشتۈرۈپ قويغان ۋە «مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، شوپۇردىن نېمە ئۈچۈن كۈلۈمسىرەيدىغانلىقى ھەققىدە سورىغاندا، شوپۇر: «سەن مەسچىتنىڭ ئىمامىغۇ؟» دەپ سورىغان ۋە: «ئىككى كۈندىن بېرى، سېنى يوقلاپ مەسچىتىڭگە بېرىپ، ئىسلام ھەققىدە تەلىمات ئېلىپ، ئەگەر قانائەت تېپىپ قالسام مۇسۇلمان بولۇش ئويىغا كەلگەن. ئەمما قېشىڭغا بېرىشتىن ئىلگىرى سېنى سىناپ باقاي دەپ ئويلۇدۇم» دېگەن. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىمامنىڭ كاللىسى پىرقىراپ ئۆزىنى يوقاتقان. ئاندىن: «ئى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاللاھ! مەن ئىسلامنى ئىككى-تۆت تال تەڭگىگە سېتىۋەتكىلى تاس قاپتىمەن ئەمەسمۇ!» دېگەن.

كۈنىمىزدە ئىشنى يۇرۇشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى پەش قىلىپ، ھەرخىل قەسەملەر ئىچىزىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، رەسمىي مەسئۇلىيەت يۈكلىنىدىغان چاغدا، قىلغان مۇسۇلمانلىق دەۋاسى ۋە قەسەملىرىنى ئۇنتۇپ، دىنىنى سېتىۋېتىدىغان «ساختا مۇسۇلمانلار» كۆپەيمەكتە. شۇڭا ئۆلىما ۋە دەۋەتچىلەردىن تارتىپ، ئادەتتىكى بىر مۇسۇلمانغىچە، ھەربىر كىشى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى ئەتراپىمىزدىكىلەر گېپىمىزگە ئەمەس، قىلغان ئەمەلىيىتىمىزگە قارايدۇ. مۇسۇلمانلاردا قۇرئاننىڭ تەلىماتلىرى ئەمەلىي نامايان بولغاندا، ئاندىن ئىسلام باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە باشقىلارمۇ بۇ دىنغا ئەگىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى رەسۇلۇللاھقا ئەگەشكەن، ھايات پرىنسىپىنى ئۆزىنىڭ ھايات پرىنسىپى قىلىپ تەتبىقلايدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن ۋە بىزنى باشقىلارغا ئۈلگە بولغۇدەك مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىخلاس

**﴿قُلْ إِنِّي أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ اللَّهَ مُخْلِصًا لَهُ الدِّينَ﴾[1] «(ئى مۇھەممەد) ئېيتقىنكى، مەن دىنىنى (شېرىك ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم».**




ئىخلاس - ھەرقانداق ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش دېمەكتۇر. دىنىمىزنىڭ كۆرسەتكەن پرىنسىپى بويىچە، مۇئمىن قىلغان ھەرقانداق ئىش، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تۆۋەندىكى ئىككى شەرت ئاساسىدا قوبۇل قىلىنىدۇ.

بىرىنچى: ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس بولۇش.

ئىككىنچى: دىنىنىڭ تەلىمات ۋە قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىش.

ئايەتتىكى ﴿أَعْبُدَ اللَّهَ﴾ «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش» دېگەن سۆز، ئىختىيارىي شەكىلدە بويسۇنۇش ۋە مۇھەببەت ئاساسىدا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت ئىككى شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھنى قەلبىمىزدە سۆيۈپ تۇرۇپ ئىختىيارىي ھالدا بويسۇنغاندا، ئىبادەت شەكىللىنىدۇ. ئەگەر

[1] سۈرە زۇمەر 11-ئايەت

بويسۇنسىمۇ قەلب راھەت بولماسلىق ياكى مەجبۇرلىنىش سەۋەبىدىن بويسۇنۇش، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىبادەت سانالمايدۇ. جەزمىي شەكىلدە تونۇش ۋە بىلىش قەلبىمىزدىن سۆيۈپ، ۋۇجۇدىمىزدىن چىقىرىپ تۇرۇپ ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر.

ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان «ئىبادەت»، ئويلىغىنىمىزدەك چەكلىك دائىرىدىكى ئىبادەت چۈشەنچىسى بولماستىن، بەلكى ئىنسانىنىڭ ھەربىر ھالىتى ۋە ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەت ئىپادىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىبادەت چوقۇم ﴿مُخْلِصًا لَّهُ الدِّينَ﴾ «(شېرىك ۋە رىيادىن) ساپ ھالدا» بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىبادەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى «ئىخلاس»تۇر.



ئاللاھ تائالا: ﴿وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ﴾[1] «سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن» دېگەن. دېمەك، قىلغان ھەربىر ئىشىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىشىمىز كېرەك.

### مەخپىي ۋە ئاشكارا ئەمەللەردىكى ئىخلاسنىڭ ئالامىتى ئوخشاش

يالغۇز ھالىتىمىزدە قىلغان ئەمەلىمىز بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاش بىر ھالەتنى ساقلىسا، بۇ ئىشقا «ئىخلاس بىلەن قىلىنغان» دەپ باھا قويساق بولىدۇ.

[1] سۈرە نەمل 19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەزىلەر سىرتلاردا نامەھرەملەرگە قارىماستىن ناھايىتى تەقۋا سۈپەت تۇرغان بىلەن، يالغۇز قالغاندا ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، تېلېۋىزور ۋە ئىنتېرنېتتىن نامەھرەملەرنى كۆرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى سادىر قىلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئاۋات كوچىدا ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا نامەھرەمدىن يىغالىغان كۆزنى، يالغۇز قالغاندىمۇ يىغالىسا، بۇ كىشىدە ئىخلاس روياپقا چىققان بولىدۇ.




ئەگەر بۇ كىشىنىڭ قەلبىدە ئاللاھقا نىسبەتەن تۇغرا تونۇش بولۇپ، ئاللاھقا ھېچقانداق ئىشنىڭ مەخپىي قالمايدىغانلىقى ۋە قاپقاراڭغۇ كېچىدە قارا تاشنىڭ ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى بىلەلەيدىغانلىقى، شۇنداقلا بەندىنىڭ كۆزلىرى كۆرگەن ھەر نەرسە ۋە قەلبى ئويلاۋاتقان ھەر ئوي-خىياللىرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، كۆزنى نامەھرەمدىن يىغقان بولاتتى.

نامەھرەملەردىن كۆزنى يىغىش، ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەت بىلەن ياخشى ئىشلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش ۋە قىلىپ سالغان گۇناھتىن قول ئۈزۈپ تەۋبە قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەرگە ئىخلاس قوشۇلغاندا، ئاندىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى مەقبۇل ئەمەلگە ئايلىنىدۇ.

بىر كىشى «باشقىلار مىنى ئالىم دېسۇن» دەيدىغان نىيەت بىلەن تىرىشىپ ئوقۇپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرسە، «قەھرىمان، باتۇر

دېسۇن» دېگەن نىيەت بىلەن جىهادلاردا باھادىرلىق كۆرسەتسە، «سېخىي دېسۇن» دېگەن نىيەت بىلەن ئىقتىساد سەرپ قىلىپ ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئىخلاسى بولمىغانلىقتىن ھېچقانداق ئەجىرگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى قىلىۋاتقان ئىشلىرىدا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن، ئاللاھتىن مۇكاپات كۈتۈش ئەخمىقانىلىقتۇر.

بەزى كىشىلەر: «بىر قىسىم دىنسىزلار چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ياخشى ئىشلارنى قىلسا، بەزى مۇسۇلمانلار ئىشىنى رىيا بىلەن قىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئەجىر بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان ئەمەلنى نېمە مەقسەتتە قىلغان بولسا، شۇ نەتىجىگە يېتىدۇ.

بىر قىسىم ئۇستاز، دەۋەتچى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلاردا، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بالىلىرىغا تۈزۈك كۆڭۈل بۆلمىسىمۇ، ئىقتىسادلىق ياكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەشكە قاتتىق كۈچەيدىغان، باي ياكى ھوقۇقدارلار سورۇنىدا كۈچەپ دەۋەت قىلغان كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۈرىدىغان، ئەمما ياخشى يولغا يېتەكلىنىشكە ئېھتىياجلىق ئادەتتىكى كىشىلەر دەۋەتتىن قۇرۇق




قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇنىڭ ھەممىسى ئىخلاسقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. دېمەك، قىلغان ئىش كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ئۆزگەرمىسە، يالغۇز قالغان ۋە باشقىلارنىڭ قېشىدىكى ھالەت بىر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولسا، ئاندىن ئىخلاس شەكىللەنگەن بولىدۇ.

### مۇئمىننىڭ ئادىتى ئىبادەت، مۇناپىقنىڭ ئىبادىتى گۇناھ

ئىنسان دۇنياغا پەقەت ئىبادەت ئۈچۈنلا يارىتىلغان. لېكىن مۇئمىن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى ئىبادەت ئۇقۇمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادىتى ياكى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، مۇئمىن ئادەتتىكى ئىشلىرىنىمۇ ئىخلاسى ۋە ياخشى نىيىتى بىلەن ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. مۇناپىق شەكلىي ئىبادەتلەرنى قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىر ئالالماستىن، بەلكى گۇناھكار بولىدۇ.

ئىخلاس ۋە ياخشى نىيەت بىلەن ئادەتتىكى ئىشلىرىمىزنىمۇ ئەمەل-ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايمىز. مەسىلەن: ئائىلە بالا-چاقىلىرىمىزنى ئېلىپ دالا سەيلىسىگە چىقتۇق. بىز پەقەت كاۋاپ يەپ، ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن چىقساق، كۆڭۈل ئېچىپ كىرگەن بولىمىز. ئەمما بۇ ئارقىلىق «ئەر-ئايال ئوتتۇرىدىكى مېھىر-مۇھەببەت كۈچەيسۇن، ئائىلىمىز ئىللىقلىققا تولسۇن، كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ ساھىبلىرى بولغان باللىرىم ياخشى تەربىيەلەنسۇن» دېگەننى نىيەت قىلساق، دالا تاماقىغا چىقىشتىن ئىبارەت ئاددىي ئىشلارمۇ ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَا يَطَئُونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَّيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُم بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ﴾[1] «كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ» دېگەن. ئەگەر جىھاد قىلىشتىكى مەقسىتىڭ ئاللاھنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش ۋە مەزلۇملارغا ياردەم بېرىش بولسا، جەڭدە غەلىبە قىل ياكى مەغلۇپ بول،

[1] سۈرە تەۋبە 120-ئايەت

نىيىتىنىڭ ساغلام، قىلغان ئەمەللىرىڭدە ئىخلاس بولغاچقا، ھەممىسى ياخشى ئەمەل قاتارىدا يېزىلىۋېرىدۇ. ئەكسىچە مۇناپىق گەرچە كۆرۈنۈشىدىن جىھاد قىلىۋاتقان ياكى كىشىلەرگە تەلىم-تەربىيە بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، قەلبىدە ئىخلاس بولمىغانلىقتىن، ساۋاب ئېلىشنىڭ ئورنىغا گۇناھكار بولىدۇ.

## نىيەت بىلەن ئىخلاسنىڭ مۇناسىۋىتى




نىيەتنىڭ دائىرىسى ئىخلاسنىڭكىدىن سەل كەڭرەك بولىدۇ. ھەتتا نىيەت بەزى ئەمەللەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. مەسىلەن: ئەتىگىنى سوھۇرلۇق يېيىش ئۈچۈن بامداتتىن ئىلگىرى قوپقان بولساق، بۇ بىر نىيەت بىلەن پۈتۈن كۈنىمىز ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ. ئەگەر سەھەر تۇرۇشتىكى نىيىتىمىز باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بولسا، شۇنىڭغا يارىشا ئەجىر بېرىلىدۇ. نىيەت بىلەن ئىخلاس ئايرىلماس بىر «تۇققانلار» بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئادەتتىكى ئىشلارمۇ ئىبادەتكە ئايلانغىنىدەك، ئىبادەتلەرمۇ جىنايەتكە ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿فَمَنِ اتَّبَعَ هُدَايَ فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشْقَىٰ﴾[1] «كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقىي بولمايدۇ» ۋە ﴿فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾[2] «يولۇمغا

[1] سۈرە تاھا 123-ئايەت

[2] سۈرە بەقەرەنىڭ 38-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ» دېگەن. چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ ئاللاھنىڭ يولىغا ئەگەشكەن كىشى، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقا قايغۇرمايدۇ ۋە كەلگۈسىدىن ئەنسىرىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق كىشىگە دۇنيا-ئاخىرەتتە قەتئىي خاپىلىق بولمايدۇ.

## ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش ۋە رىيادىن يىراق بولۇش

ئىبادەتنى «تاشقى شەكلى» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن قۇرئان كەرىمنىڭ مەنھەجى ۋە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولغىنى) ۋە «ئىچكى شەكلى» (ئىخلاس ۋە ياخشى نىيەت بىلەن بولغىنى) دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

رىيا: قەلبتىكى بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان تونۇشىنىڭ ئاجىز بولغانلىقىدۇر. ئەسلىدە ئىنسان ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇسا، قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشىنىڭ ئاللاھنىڭ دەپتىرىگە يېزىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئېلان قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈش ياكى ماختاشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوقلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ۋە ئاللاھقا بولغان تونۇشى ھەقىقىي ساغلام بولغان ئىنساندا رىيادىن ئىبارەت قەلب كېسەلى كۆرۈلمەيدۇ. نەتىجىدە،



تاشقى شەكلى ئاللاھ كۆرسەتكەن بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولغاندىن سىرت، ئىچكى ھالىتىمۇ ئاللاھقا خالىس بولىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ ھالەتكە كېلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئاساسىي سەۋەب، ئاللاھنىڭ جەننىتىنى ئۈمىد قىلىش ۋە دوزىخىدىن قورقۇشتۇر.

بەزى قېرىنداشلىرىمىز: «مەن تەقۋالىق بىلەن چىن ئىخلاسنى يېتىلدۈرەلمىدىم، ئۇنى قانداق قىلسام يېتىلدۈرەلەيمەن» دەپ سورايدۇ. بىر ئادەم ياخشى دوختۇر بولۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، ئالىي مەكتەپتە ئالتە-يەتتە يىل ئوقۇشى ۋە يۇقىرى ئۇنۋانلارغا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، پىراكتىكا ئۈچۈن بىر مۇنچە ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزۈشى لازىم. دېمەك، بىر ئادەم ئۆزىنى مەلۇم بىر ساھەدە يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ قەدەر جەريانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھەر تۈرلۈك جاپالارنى تارتىدۇ ۋە ئاخىرىدا نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدەك ئىخلاسمۇ ئاسانلا قولغا كېلىپ قالىدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكى ئۇ ئەقلىي، جىسمانىي، روھىي ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھاسىلاتى بولۇپ، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلىك تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

ئىنساندا بەزى ئىنتىلىشلارنىڭ بولۇشى ۋە باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ياقتۇرۇشى تەبىئىي ئەھۋال. كىشى ئۆزىدە ئاشۇنداق ئەھۋالنى ھېس قىلغان تەقدىردە، ئىشنى قولىدىن كەلگەنچە ياخشى قىلىپ، باشقا غەيرى خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىششى كېرەك. بۇ خىل نۇرغۇن قېتىملىق تاۋلىنىش ۋە چېنىقىش ئارقىلىق، ئۇ كىشى ئىخلاسقا قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلىشالايدۇ. تۇنجى قېتىملىق ياخشى ئىشىمىزنى قىلغاندا، ئىچ-ئىچىمىزدىن سۆيۈنۈپ، باشقىلارغا دېگىمىز كېلىشى مۇمكىن. بۇ خۇددى ئۆزىمىزدە بىر ئاز ئىخلاس كەمدەك تۇيغۇغا ئەكېلىپ قويىدۇ. شۇڭا ياخشى ئەمەللەرنى تەكرار كۆپ قىلىش ئارقىلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ باھاسىنى ئۈمىد قىلمايدىغان ھالەتكە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

«قۇرئاننى ئۇنتۇپ قالسام گۇناھ بولىدىكەن دەپ يادلىمىدىم، رىيا قىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ بۇ ئىشنى قىلمىدىم» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن، بەزى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغان قېرىنداشلىرىمىز بار. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئەمەل-ئىبادەت ۋە قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى تاشلاش، ياشاش پرىنسىپىغا قەتئىي ئۇيغۇن ئەمەس. ئەگەر قەلبىمىزگە ھەرخىل ۋەسۋەسە كېلىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبچىسى بولغان شەيتاننى قەلبتىن قوغلاش ئارقىلىق ئىخلاسنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.




كىچىكىمىزدىن تارتىپ ھالال-ھارام، ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئۆگەندۇق. لېكىن بىزگە ئەڭ ئاز چۈشەندۈرۈلگىنى «ئىبادەتكە بۇيرىغىنى كىم؟ ئۇ قانداق زات؟ ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى نېمە؟» دېگەنلەر ھەققىدىكى تەلىماتلار بولدى. بۇ بىزدىكى چوڭ مۇسىبەت ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىغانلىقىمىز سەۋەبىدىن، ئەمەللىرىمىزگە ئانچە-مۇنچە رىيا ۋە باشقا مەقسەتلەر ئارىلىشىۋالماقتا. ئەگەر بىز قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ بۇيرىغۇچىسى بولغان رەببىمىزنىڭ بۈيۈكلىكىنى، بىزنى ساقلاپ تۇرغان مۇكاپاتنىڭ كاتتىلىقى

ۋە جازانىڭ دەھشىتىنى بىلگىنىمىزدە، بىزدىن رىيا ۋە باشقا نىيەتلەر يوقاپ، پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولغان چىن ئىخلاس پەيدا بولىدۇ.

ئىخلاس ئاسانلىقچە يەتكىلى بولمايدىغان يۈكسەك بىر ئۇقۇم. چۈنكى ئىنساننىڭ قىلغان ئەمىلىدە ئىخلاس بولمىسا، قوبۇل بولمايدۇ. ئۇنداقتا مۇئمىن ئىخلاسنى قانداق يېتىلدۈرىدۇ؟

بىرىنچىدىن: شۇ ياخشى ئەمەلنى تەكرار قىلىپ داۋاملاشتۇرغاندا، ئىنساندىكى رىيا تۇيغۇسى يوقۇلۇپ، قەلبتە ئىخلاس يېتىلىشكە باشلايدۇ.

ئىككىنچىدىن: قىلىۋاتقان ئەمەللىرىنى چوڭ سانىماي، تېخىمۇ بۈيۈك ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشقاندا، باشقىلارنىڭ مەدھىيەلىشى ياكى تەرىپلىشىنى ئارزۇ قىلمايدىغان ھالەتكە كېلىپ، ئىخلاس شەكىللىنىدۇ.

### ئىخلاسنىڭ مۇكاپاتى

ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلغان ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى، ئىككى جەننەت بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ جَنَّتَانِ﴾[1] «پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار» دېگەن.




بىر قىسىم ئۆلىمالار: «بۇ ئىككى جەننەتنىڭ بىرى دۇنيادا، يەنە بىرى ئاخىرەتتە» دەپ قارىغان. دۇنيادىكى جەننەت، روھىي

[1] سۈرە رەھمان46-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىقىلىشىنىڭ يوقىلىپ، قەلبىنىڭ دېڭىزدەك كەڭرى، ئازادە ۋە راھەت تۇيغۇغا ئىگە بولۇشىدۇر. بۈيۈك ئۆلىمالاردىن بىرى: «ئەگەر مەن يۇرتۇمدىن ھەيدەلسەم، بۇ ماڭا نىسبەتەن ساياھەت، زىندانغا تاشلانسام بىر خىلۋەت (ئاللاھ بىلەن يالغۇز قېلىش پۇرسىتىم)، ئۆلتۈرۈلسەم شېھىت» دېيىش ئارقىلىق، ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇپ، ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى جەننىتىگە ئېرىشكەن كىشىنىڭ قانداقلىقىنى سۈپەتلەپ بەرگەن.

مۇسۇلماننىڭ نىجات تېپىشى ئۈچۈن «ياخشى ئەمەل ۋە ئىخلاس»تىن ئىبارەت ئىككى ئىش كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل بولۇپ ئىخلاس بولمىسا، ياكى ئىخلاس بولۇپ ئەمەل بولمىسا، نىجات تېپىشىمىزغا يېتەرلىك بولمايدۇ. بۇ خۇددى ئۆيدىكى گاز ئوچاق بىلەن گاز باكىغا ئوخشايدۇ. ئوچاق بولۇپ، باك بولمىسا مەقسەت ھاسىل بولمىغىنىدەك، باك بولۇپ ئوچاق بولمىسىمۇ مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ. دېمەك، نىجاتلىقىمىز ئۈچۈن ئىككىلىسى ئەڭ مۇھىم بولغان ئامىللاردۇر.

ئىخلاس ھەقىقىي تۈستە شەكىللەنگەندە، ئىنساندا ئاللاھنى ھەر دائىم ئۆزى بىلەن بىللە دېگەن بىر تۇيغۇ ۋە ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىخلاسنىڭ ئىماندىكى ئەڭ يۈكسەك تەرىپى. ئاللاھ تائالا ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىدىغان مۆئمىنلەر بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: ﴿وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ﴾ «ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە» ۋە ﴿وَأَنَّ اللَّهَ



مَعَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر» دېگەن.

ئاللاھ تائالا ھەممىڭلەنگە ئىخلاس ئاتا قىلسۇن! ئىخلاس بىلەن بىرگە سالىھ ئەمەللەرنى قىلالايدىغان جۈرئەت ۋە شارائىت ئاتا قىلسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قانائەت

ئىنساندا ھاياتنىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىتىگە بولغان چوڭقۇر مەلۇمات پەيدا بولغاندا، ئاندىن قانائەت ھاسىل بولىدۇ. يەنى، ئىنسان ئۆزىنىڭ پەقەت دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك نېئمەت بولغان جەننەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلسە ۋە دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئورۇنداپ، ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ، دۇنيانى ئاخىرەتكە يېتىش ئۈچۈن باسىدىغان «قىسقىغىنە مۇساپە» دەپ تونۇسا، دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ توغرا تونۇشىغا ئېرىشكەن بولىدۇ ۋە بۇنىڭدىن قانائەت شەكىللىنىدۇ.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ: «ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراڭلار! چۈنكى سىلەرنى دۇنيادا كۈتۈۋالىدىغان نەرسە پەقەت يولدىن چىقىرىۋېتىدىغان بايلىق، ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ئۆزىگە مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان كەمبەغەللىك، دۇنيا-ئاخىرەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدىغان كېسەللىك، بىر ئورۇندىلا باغلاپ قويىدىغان قېرىلىق، تۇيۇقسىز ئۆلۈم، دەججال ياكى قىيامەت

بولىدۇ. دەججال پىتنىسى بولارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامان پىتنە، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ يامان بولغىنى قىيامەتنىڭ ئەھۋالىدۇر»[1] دېگەن.

ھەممە ئىشىمىز كۆڭۈلدىكىدەك كېتىۋاتقان، بەدىنىمىز ساغلام ۋە ئائىلىمىز خاتىرجەم ۋاقىتتا، دۇنيا ئاياغلاشماس بىر ۋاقىتتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۈچلۈكنىڭ كۈچى، ئاجىزنىڭ چارەسىزلىكى، گۈزەلنىڭ ھۆسنى، سەتنىڭ چىرايى، ئالىمنىڭ ئىلمى، بىلىمسىزنىڭ نادانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈم بىلەن تۈگەيدۇ. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە دۇنيانىڭ ھېچ ۋەزنى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئەگەر دۇنيانىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىك ۋەزنى بولسا ئىدى، كاپىرغا بىر يۇتۇممۇ سۇ بەرمەيتتى»[2] دېگەن.




ئىنساننىڭ دۇنيادىن ھۇزۇرلىنالايدىغان ۋاقتى ھاياتىنىڭ 1/3 قىسمىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. بىر ۋاقىتلىرى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغان كىچىك، يەنە بىر ۋاقىتلىرى قېرىپ قۇۋۋىتىدىن قالغان، يەنە بىر قىسىم ۋاقىتلىرى ئوقۇش، ئىشلەش ۋە تىرىكچىلىك ئالدىراشلىقى بىلەن ئۆتىدۇ. ئەگەر دۇنيا ئىنساننىڭ بارلىقى بولۇپ قالغىنىدا، قانائەت يوقىلىپ، ھايات ئىنتايىن جاپا-مۇشەققەتلىك تۇيۇلىدۇ.

1 الترمزي عن أبي هريرة

2 رواه مسلم وأبو داود عن جابر بن عبد الله

www.uyghurkitap.com



## «قانائەت» - ئىماندىن كېيىنكى ئەڭ بۈيۈك نېئمەتتۇر




رەسۇلۇللاھ قانائەت ھەققىدە: «بىر ئادەم مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا يېتەرلىك رىزىق بەرسە ۋە ئۇ ئادەم شۇ رىزىققا قانائەت قىلسا، نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ»[1] دېگەن. يەنى، ئىماندىن نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ بىرىنچى نېئمەتى بولسا، قانائەت ئۇنىڭ ئارقىدىلا تۇرىدۇ.

"اللهم من أحبني فاجعل رزقه قوتا_كفافا"[2] «ئى ئاللاھ، كىم مېنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا رىزقىنى يېتەرلىك قىلىپ بەرسىلە! (يەنى، قانائەت قىلىدىغان شەكىلدە قىلىپ بەرسىلە)» دېگەن ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان"كَفاف" «بىرسىگە موھتاج بولۇپ قالمايدۇ ياكى دۇنيادىن خۇدىنى يوقىتىپمۇ قويمايدۇ» دېگەن مەنىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەنلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ بىر شەكلىدۇر.

ئىنساننىڭ ھاياتى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئائىلىسى، قولغا كەلتۈرگەن دۇنياۋى ئۇتۇقلىرى، دوست-يارەنلىرى ۋە بايلىقلىرى سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىق بولۇپ، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتى

---

[1] رواه مسلم و الترمذي عن عبد الله بن عمرو

[2] متفق عليه عن أبي هريرة

توختىغان ھامان ھەممە تۈگەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى ياخشى چۈشەنگەن




ۋاقىتتا، ئۆلسەكلا تۈگەيدىغان بۇ دۇنياغا، ئۆزىمىزنىڭ پۈتۈن نىشان ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنىڭ ھەممىنى باغلاشنىڭ ئاجايىپ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئىنسان ئۆزىنىڭ يەنە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىك بىلەن بىرگە، ئۆلسىلا ھەممە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. كاپالەتكە ئىگە بولمىغان مۇشۇنداق ئىشەنچسىز بىر دۇنياغا پۈتۈن ئارزۇ-ئىستىكىمىزنى باغلاشتىنمۇ ئەخمەقانە ئىش بولمىسا كېرەك. شۇڭا ئىنسان دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە قانائەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

**خاتىرجەم تاڭ ئاتقۇزغان كىشى، پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشكەن ھېسابلىنىدۇ**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر ئادەم تېنى ساغلام، كۆڭلى خاتىرجەم، شۇ كۈنلۈككە يەتكۈدەك ئوزۇق-تۈلۈكى بار ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزغان بولسا، پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشكەن بولىدۇ»[1] دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئويغانغان ۋاقىتتا: "الحمد لله الذي أمدّ لي في عمري وعافاني في بدني وأذن لي بذكره"[2] «ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئۆمرۈمنى

1 رواه الترمذي عن عبيد الله بن المحصن

2 رواه أحمد وصححه الألباني

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






ئۇزۇن قىلدى، بەدىنىمنى سالامەت قىلدى ۋە ماڭا ئۆزىنى ئەسلەشكە رۇخسەت قىلدى» دېگەن دۇئانى قىلاتتى. «ماڭا ئۆزىنى ئەسلەشكە رۇخسەت قىلدى» دېگەنلىك، «ئاللاھ ماڭا يېڭى بىر كۈن ياشاشقا رۇخسەت بەردى» دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ئىنساندا قانچىلىك ئىمكانىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەركۈندە ئېھتىياجلىق نەرسىدىن ئارتۇقنى ئىشلىتەلمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمنى 60 يىل ئۆمۈر كۆردى دېسەك، تەخمىنەن 22 مىڭ كۈن ياشايدۇ. سېنىڭ دۇنيادا ئېرىشىدىغىنىڭ پەقەت شۇ 22 مىڭ كۈندە ئېرىشكىنىڭ بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان ھەركۈنى ئىشلىتەلىگەن ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە قانائەت قىلىپ، شۈكۈر ئېيتىشى كېرەك.

## قانائەت بىلەن شۈكۈرنىڭ ئالاقىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خىتاب قىلىپ: «ئەبۇ ھۈرەيرە، قانائەتچان بول! شۇندىلا كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولىسەن»[1] دېگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزىدە قانائەت بىلەن شۈكۈرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرگەن. دېمەك، دۇنيادا كىم ئەڭ قانائەتچان بولسا، شۇ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] رواه إبن ماجه و البيهقي عن أبي هريرة بإسناد صحيح

## بايلارغا قاراپ كەمبەغەللىكتىن غەمگە چۆكمەڭ!

ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشەنمەستىن، داۋاملىق ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرگە قارىغىنىدا، ھاياتى غەم، ھەسرەت ۋە ئۆزگە ئاچچىقلىنىش بىلەنلا ئۆتۈپ، قانائەتسىزلىك يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: پىيادە ئادەملەر ۋېلسىپىت مىنگەنلەرگە قاراپ ھەسرەتلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ۋېلسىپىت بەرگەندە، موتسىكلىت مىنگەنلەرگە قارايدۇ. ئاندىن ماشىنىسى بارلارغا قاراپ، تېخىمۇ ئىلغار ماشىنىلارغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. ئىنساننىڭ ئارزۇ-ھەۋىسى مۇشۇ شەكىلدە داۋام قىلىدۇ. ئىنسان ئەگەر نىشانىنى دۇنيا ھاياتىغا بۇ قەدەر قارىتىۋالسا، مەيلى قانداق نەرسە بېرىلسۇن، غەمدىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ئىنسانلارغا قاراش ئارقىلىق، نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن قانائەت قىلمايدۇ.




چوڭلىرىمىزدىن «سىڭگەن نېنىڭنى يە، ھالىڭغا شۈكۈر قىل» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولدۇق، ھەم بۇ گەپنى تىرىشماسلىق، ھورۇنلۇق ۋە سۆرەلمىلىككە دەستەك قىلىۋالدۇق. قانائەت قىلىش «نۆۋەتتىكى ئەھۋالغا رازى بولۇپ تىرىشماسلىق» دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە «ھاياتنى ۋە ھاياتتىكى ۋەزىپىنى توغرا تونۇپ، نۆۋەتتىكى شارائىتتىن قاقشىماي، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش» دېگەنلىكتۇر. قانچىلىك ئىمكانىيەت بولسا، شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ نۆۋەتتىكى ئىشنى ياخشى قىلىشنىڭ ئۆزى قانائەت ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئاللاھ تائالا: ﴿وَيُدْخِلُهُمُ الْجَنَّةَ عَرَّفَهَا لَهُمْ﴾[1] «ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ جەننەتنى ئۇلارغا تونۇتتى» دېگەن. ئايەتتە «ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تونۇتۇلغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، جەننەتنى بىزگە ئاللاھ تائالا قەيەردە تونۇتقان؟ بىر ئادەم ھاياتىدا جەننەت تۇيغۇسى ياشىماقچى بولسا، قانائەت بىلەن ياشىشى كېرەك. بۇ ئاخىرەتتە كىرىدىغان جەننىتىمىزنىڭ بىزگە ئالدىن بېرىلگەن تۇيغۇسىدۇر. ئۆزىگە بېرىلگەن پۈتۈن ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، قاقشىماستىن تىرىشىپ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان كىشى، بۇ دۇنيادىلا جەننەتنىڭ ھوزۇرىنى سۈرىدۇ.

كۈنىمىزدە مېدىيا ۋاستىلىرى ھاياتنى فىلىم شەكلىدە ئالاھىدە تەسۋىرلەپ، كىشىلىرىمىزدە يوق نەرسىگە ئىنتىلىدىغان، غايىۋى ياشاش ئۇسلۇبىنى ئۈمىد قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندۈردى. بۇ سەۋەبلىك كىشىلەردە سىقىلىش، ھەسرەتلىنىش، نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىدىن قاقشاش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بىز بېرىلگەن ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئاساسىي نىشانىمىز بولغان جەننەت ئۈچۈن تىرىشىشىمىز، شۇنداقلا ساختا مۇھەببەت ۋە تۇرمۇش فىلىملىرىنىڭ غايە-نىشانلىرىمىزنى بۇراپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

## قولغا كەلتۈرۈش بىلەن رىزىق ئارىسىدىكى پەرق

بىر ئادەمنىڭ دۇنيادىكى نېئمەتلەرگە ئېرىشكىنى بىلەن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئىككى ئىش. ئەرەبچىدە بۇنىڭ بىرى "الكَسْب" «ئېرىشكەن»، يەنە بىرى "الرزق" «پايدىلانغان» دېيىلىدۇ.

ئىنسان ئېرىشىش يولىدا قوللانغان ئۇسۇللىرىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىدىن سوئال-سوراققا تارتىلىدۇ. پايدىلىنىدىغان دائىرىسىنىڭ

[1] سۈرە مۇھەممەد 6-ئايەت



ئىنساننىڭ ئېرىشكىنى ئەمەس، پايدىلانغىنى رىزىقتۇر

ئىنتايىن تار بولۇشغا قارىماستىن، شۇنچە تىرىشىدۇ. پايدىلىنالىغىنى ئۆزىگە ھېساب، پايدىلىنالمىغىنى بولسا ھېساب بولمايدۇ. مال-مۈلۈك ۋە ئېرىشكەنلىرىمىز ئىچىدىن، پەقەت دۇنيادا ئىستېمال قىلغانلىرىمىز، كىيىپ كونىراتقىنىمىز، ياخشى يوللارغا سەرپ قىلىش ئارقىلىق سەدىقە جارىيە قىلىۋالغانلىرىمىزدىن باشقا ھەممىسى بىزگە تەۋە ئەمەس.

**ئازغا قانائەت قىلىشنى تىرىشماسلىقنىڭ باھانىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ**

قانائەت ۋە شۈكۈر قىلىشنى، «ئاز نەرسىگە رازى بولۇش ۋە تىرىشىشنى تاشلاش» دەپ، پاسسىپ ھالدا چۈشىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. مۇئمىن دۇنيادا بۈيۈك ھىممەتلىك ۋە ئارزۇ-ئارمانغا تولغان بولۇشى كېرەك. مۇئمىننىڭ پۇل تېپىشتىكى ئاساسىي مۇھىم نىشانى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. مۇئمىن ئىقتىسادلىق بولسا، ئۇنى ياخشى يوللارغا سەرپ قىلىدۇ، يېتىملەردىن خەۋەر ئالىدۇ، ئوقۇشسىز قالغانلارنى ئوقۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تۈرلۈك ياخشىلىقلارنى قىلالايدۇ.

مۇئمىن توغرا نىيەت بىلەنلا بولسا، ئىقتىساد تاپقىنىمۇ، يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكىنىمۇ ئىبادەت بولىدۇ. چۈنكى مۇئمىن ئىقتىسادى ۋە نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلالايدۇ. مۇئمىننىڭ

www.uyghurkitap.com






بىلىم ئالغىنىنىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەتتۇر. چۈنكى بىلىم ۋە ئىمكانىيەت ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ياخشى ئىش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا سۆيۈملۈك»[1] دېيىش ئارقىلىق، كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەنگە ئاساسىي نىشاننى ئاخىرەت قىلىپ، دۇنياغا نىسبەتەن قانائەت بىلەن قارايدىغان ۋە ھورۇنلۇقنى تاشلاپ، ئۆزلۈكسىز تىرىشىدىغان ھىممەت ئاتا قىلسۇن!

[1] رواه المسلم



www.uyghurkitap.com

# ۋاپا

**﴿وَمَنْ أَوْفَىٰ بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ﴾[1] «ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟».**

مۇئمىن بەرگەن بارلىق ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ ۋە كۆزىنى ھارامىلاردىن يىغىپ، ئۆزىنى پاك ساقلايدۇ، ئاللاھ بۇيرۇغان جايلاردا تۇرۇپ، توسقان جايلاردىن يىراقلىشىدۇ. مانا بۇ رەبىدىن قورققان، ئۆزىنى خاھىشلىرىغا ئەگىشىشتىن توسقان، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشقان ۋە ئاللاھنى يارانقۇچى دەپ تونۇپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن ئالغان مۇئمىنىنىڭ ئىمانىي ۋەدىسى ۋە ئەھدىسىگە قىلغان ۋاپاسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇئمىنىنىڭ ئىمانىي ۋەدىسىدە تۇرۇپ قىلغان ۋاپادارلىقىنىڭ قارشىلىقىدا، سان-ساناقسىز نېئمەتلىرى بىلەن «ۋاپا قىلىدۇ». بۇ ئەھدىگە ۋاپا قىلىشىنىڭ قارشىلىقىدىكى مۇكاپاتىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بىز: ﴿إِنَّكَ لا تُخْلِفُ الْمِيْعَادَ﴾[2]



ۋاپادارلىق پەيغەمبەر ۋە سالىھلارنىڭ بەلگىسىدۇر

[1] سۈرە تەۋبە 111-ئايەت

[2] سۈرە ئال ئىمران 193-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

«سەن ھەقىقەتەن ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايسەن» دېيىش ئارقىلىق، ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن بىرىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرىمىز.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى ۋە شەخسىيىتى قۇرئان كەرىمدە قىسسە سۈپىتىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلىشتا نەمۇنە ۋە ئۈلگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەمما نۆۋەتتە ئارىمىزدا پەيغەمبەر يوق ۋە بۇندىن كېيىنمۇ كەلمەيدۇ. بار بولغىنى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدا ماڭىدىغان ۋە كۆرسەتمىلىرىنى ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلايدىغان مۇئمىنلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن: «ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ۋە قىلغان گېپىدە تۇرۇش مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى» دېيەلەيمىز. چۈنكى مۇئمىن يالغان ئېيتمايدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ ۋە باشقىلارغا ھىيلە ئىشلەتمەيدۇ.




«مەن سىلەرنى ئۇنىڭدا شۈبھە بولمىغان روشەن ھەقىقەت ئۈستىدە قالدۇرۇپ قويدۇم. بۇنىڭدىن پەقەت تۈگەشكەنلەرلا ئېزىپ كېتىدۇ»[1] دېگەن ھەدىستە بايان قىلىنغان مەزمۇن بويىچە، مۇئمىنىنىڭ يولى شۇنچىلىك ئېنىق ۋە روشەندۇر. بۇ يولدىن پەقەت تۈگەشكەن ئادەملا چەتنەپ چىقىپ كېتىدۇ. مۇئمىنىنىڭ باشقىلارغا ھېچقانداق يامانلىقى يوق، ئېغىزىدىن چىققان سۆزىنىڭ ھەممىسى راست، قەلبى بىلەن

[1] رواه ابن ماجه عن العرباض

www.uyghurkitap.com



تىلىدىكى خۇددى كىچىك بالىنىڭ سەممىيتى ۋە پاكلىقىغا ئوخشاش چىندۇر.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ۋاپادارلىقى

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە، ۋاپادارلىقتىن باشقىنى كۆرەلمەيمىز. ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىدىن بىرى، نورمالدا ئايالى بالدۇر ۋاپات تېپىپ كەتكەن كىشى، قايتا نىكاھلانغاندا، بۇرۇنقى ئايالىنىڭ ياخشى گېپىنى كۆپ قىلمايدۇ. ئىككى ئاياللىق كىشى، بىر ئايالىغا يەنە بىر ئايالىنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىش بىلەن يىقىنلاشماقچى بولىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچە ئانىمىزنىڭ گېپىنى قىلغان ۋاقىتتا، ئائىشە ئانىمىز: «ئاللاھ ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشىنى (ئۆزىنى مەقسەت قىلماقچى) بەرمىدىمۇ؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ كېسىپلا: «ياق، بەرمىدى» دېگەن.




ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئون نەچچە ياشلىق كىچىك بىر قىز، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا، رەسۇلۇللاھ بىلەن توي قىلغاندا قىرىق ياشتىن ھالقىغان چوڭ ئايال بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ خەدىچە ئانىمىزغا ۋاپادارلىقنى ئىپادىلەپ، تەكرار-تەكرار: «كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ئىشەنمىگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئىشەندى. بېخىللىق قىلغان ۋاقىتتا بارلىقىنى ئاتىدى. ئىنكار قىلغان ۋاقىتتا، ماڭا ئىمان ئېيتتى» دېگەن. رەسۇلۇللاھ خەدىچە ئانىمىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى قەتئىي ئۇنۇتمىدى ۋە ياش

ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن يامان گېپىنى قىلىپ بەرمىدى ياكى ھېچ بولمىسا سۈكۈتتىمۇ تۇرمىدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدىگە ۋاپادارلىقى

رەسۇلۇللاھ ئەتراپتىكى دۈشمەنلەر بىلەن سۈلھى ۋە ئىتتىپاقلارنى تۈزگەندە، ئۇلارغا تولۇق ۋاپا قىلغان. چۈنكى قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھ ۋە بىزلەرگە: ﴿فَمَا اسْتَقَامُوا لَكُمْ فَاسْتَقِيمُوا لَهُمْ﴾[1] «ئەگەر ئۇلار ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار» دەپ تەلىم بەرگەن. بۇ مۇئمىنىنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش پىرىنسىپىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُم مِّن دِيَارِكُمْ أَن تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ﴾[2] «(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن ۋە ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ئالدىدا، رەسۇلۇللاھنى «ئۆلتۈرۈش قارارى» چىقىرىلغان ئىدى. بۇ ھالەتتە، رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ قېنىنى ھالاللىغان دۈشمەنلىرىنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئورنىدا قالدۇرۇپ قويىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمىنىگىمۇ ۋاپادارلىق قىلىپ، ئامانەتلىرىنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىنى خالىمىدى.

---

[1] سۈرە تەۋبە 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە مۇمتەھىنە 8-ئايەت

www.uyghurkitap.com



بۈگۈنكى تەسەۋۋۇرىمىزدا، بەلكىم بىز: «ئۇ دېگەن دۈشمەننىڭ مېلى بولغانلىكىن غەنىيمەت ھېسابلىنىدۇ» دەپلا ئېلىپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇنداق قىلمىدى. گەرچە دۈشمەننىڭ بولسىمۇ، ئۇ دېگەن يەنىلا ئامانەت ئىدى. ئامانەتكە ۋاپا قىلىش، ئىسلامدىكى بۈيۈك ئەخلاق ۋە ئاساسىي پرىنسىپلارنىڭ بىرى.




## مۇئمىن ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە خىيانەت قىلمايدۇ

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ: ﴿وَإِبْرَاهِيمَ الَّذِي وَفَّىٰ﴾[1] «ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى» دېگەن ۋە بۇنىڭ قارشىسىدا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلارنىڭ سۈپىتى ھەققىدە: ﴿وَمَا وَجَدْنَا لِأَكْثَرِهِم مِّنْ عَهْدٍ ۖ وَإِن وَجَدْنَا أَكْثَرَهُمْ لَفَاسِقِينَ﴾[2] «ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى بايقىمىدۇق، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ شەكسىز پاسىقلار (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانىدىن باش تارتقۇچىلار) ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق» دېگەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى، مۇۋەھھىدلەرنىڭ يولباشچىسى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا سۈپەتلىرىنى قويۇپ، پەقەت «ۋاپادار» دېگەن سۈپەتنى تىلغا ئالغان بولسا، قارشى تەرەپتە سۆزلىدىغان، ئەيىبلىنىدىغان كىشىلەرنى «ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان پاسىقلار» دېگەن.

---

[1] سۈرە نەجم 37-ئايەت
[2] سۈرە ئەئراف 102-ئايەت

ھاجىلار بەيتۇللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ، مىنا-ئەرافاتلاردا تۇرۇپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ۋە يېقىنلىششقا ۋەدە بېرىدۇ. لېكىن كۆپىنچە ھاجىلار ۋەتەنلىرىگە قايتقاندا، ئۆزىنىڭ ئەھدە ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي، بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى سۈپەتلەپ: ﴿الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَلَا يَنقُضُونَ الْمِيثَاقَ﴾[1] «ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەھدىگە (ئاللاھ تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ» دېگەن. بۇ ھەقىقىي راستچىل مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.




مۇئمىن بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتىغا تەتبىقلاش توختامى بار. ئەگەر مۇئمىن بۇ توختامغا ئەمەل قىلمىسا، مۇئمىنلىك خۇسۇسىيىتى يوقىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ۋەدىسىدە چىڭ تۇرغانلىقى ۋە تۈزگەن توختاملىرىغا رىئايە قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇئمىن ئاتالغان. مۇئمىن قاچانكى ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاللاھنىڭ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَوْفُوا بِالْعُقُودِ﴾[2] «ئى مۇئمىنلەر! ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇقىنى ئۆزىنىڭ ھاياتىغا تەتبىقلىغان ۋاقتىدىلا، ئاندىن ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا ۋە ئۇلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدە-توختاملارغا رىئايە قىلىدىغان بولىدۇ.

[1] سۈرە رەئد 20-ئايەت

[2] سۈرە مائىدە 1-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھازىر ئەھدە-توختاملارغا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ قۇرۇق پاراڭ سوققاندەكلا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. يىغىلىپ پىلانلارنى تۈزدۇق، ئەمما سورۇندىن قوپۇپلا دېيىشكەن سۆز، بىرى-




بىرىمىزگە بەرگەن ۋەدىلەرنى ھېچنېمىگە ھېساب قىلمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە توختامنامە تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، مەنپەئەتىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەي قالسا، ئاللىقاندا باھانىلەرنى تېپىپ بۇزۇۋەتتۇق. ھەتتا سوتقا بېرىپ مەنپەئەتىمىزگە ھۆكۈم چىقىرىلسا، بۇ ھۆكۈمدىن راھەتلەندۇق. ھالبۇكى توختامنى بۇزغانلىقىمىز ياكى ۋەدىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىمىز سەۋەبلىك، ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا بارغاندا سورىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالدۇقمۇ؟!

## ئىككى شېرىك ئارىسىدىكى ۋاپا

بىرگە تىجارەت قىلىدىغان ئىككى شېرىكنىڭ پېيى كۆپرەكى ياكى مەبلەغنى كۆپرەك چىقارغىنى كۈچلۈك تەرەپ ھېسابلانغاچقا، مەنپەئەتى تۈپەيلى كۆپىنچە توختامنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەگەر كۈچلۈك تەرەپ توختامنى بۇزالايدىغان تۇرۇپ ئۇنى بۇزمىسا، ئاندىن توختامغا رىئايە قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاجىز تەرەپ توختامنى كۈچلۈك تەرەپنىڭ رۇخسىتىسىز بۇزالمايدۇ ياكى ئۆز ئالدىغا بۇزسىمۇ، ئېغىر زىيان ئۈستىگە بۇزىدۇ. شۇڭا ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ۋاپادار كىشى، توختامنى بۇزۇش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ، بۇزمىغان ئادەمدۇر. چۈنكى ئىككى ئادەم

ئارىسىدىكى توختام، ئاللاھ بىلەن تۈزۈلگەن توختامغا ئوخشايدۇ.




توختامغا ۋاپا قىلىش مۆئمىننىڭ ئىمانىي سۈپەتلىرىدىن بىرى بولسا، ئەكسىچە توختامنى بۇزۇش مۇناپىقنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىش، سۆزلىسە يالغان سۆزلەش، ئەھدىلەشسە بۇزۇش ۋە دەتالاش قىلسا يامان سۆز قىلىش قاتارلىق تۆت سۈپەت تېپىلغان كىشى سېپى ئۆزىدىن مۇناپىقتۇر. بۇلاردىن بىرى تېپىلغان كىشىدە، ئۆزى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى تېپىلغان بولىدۇ»[1] دېگەن.

بەزى كىشىلەر بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە: «قارشى تەرەپ ۋاپا قىلمىدى، شۇڭا مەنمۇ قىلمىدىم» دېگەندەك باھانىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما قارشى تەرەپنىڭ گېپىدە تۇرالمىغانلىقى ياكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ خىيانەت قىلغانلىقى، ساڭا ئۆزۈر بولالمايدۇ. چۈنكى ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىدىن سورىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ساڭا خىيانەت قىلغان ئادەمگە، سەن خىيانەت قىلما!»[2] دېگەن. چۈنكى خىيانەت قىلىش مۆئمىننىڭ سۈپىتىگە قارشى بولۇپ، مۆئمىن باشقىلارنىڭ زۇلۇمى ۋە زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلانسا بولىدۇ، لېكىن خىيانەت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا بولمايدۇ.

---

[1] رواه البخاري

[2] رواه الترمذي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئارقىلىق، مۆئمىن يۇقىرى شەرەپكە ئېرىشىدۇ.




چۈنكى مۆئمىن «مېنىڭ باشقىلارغا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلغانلىقىم، ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلغانلىقىمدۇر» دېگەن نۇقتىغا ئىشىنىدۇ. ئەمما كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ ۋاپا قىلىشى ئاساسلىقى مەنپەئەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ بولىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈنكى كۈندە، بەزى كاپىرلارنىڭ سودىدا گېپىدە تۇرۇپ، پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغىنىنى كۆرۈپ، بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەۋىسى كېلىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە قاچانكى سودىسىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىگە كەلمىگەن ھامان، ئۇلارنىڭ ھەققىي ئەپتى-بەشىرىسى ئېچىلىدۇ.

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئېلىم-بېرىم ئىنتىزامىنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى قەدەم باسقۇچلىرىنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، كىشىلەر بىلەن تۈزۈشكەن توختاملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئاللاھ بىلەن تۈزۈشكەن توختامنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق بولىدۇ. دېمەك، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش يوقالغان جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ ۋە تۈزۈلمە يوقىلىدۇ.

كىچىك ۋاقتلىرىمىزدا كىشىلەر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا يولۇقسا، بىر-بىرىدىن بىر-ئىككى يىللىق مۆھلەت بىلەن قەرز ئالاتتى. ئەمما ۋاقتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسىرى «قەرز بەرسەم قايتۇرمايدۇ» دەيدىغان ئاڭ شەكىللىنىپ، بىر-بىرىگە قەرز بېرىشتىن ئەنسىرەيدىغان

ئەھۋال شەكىللەندى. بۇ دەل ئەھدىگە ۋاپا قىلمىغانلىق سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن.

## خىيانەتنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىش

ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالا: «ئىككى شېرىك بىر-بىرىگە خىيانەت قىلمىسا، ئۈچىنچىسى مەن بولىمەن»[1] دېگەن. بەزى كىشىلەر بۇ ھەدىسنى: «بىرلىكتە تىجارەت قىلىپ، بىر-بىرىنىڭ ھەققىنى يېمىگەن ئىككى تىجارەتچى بىلەن ئاللاھ بىللە بولغاچقا، تىجارىتى بەرىكەت تاپىدۇ» دەپ يۈزەكى چۈشىنىۋالىدۇ. ئەمما ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بۇنىڭدىنمۇ كەڭدۇر.

خىيانەت، پەقەت قارشى تەرەپنىڭ پۇلىنى ئېلىۋېلىشلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى ھەق-ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزۈشتىن تارتىپ، تۈزۈشكەن ۋە دېيىشكەن توختام-كېلىشىملەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاپا قىلماسلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: مەبلەغ ئىگىسى مول تەجرىبىلىك بىر كىشى بىلەن بىللە تىجارەت قىلىپ شىركەت قۇردى. شىركەتتىكى تىجارەتلەر يۈرۈشۈپ مەلۇم بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن، مەبلەغ چىقارغۇچى تىجارەت قىلىش جەريانىدا شېرىكىدىن تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىۋېلىپ، شېرىكىنى چىقىرىۋەتسىمۇ سودىسىنىڭ نورمال يۈرۈشىدىغانلىقى ھېس قىلىپ: «شېرىكچىلىكىمىز




[1] رواه أبو داود

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى www.uyghurkitap.com



مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن» دەيدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئىنتايىن ئېغىر خىيانەتتۇر.

خىيانەت ئاۋۋال ئىگىسىنى، ئەگەر ئومۇملاشسا، جەمئىيەتنى تۈگەشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿إِنَّ اللَّـهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ خَوَّانٍ كَفُورٍ﴾[1] «ئاللاھ ھەرقانداق خىيانەتچى ۋە ناشۈكۈر بەندىنى دوست تۇتمايدۇ» دېدى. ئاللاھ ياخشى كۆرمىگەن كىشىنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. كۆپىنچە ئىشلىرىمىزنىڭ ئاخىرى چىقماستىن ۋەيران بولۇشىنىڭ سەۋەبى خىيانەتتۇر.

خىيانەتنىڭ ماددىي-مەنىۋى شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلامدا تولۇق رەت قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز چوڭ-كىچىك ھەر تۈرلۈك خىيانەتكە ئىسلام نامىدىن پۈتۈنلەي قارشى تۇرىمىز.

ئىنسان شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئىمانغا كىرگەن ۋاقىتتا، ئاللاھ بىلەن ۋەدىلەشكەن بولىدۇ. مۇئمىن چوقۇم بەرگەن ۋەدىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى كېرەك. ئىنسان ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق بىلەن ئىتائەتتىن چىقىپ ئاسىي بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَأَوْفُوا بِعَهْدِ اللَّـهِ إِذَا عَاهَدتُّمْ وَلَا تَنقُضُوا الْأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا﴾[2] «سىلەر ئەھدە تۈزۈشكىنىڭلاردا، ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسىمىڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار» دېگەن.

## راستچىل تىجارەتچى پەيغەمبەر ۋە سىددىقلار بىلەن بىللە بولىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ ياخشى كەسىپ قىلغۇچىلار - سۆزلىسە يالغان سۆزلىمەيدىغان، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت

[1] سۈرە ھەج 38-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە نەھل 91-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

قىلمايدىغان، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلمايدىغان، ئالغاندا سۆكۈپ، ساتقاندا ماختاپ ئۇچۇرمايدىغان، ئېلىشى بولسا قارشى تەرەپنى قىيناپ قويمايدىغان، بېرىشى بولسا سوزۇۋەتمەيدىغان تىجارەتچىلەردۇر»[1] دېگەن. بۇ يەتتە سۈپەتنى ئۆزىدە ھازىرلىغان تىجارەتچىلەر قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر ۋە سىددىقلار بىلەن بىللە بولىدۇ.

راستچىل سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ راستچىللىقى ۋە ۋاپادارلىقى بىلەن پەيغەمبەرلەر ئادا قىلغان ۋەزىپىنى ئادا قىلالايدۇ. مەسىلەن: ھىندىنوزىيە دۇنيادىكى مۇسۇلمان نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تەخمىنەن 250 مىليون ئەتراپىدا مۇسۇلمان ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە سەۋەبچى بولغىنى پەقەتلا 9 نەپەر راستچىل سودىگەر بولۇپ، ئۇلار مۇئامىلىسى گۈزەل، راستچىل، ماللىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسى نورمال، كىشىلەرنى قەتئىي ئالدىمىغان تىجارەتچىلەر ئىدى. بۇ خىل راستچىللىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە بۇنىڭغا تۈرتكە بولغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئىسلامنى تاپقان ئىدى.




ئىشەنچلىك ۋە ئېپپەتلىك بۇ تىجارەتچىلەر، تىجارەتنى ئارقىلىق دەۋەتچىگە ئايلانغان. دېمەك، پۈتۈن كەسىپ ئىگىلىرى ساپ نىيىتى ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىشى ئارقىلىق، ئۆز كەسپىنى دەۋەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

[1] رواه البيهقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى پۇلنى ئەمەس كىشىلەرنى داۋالاشنى كۆزلەيدىغان ئىخلاسمەن دوختۇرلارغا، كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان ئادۋوكاتلارغا، ئۆز ساھەسىدە قېتىرقىنىپ ئىشلەيدىغان ئىنژېنېرلارغا ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بىلىملىك بولۇشى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىرىشىدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا ئېھتىياجى بار. مانا بۇلار ياخشى دەۋەتچىلەردۇر.

مۇئمىنلەرنىڭ ھەربىر ياخشىلىقى ھەرگىز زايە بولۇپ كەتمەيدۇ. قۇرئان كەرىم ئالاھىدە ئەسكەرتىپ: ﴿أَفَمَن كَانَ مُؤْمِنًا كَمَن كَانَ فَاسِقًا لَّا يَسْتَوُونَ﴾[1] «مۇئمىن ئادەم پاسىق ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار (ئاخىرەتلىك ساۋابتا) باراۋەر ئەمەس» دېگەن. دېمەك، ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان نەتىجىسى بىلەن، ئەھدىنى بۇزىدىغان پاسىقلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئۈستىگە چۈشكەن ئامانەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىدىغان ۋاپادار كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن! بىزدىن ئىسلامنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقىنى ئايرىمىسۇن!

---

[1] سۈرە سەجدە 18-ئايەتنىڭ بىر قىسمى



www.uyghurkitap.com

# پاراسەت ۋە ھېكمەت

﴿وَمَن يُؤْتَ الْحِكْمَةَ فَقَدْ أُوتِيَ خَيْرًا كَثِيرًا﴾[1] «ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ».




ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ مۇناسىپ ئورۇن، ۋاقىت ۋە ھالەتتە، مۇناسىپ كىشىگە دېيىلىشى ياكى بىر ئىشنىڭ مۇناسىپ ۋاقىت، شارائىت ۋە شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشى، ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەت ھېسابلىنىدۇ.

ئايەتتە «كىم ھېكمەتلىك بولسا» دېيىلمەستىن، «كىمگە ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەت بېرىلسە» دېگەن ئىپادە قوللىنىلغان. بۇ ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەتنىڭ، ئىزدىنىپ ۋە تىرىشىپ ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن خالىس بېرىلگەن بىر نېئمەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى مۇتلەق كۆپ ياخشىلىق، ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەت ئارقىلىق بېرىلىدۇ. ئىنسان ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەت ئارقىلىق

---

[1] سۈرە بەقەرە 229-ئايەت




دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرالايدۇ، ھەرقانداق ئايال بىلەن ئىللىق ۋە ھۇزۇرلۇق ئائىلە قۇرۇپ چىقالايدۇ، ئىشلىرىنى ئازغىنە ئىقتىساد بىلەنمۇ يۈرۈشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭالايدۇ. ئەمما ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەت بولمىغىنىدا، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىجابىي نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى تامامەن ئەكسى شەكىلدە نەتىجە بېرىدۇ.

## ھېكمەتنىڭ نەتىجىسى

ئاللاھ تائالا: ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾[1] «مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» دېگەن. «ناماز» ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئالاقىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىبادەتتۇر. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ﴾[2] «مېنى ياد ئەتسەڭلار مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن» دېيىلگەن. بەندىلەرنىڭ ئاللاھنى ئەسلىشى بەندىچىلىك، ئىتائەت ۋە ئىبادەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىسە، ئاللاھنىڭ بەندىسىنى ئەسلىگەنلىكى خاتىرجەملىك، خۇشاللىق، ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەت بېرىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۆئمىننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى، ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەتكە ئېرىشىشىنىڭ ئالدىن تۆلەيدىغان بەدىلى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر.

بەندە ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگەن ۋاقىتتا، ئاللاھنىڭ كامالىي سۈپىتى ۋە گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالىدۇ. ئاللاھ

---

[1] سۈرە تاھا 14-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە 52-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تائالا رەسۇلۇللاھقا نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلەرنى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھنى ماختىغان ۋاقتىدا، شۇ خۇسۇسىيەتلەر ئىچىدىن ئەخلاقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. دېمەك، ھېكمەت ئەخلاقتىن شەكىللىنىدۇ. ھېكمەتلىك كىشى باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ، ھېكمەتسىز كىشى باشقىلارنى ئۆزىدىن قاچۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوستقا ئايلاندۇرغانلىقى، دوستلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى چىڭىتقانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ بۈيۈك ئەخلاقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەم-پاراسەت ۋە ھېكمەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## ئاللاھ يولىغا ھېكمەت بىلەن دەۋەت قىلىش

ئاللاھ تائالا: ﴿ادْعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ﴾[1] «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن» دېگەن. دېمەك، دىنغا چاقىرىشنىڭ ئۆزى ھېكمەت ۋە پاراسەت تەلەپ قىلىدۇ. «مەن ھەقنى سۆزلىسەملا بولدى» دەپ، خىتاب قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە شارائىتىغا قارىماستىن سۆزلەش، كۆپ ئەھۋاللاردا ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسماقچى بولغان كىشى، پەم-پاراسەتلىك بولۇشى كېرەك.




[1] سۈرە نەھل 125-ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە پات-پات نەسىھەت قىلىپ تۇراتتى، ئەمما كۆپ قىلمايتتى ۋە ئۇزارتىۋەتمەيتتى. چۈنكى نەسىھەت ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، ئەكس تەسىر بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿فَإِذَا فَرَغْتَ فَانصَبْ* وَإِلَىٰ رَبِّكَ فَارْغَب﴾[1] «(ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا (ئاللاھقا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن، پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن» دېگەن. يەنى، ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنى داۋاملىق دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇماستىن، بوش ۋاقىتلىرىنى چىقىرىپ ئىبادەتكە يۈزلىنىشكە چاقىرغان ۋە ھەر ئىشنىڭ مۇناسىپ ۋاقتى بارلىقىنى بىلدۈرگەن. ھەر ئىشنى ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىش، كىشىدىن ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەت تەلەپ قىلىدۇ.




ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ دۇنيادىكى ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرۈپ: ﴿يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ ۚ إِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾[2] «ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن» دېگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەزىپىسى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كىشىلەرگە تىلاۋەت قىلىپ بېرىش، كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىشتۇر. بۇ يەردىكى ھېكمەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان

[1] سۈرە ئىنشىراھ 7، 8-ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە 129-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەرىمنىڭ ئىزاھاتى شەكلىدە كەلگەن سۆزى ۋە ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلىرىدىكى سۈننەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن تونۇشۇش




ئاللاھ تائالانىڭ 99 ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ ئىچىدە «ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى» دېگەن سۈپىتى بار. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا قىيامەتكە قەدەر، يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، «ئاللاھ بۇنى ياخشى كۆرىدۇ ياكى بەندىسىنىڭ شۇنداق بولۇشىغا رازى بولىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى «بۇ ئىشنىڭ مەلۇم بىر ھېكمەتلىرى بولغاچقا، شۇنداق بولۇشى كېرەك» دېگەنلىك بولىدۇ.

بىر دوختۇر تۇغۇت قىلىپ ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئاران بالىلىق بولغاچقا، بالىسىغا پەۋقۇلئاددە ئامراق ئىدى. شۇڭا ئۇچۇن بالىسىنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى، ھەتتا پاشا چېقىشىغىمۇ چىدىمايتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بالىسىنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. بۇ شەپقەتلىك دادا بالىسىغا شۇنچە ئامراق تۇرۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئوپېراتسىيە قىلدى. دادىنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى، بالىسىنىڭ قورسىقىنى يېرىشنى خالىغانلىقىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس! ئەمما بالىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغىنىدۇر.

يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئاللاھ تائالا قاپقاراڭغۇ كېچىدە، قارا تاشنىڭ ئۈستىدە قارا چۈمۈلىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسى، قانداقتۇر ئاللاھ يۈز بېرىشىنى بىزگە ياخشى كۆرۈپ ئەمەس، بەلكى بىز ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن بولغان. بۇلاردا چوقۇم ئاللاھ ئۆزى بىلىدىغان ھېكمەتلەر بار.

مىللىتىمىزمۇ بىلىپ-بىلمەي ئۆزىگە نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان ۋە نۇرغۇنلىغان ناتوغرا تونۇشلار بىلەن ياشىغان. ھازىرغىچە نۇرغۇن قانلىرىمىز تۆكۈلۈۋاتىدۇ، ئىززەت-ئابرويلىرىمىز دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ. ئەمما ئىنسانىنىڭ بەدىنىدە كەسمىسە ئۈچشالمايدىغان ئۆسمە بولغىنىدەك، ئۈممەت ۋە مىللەتتىمۇ كەسمىسە ئۈچشالمايدىغان ئۆسمىلەر پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ھەر ئىشتا مۇتلەق ھېكمىتى باردۇر.

## ئاللاھنىڭ ئىرادىسى چوقۇم بىر ھېكمەتكە مۇناسىۋەتلىك




﴿قُلِ اللَّهُمَّ مالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَن تَشَاءُ وَتَنزِعُ الْمُلْكَ مِمَّن تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَاءُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ﴾[1] «ئىبىتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 26-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلسەن؛ ھەممە ياخشىلىق(نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر» دېگەن ئايەتتە «ئاللاھ بېرىدۇ، ئېلىۋالىدۇ، ئەزىز قىلىدۇ ۋە خار قىلىدۇ» دەپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشىلىق ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

دادىنىڭ بالىنى ئەركىلىتىپ ئويناتقىنى بالىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن بولسا، بەزى ۋاقىتلاردا بالىلىرىنى بەزى يېمەكلىكلەردىن ياكى ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىمۇ بالىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر. دادىنىڭ بالىغا بولغان كۆيۈنۈشى بۇ بولغان يەردە، ھەممىدىن شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان كۆيۈنۈشىنىڭ ھېسابسىز بولۇشى تەبىئىي. شۇڭا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ ئىرادە قىلغان، كېيىنكى ياخشىلىقلارغا ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان ھېكمەتلىرى بار.

ئاللاھ تائالا پىرئەۋننىڭ پەۋقۇلئاددە ھەددىدىن ئېشىپ، بەنى ئىسرائىلغا قىلغان زۇلۇمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ: ﴿إِنَّ فِرْعَوْنَ عَلَا فِي الْأَرْضِ وَجَعَلَ أَهْلَهَا شِيَعًا يَسْتَضْعِفُ طَائِفَةً مِّنْهُمْ يُذَبِّحُ أَبْنَاءَهُمْ وَيَسْتَحْيِي نِسَاءَهُمْ ۚ إِنَّهُ كَانَ مِنَ الْمُفْسِدِينَ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىر تائىپە (بەنى ئىسرائىل) نى بوزەك قىلدى» دەپ بولۇپ: «ئۇلاردىن ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى تىرىك قالدۇردى، پىرئەۋن ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى» دېگەن. بۇ بىر تەرەپتىن قان تۆكۈپ زۇلۇم قىلىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىززەت، شەرەپ ۋە ئار-نومۇس مەسىلىسى ئىدى.

---

[1] سۈرە قەسەس 4-ئايەت

ئاندىن ئاللاھ تائالا: ﴿وَنُرِيدُ أَن نَّمُنَّ عَلَى الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا فِي الْأَرْضِ وَنَجْعَلَهُمْ أَئِمَّةً وَنَجْعَلَهُمُ الْوَارِثِينَ﴾[1] «بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز» دېگەن. دېمەك، پىرئەۋنىنىڭ بۇ قەدەر ھەددىدىن ئېشىپ، بەنى ئىسرائىلنىڭ ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرىشى، ئاجىزلارغا ياخشىلىق ۋە مەرھەمەت ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى زېمىنغا خوجايىن قىلىش مەقسىتىدە بولغان. شۇڭا بىزمۇ ئۈمىدۋار بولۇپ، «يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە بىر ھېكمەت بار، بىز بۇ ئارقىلىق تاۋلىنىۋاتىمىز ۋە چېنىقىۋاتىمىز» دېگەن تونۇشقا كېلىشىمىز كېرەك.




ئاخىردا ئاللاھ تائالا: ﴿وَنُمَكِّنَ لَهُمْ فِي الْأَرْضِ وَنُرِيَ فِرْعَوْنَ وَهَامَانَ وَجُنُودَهُمَا مِنْهُم مَّا كَانُوا يَحْذَرُونَ﴾[2] «ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدا كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (بوزەك قىلىنغانلار)دىن قورقىدىغان نەرسىنى (بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسىتىمىز» دېدى. بىز زېمىندا ھامان بىر كۈنى ئۆزىمىزگە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولىمىز. دۈشمەن قورقۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر بەدىنىمىزدىكى ئۆسمىلەر كېسىپ ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىنى قان ۋە

[1] سۈرە قەسەس 5-ئايەت
[2] سۈرە قەسەس 6-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئار-نومۇس ئارقىلىق تۆلەۋاتىمىز. ئىنشائاللاھ، ئاللاھنىڭ بۇنىڭ تېگىگە يوشۇرۇلغان ھېكمىتىنى بىز كەلگۈسىدە چوقۇم كۆرەلەيمىز.

## شەرىئەت «ئادالەت، رەھمەت ۋە مەنپەئەت»تىن ئىبارەت




ئەھكاملار بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھەربىرىدە ئۆزىگە خاس ھېكمەتلەر بار. قانداق بىر مەسىلىدە رەھمەت ۋە ئادالەت بولماي زۇلۇم بولسا، مەنپەئەت بولماي زىيان بولسا، دېمەككى ئۇ شەرىئەتتىن ئەمەس.

ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىنى بەزىدە مۇكاپاتلاپ مۇئامىلە قىلسا، بەزىدە جازالاپ مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا ھېكمەت بەزىدە بېرىش، بەزىدە بەرمەسلىك، بەزىدە خۇشال قىلىش ۋە بەزىدە غەمگە سېلىش بىلەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولۇپ، بۇ مەنپەئەت ئىنساننى ئاللاھقا مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرىدۇ. يەنى، مېنىڭ شۇئان ساغلام بولۇشۇمنىڭ ئۆزىدە ئاللاھنىڭ بىر ھېكمىتى بولغىنىدەك، ئاغرىپ قېلىشىمنىڭ ئۆزىدىمۇ ئاللاھنىڭ بىر ھېكمىتى بار. بېيىپ كەتكىنىمدە ئاللاھنىڭ بىر ھېكمىتى بولغىنىدەك، كەمبەغەللىكتە قىينىلىشىمدىمۇ ئاللاھنىڭ بىر ھېكمىتى بار. بىز ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك زات ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ۋاقتىمىزدا، ھەر ئىشقا قانائەت بىلەن مۇئامىلە قىلالايمىز.

## مۇسىبەتلەردىكى ھېكمەت

مۇسىبەتنىڭ ھەممىسىدە بىر ھېكمەت بولغاچقا، يۈز بەرگەن ھەر مۇسىبەتنى: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن جاۋاب بىلەن قارشى ئالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىپقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بارغاندا، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى ئىنكار قىلىپ، بالىلىرىنى كۈشكۈرتۈپ رەسۇلۇللاھقا تاش ئاتقۇزۇش ئارقىلىق نۇرغۇن ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزدى. شۇ ۋاقىتتا بىر پەرىشتە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئەگەر ماقۇل بولساڭ، تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ، ھەممىسىنى ھالاك قىلىۋېتەي» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ياق، بۇلار بىلمەيدۇ. ئى ئاللاھ، قەۋمىمنى ھىدايەت قىلسىلا!» دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ قەدەر ئەزىيەتلەرنى تارتىپ تۇرۇپ، بۇ گەپنى دېيىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھېكمەت. دېگەندەك، ئاللاھ بۇ ھېكمەتنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنى ھىدايەت قىلدى.




پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن پۈتۈن مۇسىبەتلەر، شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇئمىن مۇسىبەتلەرگە ئۇچراپ، گۈزەل ئەخلاقى ۋە مۇكەممەللىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمما مۇئمىن ئەمەسلەر بېشىغان كەلگەن مۇسىبەتلەردە ھېكمەت بارلىقىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇ ئىشلارنى ئېغىر زەربە ھېسابلايدۇ.

بىر قىسىم كىشىلىرىمىز: «ھەر ئىشنىڭ مەلۇم ھېكمىتى بار» دېگەن سۆزنى دەستەك قىلىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىدىكى ھېكمەتنى ئىزدەيدۇ ۋە تاپالىسا قانائەت قىلىپ، تاپالمىسا ئۇنى بىھۇدە ئىش دەپ قارايدۇ. بۇ ئېغىر بىر خاتالىق. مۇئمىن بەزى ئىشلارنىڭ ھېكمىتىنى بىلسىمۇ، بەزى ئىشلارنىڭكىنى ھەرگىزمۇ بىلەلمەيدۇ. لېكىن بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك زات ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بىر مۇئمىن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا مۇتلەق بويسۇنۇشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ھېكمەتلىك ۋە پەم-پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن! ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىرىنى بىزگە تونۇتسۇن ۋە ھېكمىتىگە ئىشىنىدىغان ئىمان ئاتا قىلسۇن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈمىدۋارلىق

**﴿إِنَّهُ لَا يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللَّهِ إِلَّا الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ﴾[1] «شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ».**




ئۈمىدۋارلىق پەيغەمبەر، سالىھ ۋە ئىسلاھاتچى كىشىلەرنىڭ سىماسى ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر.

ھەرقانداق ئىشنىڭ «ھەددىدىن ئاشقان» ۋە «پەۋقۇلئاددە تۆۋەن» تەرىپى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى رەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، كەلگۈسىگە قاراشنىڭمۇ ھېچ ئىش قىلماستىن نەتىجىگە پەۋقۇلئاددە ئۈمىد باغلاش ۋە ھەر ئىشقا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراشتىن ئىبارەت ئىككى تەرىپى بار.

ئۈمىدۋارلىق، تىرىشىش بىلەن بىرگە نىشانغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتكە ئۆتمەي قىلىنغان ئۈمىد، خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىرەر توسالغۇغا ئۇچراش بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى توختىتىش ئەخمەقلىقتۇر. شۇڭا بىز: «يۈز بېرىۋاتقان ھەرئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ

[1] سۈرە يۇسۇف 87-ئايەت

ۋە ئىلاھىي ئىرادە چوقۇم مەلۇم بىر ھېكمەتكە باغلانغان، بۇ ھېكمەتلەر ئېنىقلا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن ئىمانىمىز بىلەن ئۈمىدۋار بولۇپ، توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.



ئۈمىدۋارلىق- ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاشتۇر

دۇنيادا مۇتلەق يامانلىق بولمايدۇ. بەلكى بىز يامانلىق دەپ ئويلىغان بەزى ئىشلار ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَنُرِيدُ أَن نَّمُنَّ عَلَى الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا فِي الْأَرْضِ وَنَجْعَلَهُمْ أَئِمَّةً وَنَجْعَلَهُمُ الْوَارِثِينَ وَنُمَكِّنَ لَهُمْ فِي الْأَرْضِ وَنُرِيَ فِرْعَوْنَ وَهَامَانَ وَجُنُودَهُمَا مِنْهُم مَّا كَانُوا يَحْذَرُونَ﴾[1] «بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز. ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدا كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (بوزەك قىلىنغانلار)دىن قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسەتمىز» دېگەن. پىرئەۋنىنىڭ ئۇ دەرىجىدە ھەددىدىن ئېشىپ، بەنى ئىسرائىلنى ئېزىشى، قۇرئاندا نېمە ئۈچۈن بايان قىلىنغان؟ بۇ پىسخىك جەھەتتىن تۈگىشىپ، يولدىن چىقىپ كەتكەن بەنى ئىسرائىلنىڭ ھوشىنى تېپىپ ئۆزىنى بىلىشى ۋە دۈشمىنىنى تونۇشى ئۈچۈن بېرىلگەن بىر تەربىيەلەش باسقۇچى ئىكەنلىكى، بۇ ئىشلارنىڭ

[1] سۈرە قەسەس 5، 6-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەممىسىنىڭ بەنى ئىسرائىلنىڭ كىيىنچە پىرئەۋننىڭ تاجۇ-تەختىنى ئىگىلەش، زېمىندا سۆز ساھىبى بولۇش قاتارلىق بۈيۈك ۋەزىپىلىرىنىڭ ئالدىنقى مۇقەددىمىلىرى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، بىزگە زور ئۈمىدلەرنى بېرىدۇ.

ئىنسان ئىمان ۋە ئىشەنچىسىدىن يىراقلىشىپ، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى «مۇسىبەت ۋە يامانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ چۈشەنسە، ئاللاھنىڭ كامالي قۇدرەت سۈپەتلىرىگە شەك قىلغان بولىدۇ. يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن خۇددى ئاللاھنىڭ خەۋىرى يوقتەك پوزىتسىيە تۇتۇپ ۋايساش، ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل كىشىلەردە ئۈمىدسىزلىك، ھەر نەرسىگە «قارا كۆزەينەك تاقاپ قاراش» ۋە كەلگۈسىگە ئىشەنمەيدىغان ھالەت شەكىللىنىپ، چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالىدۇ.




## ئەڭ قىيىن شارائىتتىمۇ ئۈمىدۋار بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن قىيىن شارائىتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۈمىدۋارلىقنى يوقىتىپ باقمىغان ئىدى. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، رەسۇلۇللاھ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ماڭغاندا، ئۆلۈك ياكى تىرىكىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە يۈز تۆگە ۋەدە قىلىندى. سۇراقە ئىسىملىك بىر كىشى يۈز تۆگىنىڭ تاماسىدا رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىۋالغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا

ھېچ ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر سۆزنى قىلىپ: «كىسرانىڭ بىلەيزۈكىنى تاقاشقا قانداق قارايسەن؟» دېگەن. بۇ سۆز ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ: «مەن ساق-سالامەت مەدىنىگە بارىمەن، مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتىنى قۇرىمەن، دۇنيادىكى چوڭ ئىمپېرىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېچىپ غەلىبە قىلىمەن ۋە ئۇلاردىن ئالغان غەنىمەتنى قولۇڭغا تاقايسەن» دەۋاتىدۇ. بۇ ئۈمىدۋارلىق بىزگە ئۈلگە بولماسمۇ؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەدە قىلغىنىدەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، غەلىبە مۇسۇلمانلارغا يۈزلىنىپ، ئىككى ساھابە غەنىمەتلەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، نەيزىسىنى ئېگىز كۆتۈرسە، بىر تەرەپتىكىسى يەنە بىر تەرەپتىكىسىنىڭ نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى كۆرەلمىگىدەك دەرىجىدە غەنىمەتكە ئېرىشكەن.

خەندەك جېڭىدە، مەدىنە ئون نەچچە قەبىلە بىرلىشىپ تەشكىللىگەن بىرلەشمە قوشۇن تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى. بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزمۇ-يۈز ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى توسۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، خەندەك كولاپ مۇداپىيەلەندى. نۇرغۇنلارنىڭ ئاچلىقتىن قورساقلىرى تويماۋاتقان، ئەنسىرەشتىن كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمەيۋاتقان مۇشۇنداق قىيىن بىر ئەھۋالدا، رەسۇلۇللاھ: «پارس ۋە رۇم فەتھ قىلىندى» دېگەن. بۇ ۋاقىتتا بىر قىسىم مۇناپىقلار: «خاتىرجەم ھالدا تەرەت سۇندۇرغىلى بارالمايۋاتساق، بىزگە تېخى قەيسەر بىلەن كىسرانىڭ دۆلەتلىرىنى ۋەدە قىلىۋاتىدۇ؟!» دېيىشكەن ئىدى. ئەمما بۇ جەڭ غەلىبە


پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانچە قىيىن شارائىتلاردىمۇ، قىلچە ئۈمىدسىزلەنمىگەن ئىدى

www.uyghurkitap.com



بىلەن ئاياغلىشىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغان ئۈمىدلىرى بىر-بىرلەپ روياپقا چىقتى.

## ئۈمىدۋارلىق تەۋھىدتۇر

كەلگۈسىگە يامانلىق بىلەن قاراپ، ھەر ئىشتا شۇم پال ئېلىشنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «شىرىك» دەپ سۈپەتلىگەن. ئۇنداقتا، بۇ يازمىدىكى «شۇم پال ئېلىش»نىڭ قارشىسى بولغان «ئۈمىدۋار بولۇش، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قاراش» تەۋھىد ھېسابلىنامدۇ؟




ئىشلارغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراش، بىر ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ بىرلىك-بارلىقىغا بولغان چۈشەنچىسىگە باغلىق. مۇئمىن «يۈز بېرىۋاتقان پۈتۈن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى مۇتلەق بىر ھېكمەتكە باغلانغان. ھېكمەتلەر چوقۇم بىر ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن چۈشەنچىلەرگە زەنجىرسىمان شەكىلدە باغلىنىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ يىلتىزى ئىمان ۋە تەۋھىدكە ئالاقىداردۇر. كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرىتىگە بولغان چۈشەنچىسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭدا شۇنچە كۈچلۈك ئۈمىد بولىدۇ. ئەكسىچە بۇ كىشىنىڭ ئىمانى ئاجىز بولسا، ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىگە شۈبھە قىلىدۇ.

مەن ئالدىمــــدىكى زەنجىـــر بىــــلەن باغلانغـــان يىرتقـــۇچ شـــىردىن قورقــۇش ئۆچــۈن، ئۇنىـــڭ بىــلەن مەشــغۇل بولۇشــۇم كېرەكمــۇ يـــاكى ئىگىســـىنى چاقىرىشـــىم كېرەكمــۇ؟ تەبىئىيكـــى، ئــۇ ھايۋانـــدىن قورقۇشـــنىڭ چارىســـى، ئــۇنى كــونترول قىلىــدىغان ئىگىســـىنى چاقىرىشــتۇر. دۇنيــادا يــۈز بېرىۋاتقـان ھەمــمە ئىشــنىڭ كــونتروللىقى ئــالالھ تائالانــڭ قولىــدا. شــۇڭا قىينىچىلىقلارغـــا ئۇچرىغانـــدا، ھەر ئىـــش ئۇنىـــڭ كونتروللىقىـــدا بولغـــان ئالالھقــا ئىلتىجــا قىلىــش كېــرەك. ئەكســـىچە، ئالالھنىـــڭ شـــەپقەتلىك ۋە مېھرىبــان ســۆيگىنىگە ئىشەنمىســىڭىز، ئــۆزىڭىزنى ئالالھنىــڭ بەندىســى دېــگەن تونۇشتا بولمىسىڭىز، ۋايىسراپ ئۈمىدسىزلىنىڭ! قېنى نېمىگە ئېرىشىسىز؟

ھــۇد ئەلەيھىســالام قۇرئــان كەرىمــدە ئىمانىنــڭ نەمۇنىســى ســۆيگىنىدە بايــان قىلىنغــان. ئــۇ زات قەۋمىــدىكى ئــۆزىنى سۆيىقەســت قىلىــپ يوقاتمــاقچى بولغـــان كىشـــىلەرگە: ﴿فَكِيدُونِي جَمِيعًا ثُمَّ لَا تُنظِرُونِ﴾[1] «ھەممىڭـــلار ماڭـــا سۇيىقەســـت قىلىڭـــلار، ماڭـــا مـــۆھلەت بەرمەڭـــلار» دېـــگەن ۋاقىتتـــا، ئـــۆزى يـــالغۇز ھـــالەتتە ئىـــدى. ئۇنىـــڭ ئىمـــانى شـــۇنچىلىك كۈچلـــۈك، ئالالھقـا بولغـان ئۈمىـــدى شـــۇنچىلىك زوركـــى، «خـــالىغىنىڭنى قىـــل!» دەپ بولـــۇپلا: ﴿إِنِّي تَوَكَّلْتُ عَلَى اللَّهِ رَبِّي وَرَبِّكُم ۚ مَّا مِن دَابَّةٍ إِلَّا هُوَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا ۚ إِنَّ رَبِّي عَلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾[2] «شۈبھىســـــىزكى، مېنىــــڭ پەرۋەردىگـــارىم ۋە ســـــىلەرنىڭ پەرۋەردىگـــارىڭلار بولغـــان ئالالھقـــا تەۋەككـــۈل قىلىـــدىم، ئالالھنىــــڭ باشقۇرۇشــدا بولمىغـان بىرمــۇ مەخلــۇق يوقتــۇر؛ پەرۋەردىگـارىم ھەقىـقەتەن تــوغرا يولدىــدۇر (ئادىلــدۇر)» دېــگەن. بــۇ قەدەر ئىمــان ۋە ئىشــەنچ، ھــۇد ئەلەيھىسسالامغا ئۈمىد ئاتا قىلغان ئىدى.

مىلــــلەت ۋە ئۈممەتنىــــڭ خاراپلىششـــىنىڭ ســـەۋەبلىرىدىن بىـــرى، ئـــالالھ بېكىتىـــپ بەرگەن يولـــدىن چىقىـــپ كېتىشـــتۇر. ئورنىـــدىن دەس تـــۇرۇپ

[1] سۈرە ھۇد 55-ئايەت
[2] سۈرە ھۇد 56-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






ئەسلىگە كېلىش، مۇسىبەت-خاپىلىقلاردىن رىئال تەربىيە ئالغاندىن كېيىن روياپقا چىقىدۇ. ئاللاھ مۇشۇ مۇددىئا بىلەن بىزگە نۇرغۇن خاپىلىق ۋە مۇسىبەتلەرنى بېرىدۇ. شۇڭا بۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزنى سۇندۇرماستىن، تېخىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك.

چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك، مۇسۇلمانلارنى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن توختىتىپ، شەخسىي تۇرمۇشىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئۈممەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەچكە، جەمئىيەتكە سىڭىپ، بىر كىشىلىك نان تېپىپ يېيىش ئاساسىي نىشانى بولىدۇ-دە، ئۈممەتنىڭ مەسىلىسىنى كاللىسىدىن سۈپۈرۈۋېتىدۇ. مانا بۇ تۈگەشكەنلىكنى ئېلان قىلىشتۇر.




### «سەۋر قىلىش» ۋە «ئاللاھقا بويسۇنۇش» ياردەم ئېلىپ كېلىدۇ

ئاللاھ تائالا: ﴿وَإِن تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا لَا يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْئًا﴾[1] «ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا،

[1] سۈرە ئال ئىمران 120-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھتىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېيىش ئارقىلىق، بىزگە سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھقا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل چىقىش يولىنى دەپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى يول ئارقىلىق، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ساق-سالامەت چىقىپ كېتەلەيمىز. شۇڭا دۈشمىنىمىزنىڭ بىر مىلياردىن ئارتۇقلىقى، نەچچە مىليون ئەسكىرى بولغانلىقى ۋە ئەڭ يېڭى تېخنىكا، ئەڭ ئىلغار قوراللارغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن قورقماسلىقىمىز كېرەك.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە دۈشمەنلەرنىڭ مىكرى ۋە ئۇنىڭ بەربات بولۇشى ھەققىدە: ﴿وَقَدْ مَكَرُوا مَكْرَهُمْ وَعِنْدَ اللَّهِ مَكْرُهُمْ وَإِن كَانَ مَكْرُهُمْ لِتَزُولَ مِنْهُ الْجِبَالُ﴾[1] «ئۇلار ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەر ۋە مۆئمىنلەرگە) مىكىر ئىشلەتتى. ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ» دېگەن. دۈشمەنلەر مۆئمىنلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قىلغان پۈتۈن چارە-تەدبىرلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.




ئەخمەقلەرچە ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىش ۋە ئۈمىدسىزلىككە پەۋقۇلئاددە پېتىپ قېلىپ يولنىڭ ئوتتۇرىدا بەل قويۇۋېتىش ھەر ئىككىسى رەت قىلىنىدۇ. ئۈمىدۋارلىق، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئۈزلۈكسىز تىرىشىشتۇر. مەسىلەن: بىر ئورمانلىقتا كېتىۋېتىپ ئورەككە چۈشۈپ

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 46-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



كەتكەن كىشى، ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشتا يوق: «بىرەرسى كېلىپ قۇتقۇزىدۇ» دەپ خىيالىي يېتىشى ياكى «ئەمدى تۈگەشتىم، بۇ يەردىن چىقالماي ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش. ئەمما ئىسلام تەشەببۇس قىلغان يول: «چوقۇم بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلەيمەن» دېگەن ئۈمىدنى يوقاتماي، بىر ئاماللارنى قىلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەتنى توختاتماسلىقتۇر.

## ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرى چوقۇم روياپقا چىقىدۇ

ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە قىلغان ۋەدىسى، ئۈمىدۋارلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋەدىسىگە ئەسلا خىلاپلىق قىلمايدۇ. شۇڭا جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئادەملەردەك، «بىز ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنىنى كۆرمىدۇق. دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدە مۇئمىنلەر مۇسىبەتتە ياشاۋاتىدۇ» دەپ، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تىل ئۇزاتماستىن، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىشىمىز كېرەك. مەسىلە قەيەردە؟ دۇنيادا ئىنسانغا مەلۇم ئىختىيارلىق بېرىلگەن. ئەگەر بىر ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ بولغۇچە جازالانسا ياكى بىرەر ياخشىلىقنى قىلىپ بولغۇچە مۇكاپاتلانسا، ئىنساندىكى ئىختىيارلىق تەبىئىتى بىلەن ياشاش پرىنسىپى يوقاپ، ئۆزى بىلىپ-بىلمەي مەجبۇرىي بولۇپ قالىدۇ.

ھازىر دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئوخشىمىغان مۇسىبەتلەردە ياشىماقتا. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختا ئۆتكۈزگەن ئېغىر خاتالىقلىرى، غەپلەت ئۇيقۇسى ۋە قالايمىقانچىلىقى سەۋەبىدىن بولغان. قاچانكى مۇسۇلمانلار ئۆزىنى تۈزەپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغانغا قەدەر، بۇ ئەھۋال داۋاملىشىدۇ.

مۇسۇلمانلار توغرا يولغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ

آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ﴾[1] «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئاللاھ ۋەدە قىلغان» دېگەن. مۇئمىنلەر توغرا يولغا كىرىشتىن باشقا، ئۈزلۈكسىز شەكىلدە ياخشى ئىشلارنى قىلغاندا، ئاللاھ تائالا: ﴿لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ﴾ «ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى ۋەدە قىلدى» دېگەن ۋەدىسىنى روياپقا چىقىرىدۇ. يەنە: ﴿وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَىٰ لَهُمْ﴾ «ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى» دېگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا بىز ئۆزىمىز خالىغان شەكىلدە دىنىمىزغا ئېتىقاد قىلالايمىز. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا﴾ «ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى» دېگەن. شۇ ۋاقىتتا بىزدىكى قورقۇنچ، تەشۋىش ۋە جىددىيلىشىش ئالامەتلىرى يوقاپ، ئاللاھنىڭ بۈيۈك نېئمەتلىرىنى ھېس قىلالايمىز ۋە ھەقىقي تىنچ-ئامانلىققا ئېرىشىمىز.




دۈشمەن ھەر ۋاقىت بىز مۇسۇلمانلارغا ھىيلە-مىكىر قىلىشىدۇ. قۇرئان بىزنى بۇنىڭدىن ئەسكەرتىپ: ﴿وَقَدْ مَكَرُوا مَكْرَهُمْ﴾ «ئۇلار بىزگە شۇنداق بىر چارە-تەدبىرلەرنى تۈزۈۋاتىدۇكى» دېگەندىن كېيىن: ﴿وَإِن

[1] سۈرە نۇر 55-ئايەت

www.uyghurkitap.com




دۈشمەنلەرنىڭ مىكىرلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئەقىل ۋە كۈچكە ساھىب بولۇشىمىز كېرەك

كَانَ مَكْرُهُمْ لِتَزُولَ مِنْهُ الْجِبَالُ﴾[1] «ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدۇ» دېگەن. ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىر، چارە-تەدبىرلىرى تاغدەك بۈيۈك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ۋەيران قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

دۈشمەنلەرنىڭ بىزنى يوقىتىش پىلانلىرىغا قارشى تۇرالىشىمىز ئۈچۈن، چوقۇم ئەسلىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز ۋە بۈگۈنكى رىئاللىقتىن ئايرىلىپ قالماسلىقىمىز كېرەك. «ئەسلىنى ساقلاش» تەرەققىي قىلماي ئەسلى پېتى تۇرۇش بولماستىن، ئۆز كىملىكىنى ساقلاشتۇر. رىئاللىققا يۈزلىنىش بولسا، ھازىرقى يۇقىرى پەن-تېخنىكىلىق بىلىملەرنى ياخشى ئىگىلەپ، ئەقىل ۋە تېخنىكا ئۇرۇشىغا ھازىرلىنىش دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەسلىمىزنى ئۇنۇتماي، ۋاقتىمىزنى ئىلىم-ئېرپان ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن تىرىشقاندىلا، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيمىز!

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 46-ئايەت



# خاتىمە

ئىسلامدىكى ئەخلاقلار ھەققىدىكى 30 تېما ئاخىرلاشتى. ئەگەر يازمىلىرىمىز ئاق قەغەز ئۈستىدىكى قارا سىياھ پېتى قېلىپ قالسا، بۇ كىتابنى يېزىشتىن بولغان <ئىسلام ئەخلاقلىرىنى ئەمەلىي رېئاللىققا تەتبىقلاش ۋە ئىسلامىي قىممەت-قاراش يېتىلدۈرۈش> مۇددىئارىمىز روياپقا چىقمىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغانلىرىمىزنى ھەرۋاقىت ھاياتىمىزغا تەتبىقلاشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى: ئىسلامىي ئەخلاقلارنىڭ بىر مۇسۇلماندا ئۆزلىشىشى ئۈچۈن، ئەتراپتا مۇناسىپ




شارائىت ۋە مۇھىت بولۇشى كېرەك. يەنى، مېنىڭلا بۇ ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشىم يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى ھەممەيلەن ئىجتىمائىي پەرۋىش مۇھىتى بەرپا قىلىپ، بىر-بىرىمىزنىڭ ئىسلامىي ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىنىشىگە ياردەم بېرەلىسەك، كۆزلىگەن نىشانىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئىسلامىي مۇھىت يارىتالايمىز. شۇ ۋاقىتتىلا بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ، ئىجتىمائىيلىشىش ۋە جامائەتلىشىش بىلەن بولىدىغانلىقى ھەققىدە: ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ

يَـدْعُونَ رَبَّهُـم بِالْغَـدَاةِ وَالْعَشِـيِّ يُرِيـدُونَ وَجْهَـهُ﴾[1] «سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن» دېگەن. بۇ ئايەتكە قارىساق، «سەن يالغۇز سەۋر قىل» دېمەستىن، «ئەتىگەن-كەچلىرى رەببىگە دۇئا قىلىپ، رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن بىللە سەۋر قىل!» دېيىلگەن. شۇڭا مۇئمىنلەر ئىجتىمائىيلاشقان ھالەتتە بىر توپ بولۇپ شەكىللىنىشى كېرەك. بۇ ھەربىر كىشىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئىسلامىي ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّـذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّـهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ﴾[2] «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار» دېگەن.

مۇئمىنلەر ئىسلام ئەخلاقى ئۆگەنمەكچى ۋە باللىرىغا سىڭدۈرمەكچى بولسا، ئەتراپىدا چوقۇم ئىسلام ئەخلاقىغا ئىگە بىر مۇھىتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجە بېرىشى ئىنتايىن قىيىن. شۇ سەۋەبتىن ئاتا-ئانا ۋە مەسئۇلىيەت ئىگىلىرىنىڭ بالىلارغا كۆز-قۇلاق بولۇش، ئۇلارنىڭ ئارىلىشىش مۇھىتىنى يىراقتىن كۆزىتىپ كونترول قىلىش ۋە ئىسلامىي ئەخلاققا زىت بولغان مۇئامىلە چەمبىرىكى شەكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسئۇلىيىتى بار.

بۇ ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش دەسلەپتە قىيىندەك بىلىنىسىمۇ، ئۆزىنى كونترول قىلىش، بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ئۆزگىرىش ئارقىلىق تەبىئىيلىككە ئايلىنىدۇ. ئەمما ئەخلاقنى شەكلىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق تىجارەت قىلمايلى! مەلۇم مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن

[1] سۈرە كەھف 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە تەۋبە 119-ئايەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەخلاقلىق ۋە مۇلايىم شەكىلگە كىرگۈزۈلۈپ، سىرتتىن قارىسا ناھايىتى ئېسىل ۋە چوڭ سۈپەت، ئەمما ئىچكى دۇنياسى ئەخلاقسىزلىق بىلەن چىرىگەنلەر، مۇئمىنلەر قاتارىدىن بولالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىنىش پۇرسەتلىرىنى بەرسۇن! ھاياتلىرىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىي رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا نېسىپ قىلسۇن!

## وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين

